

ئالبېرت فون لېكوك ( گېرمانىيە)

# شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

封面设计 王洋

## كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق يەتتە دۆلەتنىڭ ئارخېئولوگلىرى ئارقا - ئارقىدىن غەربىي يۇرتقا كېلىپ، يىپەك يولىنى بويلاپ قۇملۇق ئاستىدىكى قەدىمىي شەھەرلەرنى ئىزدەشكە باشلىغان، ئۇلار بۇ جەرياندا كۆپلىگەن تام رەسىملىرىنى، ھەيكەللەرنى، كۆرۈپ تۈگەتكۈسىز يىپەك رەختكە سىزىلغان رەسىملەرنى، قىممەتلىك قوليازمىلارنى ھەمدە سان - سىناقسىز ئاسارئەتىقىلەرنى يۆتكەپ كەتكەن.

فون لېكوك بۇ كىتابىدا شىنجاڭدىكى بايلىق ئىزدەش جەريانىنى ۋە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ يىپەك يولى بويىدىكى تەۋەككۈلچىلىك پائالىيەتلىرىنى جانلىق خاتىرىلىگەن. مەزكۇر كىتاب مول مەزمۇنلۇق تەۋەككۈلچىلىك ھېكايىسى بولۇپلا قالماي، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئېسىل تارىخىي خام ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئالبېرت فون لېكوك ( گېرمانىيە)

# شىنجاڭنىڭ يەرئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



**图书在版编目(CIP)数据**

新疆地理宝藏记/(德)勒柯克著;马合木提·外力等译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11
ISBN 7-228-08323-7

Ⅰ.新... Ⅱ.①勒...②马... Ⅲ.探险—新疆
—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.N82

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 085337 号

责任编辑:安尼瓦尔·沙比提
责任校对:木尼拉·木沙江
封面设计:王洋

**新疆地理宝藏记**
[德]阿尔伯特·冯·勒柯克 著
买买提·伊力
马合木提·外力 译

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 9.25 印张 2 插页
2003 年 10 月第 1 版 2003 年 10 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7-228-08323-7 定价:¥¥19.00

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

بىز تۇرپان بوستانلىقىدىن بايقىغان نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ رەسىملىرى بېرلىندىكى دىئېترىچ رېيمېر (Dietrich Reimer) نەشرىياتىنىڭ خالىس ياردىمىدە ئاشكارا نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ بۇ بايقاشلارغا بولغان قىزىقىشى كۈچەيدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى، دۆلەت مۇزېيى خىزمەتچىلىرىنىڭ دوستانە ھەمكارلىشىشى، نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىلىق، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سۈرەتكە تارتىلىپ ئارخىپقا ئېلىندى ھەم ئاشكارا كۆرگەزمە قىلىندى. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى جاپالىق خىزمىتىم ئۈچۈن ئېھيتقاندا، بۇ نەتىجە ھەقىقەتەن مۇكەممەل خاتىمە. دەرۋەقە، بەزىلەرنىڭ خىزمىتىمنى ئانچە چۈشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ دائىم چىگىش خىياللارغا پېتىپ قالىمەن.

بىز مىنىستىر بېكېر (Dr. Becker) نىڭ ياردىمىدە مۇزېي ئامبىرىدىن 115 ساندۇق تام رەسىمى ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقتۇق. بۇلار دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شۇ يەردە ساقلانغانىدى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قويىدىغان كۆرگەزمىخانىنى سېلىش تەييارلىقىمۇ باشلاندى.

دىئېترىچ رېيمېر نەشرىياتىدىكى كونا دوستلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ زور ياردىمىدە يەنە ئالتە پارچە رەسىملەر توپلىمىنى نەشر قىلدىم. ئۇلارغا ئىلگىرىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىمدە بايقىغان نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سۈرىتىنى كىرگۈزدۈم، كىتابىقا «يۇنانلى-

شىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئى-
(The Late Greco — Buddhist Art of Central Asia) «تى»
دەپ نام بەردىم. مەن ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم چىن دىلىمدىن
رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، ئىقتىساد كاساتلاشقان بۈگۈنكى
كۈندە، بۇ رەسىملەر توپلىمىنى نەشر قىلىشتا نۇرغۇن خەتەرگە
تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ۋاھالەنكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ئەڭ كۆپ
رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ كۆرگەزمە ئۇلارنىڭ ياردىمى بولغاچقىلا
ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلدى.

مەن يەنە ئىككى كىشىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىد-
مەن، ئۇلارنىڭ بىرى، ئاممىۋى پەن ۋە سەنئەت مائارىپ مى-
نىستىرى دوكتۇر بېكېر، يەنە بىرى، ئۇنىڭ ياردەمچىسى،
كونسۇل مەسلىھەتچىسى دوكتور گال (Gall). ئۇلار ئارزۇيۇم-
نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

مەن يەنە دۆلەت مۇزېيىنىڭ ئارخىتېكتورى ۋىللې (WillE)
ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق
كۆرۈشى بىلەن بىز نۇرغۇن كەسپىي بىلىم ۋە توغرا تەكلىپكە
ئىگە بولدۇق، شۇڭا بۇ كۆرگەزمە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بول-
دى.

بۇنىڭدىن باشقا، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى نۇرغۇن كى-
شىلەر بۇ ئىشقا بىۋاستە قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئېكسكۇرسىيە-
چىلەر ئارىسىدا ئۇلار بۇ ئىشقا يۇكسەك باھا بەرگەنلىكى ھەم
كۆپلىگەن كەسپىي تەكلىپ بەرگەنلىكىنى بايقىدۇق.

نيۇ - يوركتىكى مېتدو پولىتان مۇزېيىنىڭ شەرقىي ئاسىيا
تارمىقىنىڭ مۇدىرى بوش - رېيتز (S. C. Bosch — Reitz) ئەپەندى؛
لوندوندىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شەرقىي ئاسىيا مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلىغۇچى يۇمورفوپۇلوس
(Eumorphopoulos) ئەپەندى؛ دۆلەت مەسلىھەتچىسى دوكتور
لاسېر (Luther)؛ دوكتۇر سپېنگلېر (O, Spengler)؛

www.uyghurkitap.com

ئېكسپېدىتسىيە ئاۋانگارتىمىز سۋېن ھېدىن (Sven Hedin)؛
ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ جەسۇر ۋەكىلى سىر
سېتېئىن ئاۋرېل ستەيىن (Sir Aurel Stein)؛ بېرلىندىكى
پرۇسسىيە ئاكادېمىيىسىدىكى ئىدىشداشلار، بولۇپمۇ لى-
دېرس (Herren H. L ders)، مېيېر (Ed. Meyer)؛ مۇل-
لېر (F. W. K. Müller) ۋە فرانكى (O. Frankie)؛ خارىي
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى، يەنى كارو
(Herren Karo) ۋە ۋېبېر (W. Weber)؛ ئۇلاردىن باشقا يەنە
گوتتىنگېن (Gttingen)، ھامبۇرگ، خېيدېلبېرگ (Heidelberg)،
تېبىنگېن (Tbingen)، فرانكفورد، گرېيفسۋالد (Greifswald)،
كىنگسبېرگ (Knigsberg)، خارۋارد، يالې، كولۇمبىيە،
سۋېتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسورلار، بوداپېشت پەنلەر
ئاكادېمىيىسىدىكى كەسپداشلار، ئۇلاردىن باشقا لودوندىكى
سپىئېر (Spier) خانىم، نيۇ - يورك ۋە لوندوندىكى ياماناكا
(Yamanaka) ئەپەندى، بېرلىندىكى ۋورچ (Worch) ئەپەندى
قاتارلىق داڭلىق مۇتەخەسسىس - ئالىملار، مۇھىم يىغىپ ساق-
لاش ئورگىنىنىڭ ئىگىلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ
قېتىمقى كۆرگەزمە، مەيلى كۆرگەزمە قىلىنىغان مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى كۆرگەزمىنى تەشكىللە-
لەش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساق-
لاش، قوغداش جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى ياخشى بولدى،
دەپ ھېسابلىدى.

بىراق، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مۇتەخەسسىس، كە-
سپداشلارنىڭ ماختىشى كۆرگەزمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇ-
شى مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا بېرىلگەن قىسمەن تەسەللى، ئاۋام-
نىڭ ئىستىخىيىلىك دىققىتى ۋە قىزغىنلىقى تېخىمۇ مۇھىم.
ئۇلار بۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسى ئەمەس، بۇ قېتىمقى كۆرگەز-
مىنىڭ مەزمۇنىغا ئائىت كەسپىي بىلىمىمۇ يوق. بىز مەملىكەت
ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن ئېكسكۇرسىيىچى، ئەلۋەتتە

يەنە سېپى ئۆزىدىن بېرلىنلىقلار بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇلارغا بۇ بايقاشلار بىلەن ئالاقىدار مۇھىم ئۇچۇرلار ھەم بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مەلۇم بولغان يېڭى دۇنيانى تونۇشتۇردۇق. ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆزۈن سەپەرنىڭ تەپسىلاتىغا بولغان قىزىقىشى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن مەندە ئۇزۇن سەپەردە باشتىن ئۆتكۈزگەن جاپا - مۇشەققەت ۋە خۇشاللىقلار ئامىباب تىللار بىلەن خاتىرىلەنگەن بىر كىتاب يېزىش ئويى پەيدا بولدى. ئىلگىرىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن لېيپىز ھىنرىكس (J. C. Hinrichs) نەشرىياتى بۇ كىتابنى نەشر قىلىپ، مېنى ئوقۇرمەنلەرگە تەغدىم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ زېمىن ياۋروپالىقلار ئۈچۈن ئېيىتقاندا بەكمۇ يىراق، بەكمۇ چۆل ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، ئەمما ئۇ يەردە تارتقان جاپا - مۇشەققەتلەر، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەم تەكشۈرۈش مەزگىلىدە تونۇشقان دوستلار مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ كىتابتا يەرلىك تۈركىستانلىقلار ۋە خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇشى، شۇ يەرنىڭ تارىخى ۋە سەنئەت تەرەققىياتى خاتىرىلەنگەن. ۋەھالەنكى، ئاساسىي مەقسىتىمىز، ئوقۇرمەنلەرگە بىر قانچە قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي جەريانى ۋە نەتىجىلىرىنى ئۇقتۇرۇش.

بۇ كىتابنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇغۇللانغان ئىشىمىزنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلىسا، 4 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىمىزنىڭ جەريانى خاتىرىلەنگەن يەنە بىر كىتاب يېزىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئىنتايىن ئۆزگىچە سىياسىي مۇھىتقا توغرا كەلگەنىدى.

ئالبېرت فون لېكوك
بېرلىن داگلېم رايونى (Daglem)
1926 - يىلى كۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب مۇقەددىمە ........................ 1
تارىخىي ئەسلىمە ................................ 2
بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز توغرىسىدا ................ 16
رەسساملىقنىڭ بىرقانچە ئۇسلۇبى ................ 22
مانى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىسى ........................ 26
بوگوئىكى شىنجاڭ ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەر ........ 36
ئىككىنچى باب 2 - قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىش :
تۇرپاندىن قاراغوجىغىچە ........................ 57
يىراققا يۈرۈش قىلىشنىڭ باشلىنىشى .............. 58
رۇسىيەدىن جۇڭگوغىچە .......................... 66
تۇرپانغا قاراپ ئىلگىرىلەش ...................... 73
ئۈچىنچى باب قاراغوجىدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش (1)... 83
قوچو خارابىلىقىنى قېزىش ........................ 84
خىزمەت ۋە تۇرمۇش ............................. 94
ئۈچ مۇھەببەت قوشىقى ........................... 103
تۆتىنچى باب قاراغوجىدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش (2)... 111
تۇرمۇش خاتىرىلىرى .............................. 112
خىزمەتتىكى نەتىجىلەر ........................... 121
بەشىنچى باب سىڭگىم ئېغىزى، بېزەكلىك، چىكان كۆلى
ۋە تويۇق تاشكېمىرلىرى ......................... 131
سىڭگىم ئېغىزى تاشكېمىرلىرى ..................... 132
بېزەكلىك ــــ بېزەك شەھەر ....................... 133
چىكان كۆلى تاشكېمىرلىرى ......................... 147

تۇيۇق تاشكېمىرلىرى ........................ 148

ئالتىنچى باب قۇمۇلغا سەپەر ۋە تۇنجى قېتىم قەشقەرگە
بېرىش ........................ 163

قۇمۇل بوستانلىقى........................ 164

قەشقەرگە سەپەر ........................ 169

يەتتىنچى باب قەشقەر سەپىرى — گرۇنۋېدېل بىلەن
ئۇچرىشىش ۋە 3 - قېتىملىق سەپەرنىڭ
باشلىنىشى........................ 179

قەشقەرگە بېرىش ........................ 180

3 - قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىشنىڭ باشلىنىشى... 183

سەككىزىنچى باب قىزىلدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش ... 197

قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ ھالىتى ........................ 198

تام رەسىملىرىنى كېسىش ........................ 204

تاشكېمىردىكى كۆتۈلمىگەن ۋەقە........................ 208

تاشكېمىر توپىنى زىيارەت قىلىش ........................ 213

توققۇزىنچى باب كورلا — قارا شەھەر بوستانلىقىدىكى
خىزمەت ھەم قەشقەر سەپىرى........................ 231

شورچۇق تاشكېمىرلىرى........................ 232

قەشقەرگە قايتىش........................ 239

ئونىنچى باب ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈپ دۆلەتكە قايتىش... 247

ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈش........................ 248

شېرىنى قۇتقۇزۇش ........................ 261

شېرىر قەھرىمانلارچە ھايات قالدى ........................ 265

قايتىش سەپىرى........................ 269

قوشۇمچە : گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۇرپانغا تۆت قېتىم يۈرۈش
قىلغان ۋاقتى ۋە ماڭغان لىنىيىسى ........ 282

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## مۇقەددىمە



بېرلىن مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىدىكى بېزەكلىك تام رەسىملىرى

# تارىخي ئەسلىمە

يۇنان مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ باكتېرىيە (Bactia)[1] ۋە
ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا كىرىش سەۋەبىنى تەكشۈرمەك-
چى بولسىڭىز ، ئىمپېراتور ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىد-
شى شۈبھىسىزكى ، مۇھىم ئاچقۇچ . چۈنكى يۇنان ۋە ماكىدونىد-
يىنىڭ ياللانما ئەسكەرلىرى يەرلىكتىن ئۆيلىنىپ ، ئولتۇراقلىد-
شىپ قالغان . بۇ ئەھۋال شۇ جاينىڭ ئىرق قۇرۇلمىسىنى
ئۆزگەرتىپلا قالماي ، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ تەسىر كۆر-
سەتكەن . باكتېرىيەدىكى ھىندىلار[2] قىسقا مۇددەت قارشىلىق
كۆرسەتكەندىن كېيىن ، تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بولغان . شۇنىڭ
بىلەن بۇ رايوندا كۆپ ئىرق ، لېكىن يەككە مەدەنىيەت ، يەنى
يۇنان مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن . يۇنانلىقلارنىڭ ئۇستۇنلۇكىمۇ
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 130 ـ يىلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن
پارفىيان (Parthians)[3] لار ۋە ساك (Sacae)[4]لار تەرىپىدىن
بۆسۈپ تاشلانغان . ساكلارنىڭ كەينىدىن كۇشان (Kushans) لار
بېسىپ كىرگەن ھەم ھىندى دەريا ۋادىسى ، جەنۇبىي شىنجاڭ ،
غەربىي شىنجاڭ ۋە باكتېرىيەنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بۈيۈك ئىمپېرىيە[5] قۇرغان .

بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن
بۇرۇن ھىندى دىنى ھىندىستاندىن كابۇل دەرياسى بويىدىكى
ھىندىقۇش تاغ جىلغىسىغا تارقالغانىدى . بۇ رايون قەدىمدە گاندا-
را دەپ ئاتىلاتتى . يۇنانلىق تارىخشۇناس ھېرودود (Herodotus)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر پارس پادىشاھى شېرشېس (xerxes) نىڭ قوشۇنىدا گاندارالىقلار ياكى ئاپارىيىتاي (Aparytai) لار دەپ ئاتالغان.

بۇددا دىنى بۇ رايونغا تۇنجى قېتىم تارقالغاندا، بۇتنىڭ شەكلى تېخى بەلگىلەنمىگەنىدى. ھىندىستان سەنئەتكارلىرىنىڭ بۇددانىڭ ئوبرازىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشىنى سىناپ كۆرۈش ئىقتىدارى، جۇرئىتى يوق ئىدى. ئەمما، گاندارا سەنئەتكارلىرىدا ئارىلاشما قان سىستېمىسى بولغانلىقتىن، بۇددانىڭ ئوبرازىنى يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى ئاپوللو (Apollo) ۋە ھاراق ئىلاھى دىئونىسۇس (Dionysus) نىڭ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

گاندارا سەنئەتكارلىرى بارلىق شەكىلدىكى كلاسسىك رىۋايەتلەردىن پايدىلانغانلىقتىن، بۇ رايون بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ جەم ئىلاھ ئىبادەتخانىسىغا ئايلانغان ھەم ھىندىستاندىن ياۋاغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيىگىچە بولغان كەڭ رايوندىكى بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

ئەمەلىيەتتە، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن يۇنان مەدەنىيىتى ھەر قېتىم يۇنان تىلىنى ئىشلەتمەيدىغان ياۋايى مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقاندا بىر خىل يېڭى سەنئەت شەكلى بارلىققا كېلەتتى. غەربتە ئۇ خرىستىئان دىنى بىلەن ئۇچرىشىپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى خرىستىئان دىنى سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن؛ شەرقتە ئۇ بۇددا دىنى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەڭ دەسلەپكى بۇددا دىنى سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىككى خىل سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر بىز بۇددا دىنى سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسىلەرنى، مەسىلەن، بۇددا ياكى ھىندى ئىلاھىنى چىقى-

رىپ تاشلىساق، گاندارادا دائىم بايقىلىدىغان قاپارتما نەقىشلەر-
نىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى خرىستىئان دىنى تاش جەسەت ساند-
دۇقلىرىدىكى ئويمىلارغا بەك ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايمىز.

بۇ خىل سەنئەت I ئەسىردە بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن بۇددا دىنىنى گۈللەندۈرۈش بۇددا دەرمە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىككى يول بىلەن تۈركىستانغا كىرگەن. بىرى، باكتېرىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق كاشغەر (بۈگۈنكى قەشقەر)، يەركەنت (بۈگۈنكى يەكەن) ۋە خوتەنگە كېلىدىغان يول بىرقەدەر ئۇزۇن، ئەمما ئاسانراق يول ئىدى. يەنە بىر يول كەشمىردىن ئۆتۈپ قارا قۇرۇم تېغىدىكى ئېغىز ئارقىلىق ئوخ- شاش نىشانغا بارغىلى بولىدىغان يول ئىدى، بۇ يول كېيىنرەك ئېچىلغانىدى. ئەگەر بىرىنچى يول بىلەن ماڭسىڭىز بۇ خىل سەنئەتنىڭ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلى- قىنى، ئىككىنچى يول بىلەن ماڭسىڭىز ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقايسىز.

تۈركىستان زېمىنىدا بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ كەنتلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بەزى ئىبادەتخانىلار مۇداپىئەلىنىش ئىق- تىدارىنى ھازىرلىغان، ئادەتتە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. بەزىلە- رى تىك قىيالارغا، بەزىلىرى تۈزلەڭلىكلەرگە سېلىنغان؛ يەنە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئادەتتىكى ئىبادەتخانىلا- رمۇ بار بولۇپ، ئېگىز ۋە تىك تاغلارنىڭ تاش قاتلىمىغا قېزىل- غان.

كېيىنكىسىگە تەۋە بولغان بۇ قۇرۇلۇشلارنى ھىندى ئۇسلۇ- بىدا سېلىنغان دېگەندىن كۆرە پارس ئۇسلۇبىدا سېلىنغان دېگەن ياخشىراق. چۈنكى، بۇنداق تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلار ھىندىس- تاندا باكتېرىيە (ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى) دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدا قىزىلغان تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرى ئافغانىستاندىكى ئوخشاش تۈردىكى قۇرۇلۇشلارغا، مەسىلەن، بامىيان (Bamian) غا جايلاشقان غايەت زور تاش ئۆڭكۈرگە ئوخشايتتى، ئەمما ھىندىستاندىكى ئوخشاش تۈردىكى قۇرۇلۇشلارغا ئانچە ئوخشىمايتتى.

بۇ خىل تاش ئۆڭكۈرلەرنىڭ نامىنىڭ پارس يېزىقى ۋە ئافغانىستان يېزىقىدىكى باب كېلىدىغان خەتلىرىنىڭ سۆز مەنبەسى ئوخشاش. ئۇ ئافغانىستاندا «ھازار سائۇم» دەپ ئاتىلاتتى، بۇنىڭ قەدىمكى پارس تىلىدىكى مەنىسى «مىڭ ئېغىز ئۆي» بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «مىڭئۆي» (ming — öi) گە ئوخشاش ئىدى. ئوخشاش بولمىغان تاش ئۆڭكۈرلەر ئارىلىقى ئەڭ يېقىن شەھەر، بازارلارنىڭ نامىغا ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلگەن، شۇڭا قىزىل مىڭئۆيلىرى، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرى ھەم شورچۇق مىڭئۆيلىرى قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغان.

بۇددا دىنىنىڭ نۇرى مۇشۇ تاش ئۆڭكۈرلەردىن جۇڭگوغا تارقالغان. جۇڭگونىڭ غەربتىن تارقالغان دىن ئىلھامىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئەھۋالى دەل نەچچە ئەسىر كېيىن گېرمانلارنىڭ ئىرېلاندىيىدىكى ئىبادەتخانىلاردىن تارقالغان خرىستىئان دىنى نۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئوخشايتتى.

بۇددا دىنى ۋە سەنئىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە مانا مۇشۇنداق تارقالغان ھەم دۇنياغا داڭلىق «يىپەك يولى» نى بويلاپ داۋاملىق شەرققە تارقالغان. شىمالدا تەڭرىتېغىنى، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تېغىنى بويلاپ تارقىلىپ، تۇرپان بوستانلىقىدا ئۇچراشقان، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى (ھازىرقى قاراغوجا) ئەڭ مۇھىم مەركەز ئىدى. يۇنانلاشقان مەدەنىيەت جايلاردىكى ھىندى، ياۋروپا مىللەتلىرى رايونلىرىدىن ئۆتكەندە

ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە تولۇقلىنىپ مۇكەممەللەشكەن. يۇنانلاشقان مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل غەربتىن شەرققە كۆچۈشى دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت كۆچىشىنىڭ بىرى، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ھەرىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى ئىدى.

لېكىن، بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت كۆچۈشى ھەرگىزمۇ تۇنجى قېتىملىقى ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردە مەدەنىيەت غەربتىن يىراق شەرققە كۆچكەن. شۇ ۋاقىتتا رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ياۋروپا مىللىتى، يەنى جۇڭگولۇقلار ئېيتقان ياۋچىلار⑥ (كېيىن يەنە تىلغا ئېلىنىدۇ) ھازىرغىچە تېخى ئېچىلمىغان يولنى بويلاپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى يول بىلەن مېڭىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېپتالىت (Scythianart) مەدەنىيىتىنى پونت (Pontus) ئارقىلىق موڭغۇللارغا يەتكۈزگەن.

كېيىنكى ئارىيان (Aryan) لارنىڭ چوڭ كۆچۈشى مەدەنىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ بۇ قېتىمقى داغدۇغىلىق چوڭ كۆچۈشى داۋامىدا ھۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى — ئىراندىكى ئالان (Alani) لار گوتلار (Goths) نى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. كېيىن ئالانلارنىڭ زور قوشۇنى گېرمانلار بىلەن بىرلىشىپ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ، ھەر قېتىمدا غەلىبە قىلغان. بۇ ھەربىي يۈرۈشلەر داۋامىدا ئۇلار مۇقەررەر ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ساسانىي (East Sassanian) خانىدانلىقىدىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياۋروپاغا ئېپكەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياۋروپادىكى گېرمانلار دۆلىتىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان مەدەنىيەتكە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ مەدەنىيەت يادىكار-

www.uyghurkitap.com

لىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قورال - ياراغ، كىيىم - كېچەك ۋە دەپىنە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملار ئىدى.

ئاخىرقى قېتىملىق شەرقتىن غەربكە كۆچۈشنى موڭغۇللار قوزغىغان. ئۇلار ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، جايلارغا ئۆتەڭ قۇرۇپ، بېيجىڭ بىلەن ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرماقچى بولغان. بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەرىكەت سىبىرىيە تۆمۈر يولىدا پويىز قاتنىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشقا ئاشقان. موڭغۇللار ۋە ئۇلار-نىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بارغانلا يېرىنى ۋەيران قىلغان بولسى-مۇ، ئەمما شەرقنىڭ ھەر خىل نەرسىلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان، جۇڭگونىڭ تەسىر كۈچىمۇ تۇنجى قېتىم ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا سىڭىپ كىرگەن. بۇ ۋاقىتتا جۇڭگولۇقلار ئىجاد قىلغان مەتبەئە تېخنىكىسى (ئىنتايىن ئىپتىدائىي بولسىمۇ) بۇ ۋاقىتتا ياۋروپاغا تارقالغان، بۇلار مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. موڭغۇللار ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان بۇ ئاددىي تېخنىكا كېيىن گوللاندىيىلىكلەر بىلەن گېرمانلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكى-سىنى ياخشىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

قۇدرەتلىك پادىشاھلىقلارنىڭ پادىشاھلىرى ھەر قېتىم جۇڭگوغا يۈرۈش قىلغاندا سودىگەرلەر ئۆتىدىغان يول بويىدىكى دۆلەتلەردە قوشۇن تۇرغۇزۇپ، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپا-لەتلىك قىلغان، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگومۇ يول بويىدىكى نۇرغۇن كىچىك دۆلەتلەرنىڭ مېتروپولىيىسى بولۇپ قالغان. ئەمما، جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچى قۇدرەتلىك بولسىمۇ، بىز بۇ بېقىندى مىللەتلەرنىڭ بىناكارلىق، رەسساملىق ياكى ئويمىچىلىقىدىن جۇڭگونىڭ ھېچقانداق بىر تەسىرىنى بايقىمىدۇق. ئۇلارنىڭ سەنئەت شەكلى ئەكسىچە ھىندىستان ياكى ئىراننىڭ كېيىنكى

مەزگىللەردىكى كلاسسىك شەكلىنى نامايەن قىلغان.

شۇڭا، بىز V ئەسىردىن بۇرۇن جۇڭگونىڭ ھەرقانداق سەنئەت شەكلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇ مىللەتلەر كلاسسىك سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ئىزدىگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ رايوننى شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتاش مۇۋاپىق بولمىغان، چۈنكى شۇ جايدىكى مۇستەملىكە قىلىنغان ئاھالىلەر ھىندى، ياۋروپا مىللەتلىرىگە تەۋە، غەرب ۋە جەنۇبتىكى قەشقەر رايونىدىكى ئاھالىلەر ئىران قان سىستېمىسىغا تەۋە بولغان ساكلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبتىكى چېگرىدىن شىمالدىكى لوپنورغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىلار ياشايتتى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىن ئالغا ئىلگىرىلەپ تاغ - داۋانلاردىن ئاشقان ھەم يەرلىك تىبەتلەر بىلەن نىكاھلانغان. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ چىراي - تۇرقى شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخشۇناسلىرى ئۇلارنى شەرقىي ئاسىيالىقلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ[8]. شىمالىي چېگرىدىن كۇچاغىچە، بەلكىم يەنە شەرقتە قۇمۇلغىچە بولغان رايوندا ئىران سىستېمىسىغا تەۋە سوغدىلار (Sogdians)[9] ئولتۇراقلاشقان، سەمەرقەنت ۋە بۇخارالار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرى بولۇپ، قەدىمكى سوغدى ئۆلكىسىدىكى داڭلىق شەھەرلەر ئىدى.

كۇچادىن تۇرپانغىچە بولغان رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سىنىپ ئالاھىدە ئىرق، يەنى ھىندى - ياۋروپا تىلىنى قوللىنىدىغان تۇخار (Tochari) لار ئىدى! ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ تىلى ئارىئان تىل سىستېمىسىدىكى ياۋروپا تىل تۈركۈمىگە تەۋە ئىدى. ئۇلار «بىر يۈز» نى «kand» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتايتتى. بۇ لاتىن تىلىدىكى «centum» بىلەن ئاھاڭداش ھەم
مەنىداش ئىدى.

بۇ مىللەتنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىياغا قانداق
قىلىپ كېلىپ قالغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ. ئەمما، تەڭرىتېغى-
نىڭ شىمالىدا ئوت - چۆپ بولۇق، سۇ مول بولغاچقا، كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ماكانى ئىدى. بىز بۇ
يەردە نۇرغۇن قەبرىنى بايقىدۇق، قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە قوپال
ياسالغان تاش ھەيكەللەر تىكلەپ قويۇلغان. بۇ قەبرىلەرنى كولى-
غاندا برونزا دەۋرىدىكى بۇيۇملارنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇ بۇيۇم-
لار جەنۇبىي رۇسىيە ئوتلاقلىرى ۋە قىرىم (Crimea) دىن
چىققان سكىفىيە مەدەنىيىتىگە تەۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار بىلەن
ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قەبرە ئۈستىدىكى تاش ھەيكەل-
لەرمۇ جەنۇبىي رۇسىيە تاش ھەيكەللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
ئىگە.

بۇ قەبرىلەر ئەيسا دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ياۋروپادىكى
مەلۇم بىر قەبىلە (ياۋچىلار بولۇشى مۇمكىن)⑩ نىڭ جۇڭگوغا
ئاتلانغانلىق ئىزلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جۇڭگو ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تەخ-
مىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردە ياۋچىلار (ئوقيا
ئىشلىتىدىغان ئات ئۈستىدىكى مىللەت)⑪ دەپ ئاتىلىدىغان مىل-
لەت جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى يايلاقلارنى بويسۇندۇرغان
ھەم توختىماي ئىلگىرىلەپ، خېتاۋغىچە كەلگەن. لېكىن، مىلا-
دىيىدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 170 - يىلى ھۇنلار بىر قېتىم-
لىق جەڭدە ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلغان ھەم ئۇلارنى غەربكە
قوغلىۋەتكەن. ئۇلار ئىلى دەرياسى جىلغىسىغا كېلىپ، شۇ
ۋاقىتتا يەنىلا سۇ، ئوتنى قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىۋاتقان ساك-

لارنى مەغلۇپ قىلغان ھەم ئۇلارنى غەربكە قوغلىۋەتكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ناھايىتى تېزلا غەربكە قاچقان، چۈنكى ئۇلارنىڭ كونا دۈشمىنى ئۇلارغا شەرقتىن ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قىلغان. زەنجىرسىمان ئىنكاس ئاستىدا ساكلار باكتېرىيەگە كەلگەن ھەم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 135 ـ يىلى بۇ يەرنى ئىگىلەپ يۇنانلىقلارنىڭ باكتېرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن.

كېيىن ياۋچىلارمۇ كەلگەن، ئۇلار ھىندىستان ۋە شىستان (Sistan) نى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، باكتېرىيە ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا زور ئىمپېرىيە قۇرغان، بۇ ئىمپېرىيە V ئەسىرگىچە داۋاملاشقان[12]. ساكلار بىلەن ياۋچىلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ياۋچىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان كۇشانلار بۇددا دىنى ۋە سەنئىتىنى ئىنتايىن ئەزىزلىگەن ۋە ياخشى كۆرگەن.

بىزنىڭچە، ئالدىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن توخارلار تۈركىستاندا تۇرۇپ قالغان ياۋچىلارنىڭ ئەۋلادلىرى[13].

بىز تام رەسىملىرىدىكى كۆك كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق ياۋروپالىقلارنىڭ رەسىملىرىنى بۇ كىشىلەر بىلەن باغلايمىز، شۇنداقلا ئۇلارنى بۇتخانىلاردىن بايقالغان نوم سۆزلىرى، قولىيازمىلاردىكى ياۋروپا يېزىقى بىلەن باغلايمىز، توخار تىلى (Tocharish) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى ئېنىق ئىسپات بولالايدۇ[14].

تەخمىنەن 760 ـ يىللار ئەتراپىدا تۈركلەر ھەرقايسى بوستانلىق دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قوزغىغان. تۈركلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر (Uighurs) لار نىڭ جەڭدىكى ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكى ماھارەتلىرى ئۈستۈن بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىنى ھەم ئىدىقۇتنى، يەنى يىپەك يولىنىڭ مەركىزىنى

ئوڭۇشلۇق بويسۇندۇرۇپ، پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك يەرگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارمۇ يەرلىكنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان.

ئەمما، ئۇلارنىڭ پادىشاھى يەنىلا مانى دىنى (Manichæan) غا ئېتىقاد قىلغان، بىر قىسىم پۇقرالىرى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. شۇڭا، بىز بۇ كىشىلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاش غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە مىللەت دەپ قارىشىمىز كېرەك⑮.

ئۇلارنىڭ ئۈچ چوڭ دىنى — بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ مەنبەسى غەرب دۇنياسىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ سوغدى يېزىقىمۇ غەربنىڭ ھام - سام تىلى سىستېمىسىدىن كەلگەن، ئۇلار غەربلىكلەرنىڭ قومۇش قەلىمى بىلەن خەت يازاتتى. بىلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرىمۇ ئوخشاشلا غەربتىن كەلگەن. جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى، ئېنىقكى تاشقى ئامىل. مەسىلەن، ئۇلار چوكا بىلەن تاماق يەيتتى، سىياھدان ئىشلىتەتتى، يۇڭ قەلەم بىلەن خەت يازاتتى. ئۇلار كىيىم - كېچەك جەھەتتە ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا تۈركلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان، لېكىن پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقا مۇددەتتىلا، يەنى 200 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئۇلار پۈتۈن چېگرىنى بويسۇندۇرغان ھەم بۇ يەردە ئەسلىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشقان. X ئەسىرگە كەلگەندە بۇ يەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق تۈركىستان، يەنى تۈركلەر ماكانىغا ئايلانغان ھەمدە ئۇلار يەنە

ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرغان.

لېكىن، ئىرق جەھەتتە ئۇلار شەرقىي ئاسىيا ئىرقىغا تەۋە، چىرايى جۇڭگولۇقلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش قوبۇل قىلغان مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھلارنىڭ كلاسسىك بەش ئەزاسىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدا شەرقىي ئاسىيا ئىلاھىنىڭ ئۆلچەملىك يۈزىگە ئايلانغان.

ئەمما، IX ئەسىردە ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. بۇ ۋاقىتتا ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسى شۇ ۋاقىتتىكى قۇدرەتلىك قىرغىز (Kirghiz) لار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. ئۇلار چىڭگىزخان (Jenghiz Khan) باش كۆتۈرۈپ چىققانغا قەدەر جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنىلا باش كۆتۈرۈپ تۇرغان.

چىڭگىزخان چۆللۈكتە باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ تەڭداشسىز قەھرىمانغا بويسۇنغان ھەم موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا مۇستەقىل پادىشاھلىق سۈپىتىدە بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن.

ئۇيغۇرلار مانى دىنى مۇرىتلىرى ئارقىلىق، مانى دىنىنىڭ ئىنتايىن مەشھۇر دىنىي رەسىم سەنئىتى بىلەن تونۇشقان. بۇ خىل سەنئەتنى ساسانىي پادىشاھلىقىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى كلاسسىك سەنئەت ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي رەسىملىرىدە دائىم كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي رەسىملىرىدە پارسلىق پېشۋالار قالدۇرغان قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغان.

موڭغۇللار ئۇيغۇرلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرقەدەر ئىلغار غەرب مەدەنىيىتىگە ھەم مانى دىنى مەزھىپىنىڭ رەسىم ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغان، شۇنداقلا جۇڭگونى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇنى جۇڭگوغا ئەكىرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ رەسىم مەزھىپىنى شەرقىي ئاسىيادا تەسىرگە ئىگە قىلغان. كېيىن موڭغۇللار پارسنى بويسۇندۇرغان ھەم يەرلىك ئاھالىنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئۇسۇل بىلەن يوقاتقان، شۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار مۇكەممەللەشتۈرگەن پارس سەنئىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. كېيىن بۇ سەنئەت پارس ۋە ھىندى ئىسلام دىنى نەپىس رەسىم مەزھىپىنىڭ ئىلھام مەنبەسى بولۇپ قالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى جەھەتتە، X ئەسىردىن بۇرۇن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى قەشقەردىن چىقمىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا قىزىقمىغان. خوتەن بىلەن كۇچادا بۇددا مۇرىتلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن ئەرەبلەر ۋە پارسلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلغان، موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شەرقىي قىسىم شەھەرلىرىدە، مەسىلەن، تۇرپاندا بۇتخانىلار بىلەن مەسچىتلەر تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئەمما، ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىگە، بولۇپمۇ سەنئىتىگە يەنىلا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

تېخىمۇ مۇھىمى، جۇڭگودىن پارسقا بارىدىغان دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇرۇقلۇق سودىسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەن، يىپەك يولىنىڭ مۇھىملىقىمۇ ئاجىزلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرا ئىچىدە موڭغۇللارنىڭ جازا يۈرۈش قىلىشى تۈپەيلىدىن نوپۇس ئازلاپ كەتكەن، مەدەنىيەتمۇ خاراب بولغان. چىڭگىزخان قوشۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قورال تۇتالىغۇدەكلا تۈركلەرنى قوشۇنغا قوبۇل قىلغان، قېپقالغانلىرى قېرى، ئاجىزلار بولۇپ، ئۇلار سۇغۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان، بولۇپمۇ بۇ يەر قۇرغاق، تاقىر جايلار بولغاچ-

قا، دېھقانچىلىقتا پۈتۈنلەي سۇغۇرۇشقا تايىنىدىغان بولغاچقا، ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشقان، شۇڭا ئۇلار كۆپ كۆچ سەرپ قىلىنمايدىغان جايلارغا يىغىلىپ تېرىقچىلىق قىلغان. مۇنبەت ئېتىزلار تاشلىنىۋېتىلگەچكە، چۆللىشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باش-قا، كۆچمە قوم بارخانلىرىمۇ مۇنبەت يەرلەرنى بېسىپ كەتكەن، دەريا - ئېقىنلارمۇ قۇرۇپ كەتكەچكە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاش-قان. يۇقىرىقى ئەھۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ياقىلىرىدا تېخىمۇ ئېغىر بولغان.

X ئەسىرگە كەلگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى تېخىمۇ خارابلاشقان. بۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭ چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي (Jagatai) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى ھەم كۈنسېرى چىرىكلە-شىۋاتقان بۇ پادىشاھلىققا بويسۇنۇپ كەلگەنىدى. XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى سەمەرقەندتىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەن ھەم ئۇ يەردە بايلىق ۋە ئورۇنغا ئېرىشكەندىن كېيىنلا بۇ خىل ۋەزىيەت ئۆز-گەرتىلگەن.

ئۇلار خوجا (Khojas)[16] نامىدىن پايدىلىنىپ تەدرىجىي بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ بىر - بىرىنى چەتكە قېقىپ جان تىكىپ ئېلىشقان، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق بىر مەزھەپ جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قالماق (Kalmack)[17] لارنىڭ ياردىمىدە قەشقەرنى ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، دىنسىز قالماقلارنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلانغان. لېكىن، كېيىن قالماقلار جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان.

خوجا غەربىي چېگرىغا قېچىپ كەتكەن ھەم قوقەنت

(Khokand) گە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، جۇڭگودىن قۇتۇلۇپ مۇستە-
قىل بولۇشقا ئۇرۇنغان، لېكىن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نە-
تىجىسى ئاخىرقى ھېسابتا غىل - پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولغان.
گېرمانىيىلىك ساياھەتچى ئادولف ۋون سىلاگىنتۋېت
(Adolf Von Schlagintweit)[18] ۋەلىخان (Wali Khan Tura)[19]
ئاسىيلىق قىلغاندا قەشقەرگە كەلگەن ھەم چوڭ قىرغىنچىلىقتا
ئۆلتۈرۈلگەن.

ئارقىدىنلا تۇڭگان (Tumgans) لار ئاسىيلىق قىلغان،
مالىمانچىلىقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. جۇڭگولۇقلار ئارقا -
ئارقىدىن مەغلۇپ بولغاچقا، بۇزرۇك خوجا (Khoja Buzurg)[20]
ئاخىر 1864 - يىلى قوقەنتتىن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ كەلگەنلەر 50 كىشىگە يەتمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
ياقۇپبەگ (Yakub Beg) ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ
كېيىن رۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەمەلىي كۆچىنى نامايەن
قىلغان.

ياقۇپبەگ ياش ۋاقىتلىرىدا تۇرمۇشنىڭ قىستىشى بىلەن
ئۇسسۇل ئويناش، مايمۇن ئويۇنى كۆرسىتىش بىلەن تىرىكچى-
لىك قىلغان. لېكىن، ئۇ زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان،
شۇنداقلا تەدبىرلىك بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇ-
رۇپ، خوجا ۋە ئۇنىڭ يانتاياقلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، جەنۇ-
بىي شىنجاڭنىڭ خوجىسى بولىۋالغان. ئۇ ئۇرۇش مالىمانچىلى-
قى ئۈزۈلمىگەن زېمىندا تەرتىپنى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەل-
تۈرگەن، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي
جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرالمىغان. 1877 -
يىلى چىڭ قوشۇنى تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ ھالى-
دىن كەتكەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغان ھەم ئۇنى مەغلۇپ قىل-

غان. ياقۇپبەگ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ھەر يانغا سەرسان بولۇپ كەتكەن، جەنۇبىي شىنجاڭ قايتىدىن جۇڭگوغا تەۋە بولغان.

## بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز توغرىسىدا

بىز تېتىقسىز بىر قانچە جۈملە سۆزنى مۇقەددىمە قىلدۇق. «بېرلىن مىللەتشۇناسلىق مۇزېيى» (Berlin Ethnological Museum) ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت گۇرۇپپا ئېكسپېدىتسىيە ئەۋەتتى.

1 - تۇركۇمدىكىلەر پروفېسسور گرۇنۋېدېل (Albert Grünwedel) ۋە دوكتور خوت (Dr. George Huth) نىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرپانغا باردى. ئۇلار تۇرپان بوستانلىقىدا 1902 - يىلى 11 - ئايدىن 1903 - يىلى 3 - ئايغىچە پائالىيەت ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە بېرىش - كېلىش سەپىرىگىلا نۇرغۇن ۋاقىت كەتتى. ئۇلار 46 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىقنى ئېلىپ كەلدى، ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 37.5 كىلوگرام (تەخمىنەن 82 قاداق) كېلەتتى.

مەن 2 - تۇركۇمدىكى ئېكسپېدىتسىيىگە مەسئۇل بولدۇم، بىز 1904 - يىلى 9 - ئايدىن 1905 - يىلى 12 - ئايغىچە تۇرپان بوستانلىقى ۋە قۇمۇل رايونىنى قىدىرىپ تەكشۈردۇق. 103 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتتۇق. ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 100 كىلوگرامدىن 160 كىلوگرامغىچە (220.5 قاداقتىن 331 قاداققىچە) كېلەتتى.

3 - قېتىملىقى 2 - قېتىملىقىنىڭ داۋامى ئىدى. بۇ قېتىم

بىزگە قەشقەردە گرۈنۋېدېل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى پوت (Referendar, H. Pohrt) قوشۇلدى. بۇ سەپەر 1905 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1907 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە داۋاملاشتى. شۇ ئارىدا، يەنى 1906 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا مەن گرۈنۋېدېلنى قارا شەھەرگە تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىمگە قايتتىم ھەم 1907 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېرلىنغا يېتىپ كەلدىم. گرۈنوۋېدېل شۇ يىلى 6 ـ ئايدا دۆلەتكە قايتتى. بىز كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان ۋە قۇمۇلدا قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. مەدەنيي يادىكارلىقلار قاچىلانغان ساندۇق 128 گە كۆپەيگەندى. ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 70 كىلوگرامدىن 80 كىلوگرامغىچە (154.5 قاداقتىن 176.5 قاداققىچە) كېلەتتى.

4 ـ قېتىملىق سەپەر 1913 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1914 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. ئەترەتكە بۇ قېتىممۇ مەن باشچىلىق قىلدىم. بىز 156 ساندۇق مەدەنيي يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتتۇق، ھەربىر ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 70 كىلوگرامدىن 80 كىلوگرامغىچە كېلەتتى.

بىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئېنژېنېرىمىز دېئودور بارتۇس (Theodor Bartus) ئەپەندىمۇ 4 ـ قېتىملىق سەپىرىمىزگە قاتناشتى. 3 ـ قېتىملىق سەپىرىمىزگە ئوخشاشلا 4 ـ سەپىرىمىزدىمۇ كۇچا ۋە بارچۇق بوستانلىقىنى تەكشۈردۇق.

تۆۋەندە مەن بۇ بىر قانچە قېتىملىق سەپىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە، ياپونىيە ئەۋەتكەن يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

رۇسىيىلىكلەر ئەترىتىدە نېمىس ـ رۇس شالغۇتى دوكتور رېگېل (D. A. Regel) 1878 ـ يىلى تۇرپانغا كەلگەن، ئۇ

1604 - يىلى، بېنوئىت دېگويس (Benedict Goes[21]) تىن كېيىن بۇ زېمىنغا قەدەم قويغان تۇنجى ياۋروپالىق ئىدى. ئۇ تۇرپاننىڭ يېنىدىكى ئىدىقۇت كونا شەھىرىگە ئالاقىدار نۇرغۇن ماتېرىياللارنى، يەنى بۇ شەھەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ بۇ يەرنى ئاخىرقى مەزگىللەر-دىكى رىم ئىمپېرىيىسى ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچقان يەر، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (Sven Hedin) كەلدى، ئۇ باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان باتۇرلۇقى ۋە نەتىجىلىرى بىلەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگۈچى ئاۋانگارت بولۇپ قالدى.

رۇسىيىلىك 1898 - يىلى كېلېمېنتس (D. Klements) نى تۇرپانغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمىدى، لېكىن ئۇ بۇ يەر قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مەركىزى، بىر قەدەر غەربىتىكى بوستانلىق، كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇزغۇن-چىلىقىغا ئانچە ئۇچرىمىغان، دەپ قارىدى. چاغاتاي (Jagatai) خانلىقى دەۋرىدە، يەنى XVI ئەسىردە بىر ۋاڭ غەربىتىكى بوستان-لىقتا كەڭ - كۆلەمدە قەبرە قېزىپ، نۇرغۇن مەدەنىي يادىكار-لىقلارغا ئېرىشكەن. بىز دېنىسون روس (Denison Ross) نىڭ «تارىخىي راشىدى» (Tarikh—i—Rashidi) دېگەن ئەسىرىدىن بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن، غەربىي جەنۇبتىن ۋاز كې-چىپ، كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان شەرقىي شىمالغا ئىلگىرىلەشنى قارار قىلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا رۇسلارنىڭ پوش-تىدىن بولغان ئاكا - ئۇكا گرۇم — گرژىمەيلو (Grum—Gržimailo) لارمۇ بۇ رايوننى تەكشۈرگەن ھەم كىتاب نەشر قىلىپ نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلغان.

فرانسىيىلىك گرېنارد (Grenard) بىلەن رىنس

(Dutreuil Rhins) لارمۇ شىنجاڭدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغانىدى. كېيىن رىنس زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاد. لىقتىن تەكشۈرۈش پائالىيىتىمۇ ئاياغلاشقان. بۇ بىر قانچە قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىلەر ئىچىدە ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىند. دىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئەنگلىيىلىك ئېكس. پېدىتسىيىچى سىر ستەيىن (Sir Marc Aurel Stein) مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ستەيىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىدار. لىق جۇغراپىيىشۇناس ۋە ئېتنولوگىيىشۇناس ئىدى. ئۇ بىر قانچە قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتىگە، بولۇپمۇ شىنجاڭ. نىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىگە رىيا. سەتچىلىك قىلدى. ئۇ دۇنخۇاڭدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تام. نىڭ ئىچىدىكى نومخانىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىنتايىن ئەتىۋار. لىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تاپتى.

1906 - يىلدىن 1909 - يىلىغىچە فرانسىيىلىك پائۇل پېللىئوت (Paul Pelliot) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترد. تىمۇ زور ئۇتۇققا ئېرىشتى. ئۇمۇ ئوخشاش بىر نومخانىدىن زور تۈركۈمدىكى قوليازما ۋە رەسىملەرنى تاپتى.

رۇسىيىلىك بېرېزوۋسكىي (Berezowsky) نىڭ ئېكسپې. دىتسىيە ئەترىتىنىڭ پائالىيەت ۋاقتى بىزنىڭ 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ۋاقتىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنىمۇ كۇچا بوستانلىقى ئىدى. كېيىن رۇسىيىلىك مەسلىھەت. چى ئولدېنبورگ (Sergins von Oldenburg) مۇ ئۇلۇغ ساياھىتىنى باشلىدى، ئۇ نەتىجىلىرىنى ئۆزى نەشر قىلدۇرغان ئەسەردە بايان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ قارا شەھەر ۋە تۇرپان بوستانلى. قىغا دائىر ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئۆزگىچە تەرەپلىرى بار ئىدى.

ياپونىيىلىكلەر جەھەتتە، ئوتانى كورى ۋە تاجىۋانازىچاۋدىن
ئىبارەت ئىككى راھىب[22]مۇ زور تۈركۈمدىكى ئەدەبىيات ـ سەنـ
ئەت بايلىقلىرىنى ياپونىيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا
يوشىكاۋا شوئىجىرومۇ بۇ رايوندا بىر مەزگىل خىزمەت قىلدى،
ئۇمۇ بىرمۇنچە نەرسىلەرگە ئېرىشتى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بىر قانچە قېتىملىق
ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىلىرى بىر ـ بىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى
تولۇقلاپ، كىشىنى رازى قىلارلىق بولدى. ئەمما، بىز بېرلىندا
ساقلانغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ ئوتـ
تۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى
تەتقىق قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ
تۆھپە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزگە تەۋە بولۇشى كېرەك دەپ
ئويلايمەن، تام رەسىملىرىنى كېسىپ، ساندۇقلارغا قاچىلاپ
بېرلىنغا ساق ـ سالامەت يەتكۈزگەنلىكىمىزنى بىلىدىغانلار بار.

سىر لايارد (Sir Austen Henry Layard)[23] نىنىۋېي خارابىـ
لىقىنى تەكشۈرگەندىن بۇيان، مۇھىملىق جەھەتتە بىزنىڭ بۇ
قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىمىز بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ئېكسـ
پېدىتسىيە نەتىجىسى يوق. چۈنكى، بىز بۇ يەردە يېڭى نەرسەـ
لەرنى بايقىدۇق. بىز VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن،
ئاتالمىش تۈركىستاننىڭ تۈركلەرنىڭ ماكانى ئەمەسلىكىنى بايقىـ
دۇق. شۇ چاغلاردا يىپەك يولىنىڭ بويىدا ھىندى ـ ياۋروپا
تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ھەم پارسلار، ھىندىلار، ھەتتا
ياۋروپالىقلار ياشايتتى. ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ناـ
مىلا ساقلىنىپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ تېخى نامىمۇ يوق بولۇپ،
قولىيازمىلاردا بايقالغان. بۇ قولىيازمىلار بېرلىنغا يەتكۈزۈلۈپ
ئوقۇلدى، تەرجىمە قىلىندى ھەم ئىلمىي تەتقىق قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. 24 خىل قولىيازما ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان 17 خىل تىل بار ئىدى.

بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن نوم قولىيازمىلىرى بار بولۇپ، بىزنى بۇددا دىنىغا قارىتا پۈتۈنلەي يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلدى. بىز يەنە سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن سۈرىيە نېستورى دىنى (Nestorian—Syrian)[24] ئىبادەت رىسالىسى ھەم سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان نېستورى دىنىغا ئالاقىدار نۇرغۇن قولىيازمىلارنى بايقىدۇق.

بىز تەكشۈرگەن تۇرپان بوستانلىقى يامغۇر ئاز ياغىدىغان جاي بولغاچقا، پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ قالغان مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇن ھۆججەتلەر قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقتى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ يېزىلىشى رەتلىك، قەغىزى ياخشى بولۇپ، ئادەتتە ھەر خىل رەڭدىكى سىياھلار بىلەن يېزىلغان. خەتلىرى چىرايلىق بولۇپ، مانى دىنىغا ئالاقىدار مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىز بۇ دىنىي مەزھەپ كىتابلىرىدا كاتتا زىننەتلەنگەن، كۆرۈپ تويمايدىغان بىرقانچە بەت نەپىس رەسىمنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ تۆھپە پروفېسسور موللېرغا مەنسۇپ، ئۇ بۇ خەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوقۇدى ھەم مەنىسىنى يەشتى. بۇ ھۆججەتلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارس يېزىقى ۋە باشقا ئىران دىئالېكتى، بولۇپمۇ سوغدى دىئالېكتى بىلەن يېزىلغان. كېيىن بۇ ھۆججەتلەر تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەم ئاخىرقى يىللاردىكى سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان. تېخىمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە سوغدىلار مۇشۇ خىل يېزىق بىلەن قەدىمكى ھۆججەتلەرنى يازاتتى.

مانى دىنى ھۆججەتلىرىنىڭ بايقىلىشى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى كاتتا ئىش. مانى دىنى بۇرۇنقى دەۋرلەردە شىمالىي

ئافرىقا، جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقال-
غان. لېكىن، خرىستىيان مۇرىتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئۆچمەن-
لىك بىلەن قاراپ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتىن، مانى دىنى ھۆج-
جەتلىرى ۋەيران بولغان.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ رايوندىكى ھىندى – ياۋروپا
مىللەتلىرىنىڭ شۇنچە يىراقتىن شەرقىي ئاسىياغا بۇددا دىنىدىن
باشقا يەنە بۇددا سەنئىتىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز.
باكتېرىيە ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىن كەلگەن بۇ سەن-
ئەتنىڭ مەنبەسى كېيىنكى دەۋردىكى كلاسسىك يۇنان سەنئىتى
ئىدى. بىزنىڭ ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىمىز يىراق شەرقنىڭ
مەشھۇر بۇددا سەنئىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سەن-
ئىتىگە ئوخشاش يۇنان مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغانلىقىنى ئىس-
پاتلىدى.

## رەسساملىقنىڭ بىرقانچە ئۇسلۇبى

گرۇنۋېدېل كۇچا بوستانلىقىدا بايقالغان رەسىملەرنى ئۇس-
لۇب بويىچە بىرقانچە تۈرگە ئايرىغان. ئۇ بۇ رەسىملەرنى كۇچا-
دىكى قىزىل، قۇمتۇرا ۋە كىرىشتىكى مىڭئۆيلەردىن تېپىلغان
رەسىملەر؛ كورلىدىن قارا شەھەر، شورچۇقىچە بولغان بوستان-
لىقتىن تېپىلغان رەسىملەر ھەم تۇرپاندىن ئىدىقۇت، تۇيۇق،
سىڭگىم ئېغىزى، بېزەكلىككىچە بولغان جايلار ۋە چىكان كۆل-
دىن تېپىلغان رەسىملەرگە ئايرىغان.

لېكىن، بۇنداق تۈرگە ئايرىشنى پەقەت رايون خاراكتېرلىك
دەپ قاراشقىلا بولىدۇ، بۇ رەسىملەرنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com

بىلمەيدىغانلىرىمىز چەكلىك. گرۋنۋېدېل سىرتتىن كەلگەن مىل-
لەتلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى مۇقەررەر ھالدا
رەسىم ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ
قارىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە رەسىم ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىدە
باشقا سەۋەبلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئوخشاش بولمى-
غان (ياكى ئوخشاش بولغان) دەۋرلەردە ھىندىستان ۋە ئىراندى-
كى بۇددا دىنى رايونلىرىدىن كەلگەن راھىبلار جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىكى ئىبادەتخانىلاردا تۇرسا، سىرتتىن كەلگەن بۇ كىشىلەر
يۇرتلىرىنىڭ رەسىملىرىنى ئالغاچ كېلىشى مۇمكىن ھەم داۋام-
لىق بۇ خىل رەسىم ئۇسلۇبىنى ئىشلىتىپ قورال - ياراغ،
كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى سىزىشى مۇمكىن. ئەتراپقا تە-
سىر كۆرسىتىش ياكى شۇ جاينىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئور-
نىنى ئېلىشتا چوقۇم سىرتتىن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ كىرىشى
ياكى يەرلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ھاجەت ئەمەس.

شۇڭا، بارلىق ئۇسلۇبلارغا باھا بېرىش، تەتقىق قىلىشتا،
بولۇپمۇ بىز ئەسەرنىڭ قايسى يىللاردا ئىجاد قىلىنغانلىقىغا باشقا
ئامىللارنى ئويلاشماي ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلى-
غان ۋاقتىمىزدا ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن،
بىز تام رەسىملىرىنىڭ قېلىپ ئارقىلىق ئىجاد قىلىنىدىغانلى-
قىنى بىلىمىز، ئەمما بىر پارچە كونا قېلىپ بىر مەزگىلدىن
كېيىن قايتىدىن ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.

گرۋنۋېدېلنىڭ تۇرگە ئايرىش جەدۋىلىنى ئېتىراپ قىلىش
ياكى تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى باشقا شارائىت، ئەھۋال-
لاردا تېخىمۇ كۆپ مەخسۇس بىلىمىز ئاشقاندىن كېيىن ئىش-
لىيەلەيمىز. تۆۋەندە مەن گرۋنۋېدېلنىڭ سۆزىنى ئىشلىتىپ،
ئۇنىڭ تۇرگە ئايرىش جەدۋىلىنى بىر خەتنىمۇ ئۆزگەرتمەي كۆ-

چۆرۈپ چىقماقچىمەن:

1. گاندارا ئۇسلۇبى. بۇ نام بۇ ئۇسلۇب ئىچىدىكى بىر قانچە خىل ۋارىيانتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، لېكىن ئۇلار دەسلەپكى مەزگىللىدىكى كلاسسىك سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق نامايان قىلىپ بەردى. بۇنىڭغا بىز گاندارا ھەيكەللىرىنى ئىسپات قىلىمىز. بەزى تاشكېمىرلەردىكى تام رەسىملىرىدە كلاسسىك ئامىلى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى قويۇق پارس ۋە ھىندى تەسىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، بەزى تاشكېمىرلەردىكى تام رەسىملىرى گاندارا ھەيكەللىرى بىلەن بىر خىل، بەزىلىرى قېلىپ سۈپىتىدىكى كلاسسىك رەسىملەرگە ئوخشايدۇ. خاتالاشمىغانلا بولساق، بۇ ۋارىيانتلارنى مەنبەسىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنبەدىن كۆچۈشى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا قانداق تارقالغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

2. «نەيزىلىك چەۋەنداز» ئۇسلۇبى. بۇ خىل ئۇسلۇبنى ئالدىنقى ئۇسلۇبنىڭ داۋامى ھېسابلاشقا بولىدۇ. بىز بۇنىڭ ئىچىدىكى تېۋىنغۇچى (Benefactor) لارنىڭ رەسىملىرىنى بىرىنچى نۇسخىغا تەۋە قىلىمىز. بۇ رەسىملەردىكى نۇرغۇن تەپسىلاتلار «ھىندى ـ ئېپتالىت» (Indo — Scythian) [25] مىس يارمىقىدىكى سەنئەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ماس كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 1 ـ، 2 ـ ئۇسلۇبنى «ھىندى ـ ئېپتالىت» ئۇسلۇبى (يەنە تۇخار ئۇسلۇبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا بىرلەشتۈرۈۋېتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. لېكىن، 2 ـ ئۇسلۇبنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان ئۆرپ ـ ئادەت تەسىرلىرى سەۋەب بولغان، چۈنكى 2 ـ ئۇسلۇبتىكى رەسىملەرنىڭ كۆپ

قىسمى كىيىم ـ كېچەك رەسىملىرى ئىدى.

3. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۈرك ئۇسلۇبى. ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئۇ 1 ـ ئۇسلۇبتا يوشۇرۇنغان ئىزلارنى ھەم 2 ـ ئۇسلۇبنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، شۇنداقلا دائىم شەكىللىنىپ تۇرغان ئاساسىي تېما خاراكتېرىنىڭ تەسرىدە تېخىمۇ روشەنلەشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو رەسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، بەزى تاشكېمىرلەردىكى تام رەسىملىرىنىڭ گىرۋەكلىرى ۋە تورۇستىكى نەقىشلەردىكى گۈللەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تاپقىلى بولمايدۇ. تېۋىنغۇچىلار رەسىملىرىدىكى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى دەسلەپكى دەۋردىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئىمزاسى خەنزۇ يېزىقى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى براخما (Brāhmī)[25] يېزىقى بىلەن يېزىلغان.

4. كېيىنكى مەزگىللەردىكى تۈرك ئۇسلۇبى. بۇ ھەقىقىي ئۇيغۇر ئۇسلۇبى. تۇرپان رايونىدىكى رەسىملەر بۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مۇرتۇقنىڭ يېنىدىكى بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدىكى رەسىملەر توپىنى ئالدىنقى ئۈچ خىل ئۇسلۇبنىڭ ئارىلاشمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

5. لاما دىنىغا روشەن مايىل ئۇسلۇب. دىئېتىرىچ رېيمېر نەشرىياتى 1924 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلغان «كېيىنكى كلاسسىك دەۋردىكى بۇددا دىنى سەنئىتى» (Buddhistische Spätantike) دېگەن كىتابتا، مەن بۇ تېمىنى تەپسىلىي بايان قىلغانىدىم.

# مانى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىسى

بىز ئىدىقۇتتا قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىز ئۈچۈن، مانى دىنىنىڭ ئىزلىرى قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقتى. ئەمەلىيەتتە بىز قېزىشتىن ئىلگىرى مانى دىنىنىڭ ھېچقانداق ئىزى قالمىغان دېيىشكە بولاتتى. ئەمما، مانى دىنى يەنە بىر قېتىم ئارخېئولوگىيە قىزغىنلىقى قوزغىغانلىقتىن، بۇ يەردە مانىنىڭ ھاياتى ۋە تەلىملىرىدىن ئۆزۈم بىلىدىغانلىرىنى ئاددىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

مانى 215 ـ ياكى 216 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شۇ ۋاقىتتا پارسلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بابىلۇن ئۆلكىسىگە قاراشلىق تەيسىغون (Ctesiphon) ئەتراپىدا دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى خامادان (Hamadan) دا ئولتۇراقلاشقان مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ ئەۋلادى ئىدى، ئاپىسى خان جەمەتى قان سىستېمىسىغا ئىگە پارفيان بولۇپ، پارسلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. مانى پېرسىيىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ ئانىسى پارس بولغانلىقتىن ئۇمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پارس ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئاتىسى تىلسىمشۇناسلىقنى، بولۇپمۇ شۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي بابىلۇن (South Babylonia) دا كەڭ ئومۇملاشقان دىنىي مەزھەپنى ياخشى كۆرگەن ھەم ئوغلىنى بۇ دىنىي مەزھەپكە كىرگۈزگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مانىنىڭ ئاپىسى كارامەت كۆرۈپ ھامىلىدار بولغانىكەن، شۇڭا مانىنىڭ نەبى بولۇشى بۇرۇنلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەنمىش.

ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى زېرەك بولۇپ، ھەممىنى چۈشە-

نىش قابىلىيىتىنى نامايەن قىلغان. «يورۇقلۇق جەننىتىنىڭ
پادىشاھى» (The King of the Paradise of Light) دىن كەلگەن
تەبىئەتتىن تاشقىرى تەسىر ئۇنىڭ روھى بىلەن بىرلەشكەن بول-
غاچقا، ئۇ 12 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا كەلگۈسىدە تارقاتماقچى
بولغان ئەقىدىنى ئاساسەن بىلىپ بولغانىكەن. ئۇ 24 ياشقا
كىرگەندە تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىپ، دىن
تارقىتىشقا بۇيرۇق قىلغان. شۇڭا، ئۇ 247 - يىلى 3 - ئاينىڭ
24 - كۈنى ساسانىي پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى شاپۇر I (Shapur I)
تەختكە ئولتۇرغان كۈنى تەيسىغوندا دىن تارقىتىشقا باشلىغان.
دەسلەپتە ئۇنۇمى ياخشى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا
جاپاغا چىداپ جاي - جايلاردا ساياھەت قىلىپ، ئىلىم تەھسىل
قىلغاچ دىن تارقاتقان. ئۇنىڭ قەدىمى تۈركىستان، ھىندىستان
ۋە ئىراننىڭ شەرقىي قىسىملىرىغىچە يەتكەن. ئېيتىشلارغا قارى-
غاندا ئۇ بىر يەرگە بارسا، ھەممىشە ئۇ يەرگە بىر مۇرتىنى
قالدۇرۇپ قويىدىكەن. ئۇ 40 يىلدىن كېيىن دۆلىتىدىگە قايت-
قاندا، نامى ئىراق - يېقىنغا تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
شاپۇرنىڭ ئىنىسى پېروز (Peroz) شاھزادىنى تەلىم ئاڭلاشقا
يۇرەكلىك تەكلىپ قىلغان. نەتىجىدە پېروزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇ-
ۋالغان. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىمۇ تەلىم ئاڭلاشقا تەكلىپ قىل-
غان، بۇنىڭ بىلەن مانى پادىشاھنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشكەن،
ئۇنىڭ مۇرىتلىرى پېرسىيىدە دىن تارقىتىشقا باشلىغان.

لېكىن، زوروئاستېر دىنى (Zoroastrian) موبېت تەشكىلا-
تى (جۇڭگو تارىخىدا ئاتەش دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئامىنىڭ
«غەيرىي ئەقىدە» گە ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولۇپ كەتكەنلىكى-
دىن زەردىسى قايناپ، ئۆزىنى باسالماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىدا چېقىمچىلىق قىلغان. مانى يوشۇرۇنى-

ۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا شاپۇرنىڭ تەخت ۋارىسى، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى بەھرام I (Bahran ben Hurmuz تەخمىنەن 274 - يىلىدىن 277 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندا قولغا ئېلىنغان ھەم موبىتلار بىلەن بولغان مۇنازىرىدە مەغلۇب بولغاندىن كېيىن كرىستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆلگەندىن كېيىن جەسىدى ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن ھەم تېرىسى شىلىۋېلىنىپ، ئىچىگە پاخال تىقىلىپ، پايتەخت گەندىسابۇر (Djundisabur) نىڭ قوۋۇقىغا ئېسىپ سازايى قىلىنغان. ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مانى 273 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن[27].

مانى ئەدەبىيات - سەنئەتنى قىزغىن سۆيگەن، شۇنداقلا ئۇ داڭلىق رەسسام ئىدى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەر بىلەن پارسلار ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى قارشى دىنىي مەزھەپنى ئىجاد قىلغۇچى دەپ قاردىماي، ئۇلۇغ سەنئەتكار دەپ قارىدى. ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىمۇ ياخشى باھاغا ئېرىشكەندى.

مانى ئەقىدىلىرى خاتىرىلەنگەن قولىيازمىلىرىنى سۇرىيە يېزىقىنىڭ بىر خىل ۋارىيانتى بىلەن يازغان. بۇ خىل يېزىقنىڭ سىزىقلىرى ئاددىي، ئېنىق، كۆركەم بولۇپ، بەزى تەنقىدچىلەر بۇ يېزىقنى مانى ئىجاد قىلغان دەپ قارايدۇ، لېكىن بەزىلەر بۇ سۇرىيە يېزىقىنىڭ قەدىمكى بابىلونىڭ مەلۇم بىر رايوندا ئىشلىتىلگەن ۋارىيانتى دەپ قارايدۇ. ئۇ كىتابلىرىنى ئىنتايىن ياخشى سىياھ بىلەن يازغان، شۇنداقلا كىتابلىرىغا سۈپەتلىك ئاق قەغەز ئىشلەتكەن. ھەمىشە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىننەت رەسىملىرى بىلەن زىننەتلىگەن، دەل مۇشۇ نۇقتا خىرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى غەزەپلەندۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن باشقا، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغىمۇ رەسىم سىزغانىكەن.

مانىنىڭ دىنىمۇ ئۆزگە ئوخشاش ساپ پارس ئۇسلۇبىغا ئىگە. بۇ خرىستىئان دىنى بىلەن بۇددا دىنى (تۈركىستانىنىڭ بىر رايونى) ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىچە بىرىكىشى بولۇپ، مانى چوڭقۇر ئېتىقاد قىلغان پارس دۇئالىزمى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە قەدىمكى بابىلۇن ئېتىقادى ۋە گنوستى (Gnostic)[25] مەزھىپى ئىلمىنىمۇ ئارىلاشتۇرغان.

مانى دىنى ئۆزگە خاس سىستېما، مۇستەقىل دىن بولسىمۇ، ئەقىدىدىكى خرىستىئان ياكى بۇددا خاھىشىنى تەكىتلەيدۇ، مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ خرىستىئانلار ۋە بۇددىىسلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىمۇ تەس ئەمەس، شۇڭا كىشىلەر ئاسانلا مانى دىنىنى بۇ دىنلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تارماق مەزھەپ دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

مانى دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى يورۇقلۇق (ياخشىلىق) ۋە قاراڭغۇلۇق (يامانلىق) ئارىسىدىكى قارشىلىقتىن تەركىب تاپقان. بۇنداق قارشىلىق داۋامىدا يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، قاراڭغۇلۇق بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يورۇقلۇقنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. قاراڭغۇلۇق كۈچلىرى بارلىق ماددا (جىسمانىي تەن) ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ؛ يورۇقلۇق ئىلاھى قاراڭغۇلۇق قورشىۋالغان يورۇقلۇقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر مەيدان يېڭى كۈرەش قوزغايدۇ ھەم قاراڭغۇلۇق كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. دەل قاراڭغۇلۇق كۈچلىرى قورشىۋالغان بۇ يورۇقلۇق جەننەتنى بەرپا قىلىدۇ، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ھەم ئىنسانلارنىڭ (ئەر - ئاياللارنىڭ) بوۋىسى.

لېكىن، قاراڭغۇلۇق كۈچلىرى يورۇقلۇق مولېكۇلالىرىنىڭ ماددا (جىسمانى تەن) دىن ئازاد بولۇشىدىن ساقلىنىش

ئۇچۇن، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسىنى ئۇرغۇتىدۇ. ھەر قىتىملىق تۇغۇتتا ئىنسانلاردا مەۋجۇت بولغان يورۇقلۇق ئېلېمېنتى بارا - بارا ئازلاپ، ئاخىرىدا ئادەم تېنىدە ھېچقانچە يورۇقلۇق قالمايدۇ - دە، ئۇنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن شەكىلدىن ئايرىلىپ چىقالمايدۇ.

مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى قاتتىق. ئېرىشىشنى ئويلايدىغان مۇرىتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئادەتلىرى يۇققان نەرسىلەر پەرھىز قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى مەنىيەدىن چىققان ئالۋاستىلار دۇنياسىغا بەنت قىلىپ، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

شۇڭا، ئاز ساندىكى كىشىلەرلا مانى دىنىنىڭ بارلىق پەر- ھىزلىرىگە ئەمەل قىلالايدۇ. ئەسلىي مۇرىتلار پەرھىز تۇتۇپ، ئەقىدىنى ئۆمۈر بويى ئادا قىلىش ھەم ھەر ياقلارغا بېرىپ ئەقىدە تارقىتىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىز دەپ قاراشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئۇلار مانى دىنىنىڭ باشقا مۇرىتلىرى سەدىقە قىلغان نان، مېۋە - چېۋىلەرگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. ئىنتايىن سىرلىق ۋە زادىلا چۈشىنىپ بولمايدىغىنى شۇكى، بۇ يېمەكلىك- لەردىكى مىكرو يورۇقلۇق ئېلېمېنتلىرى بۇ «تاللانغان بەندە» (electi، يەنى perfecti، كامالەتكە يەتكۈچىلەر) لەر ئارقىلىق ئاندىن ماددىي دۇنيادىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇق شەھىرىگە قايتات- تى.

پەرھىزى ئۇنچىۋالا قاتتىق بولمىغان مانى دىنى مۇرىتلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى. مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار كامالەتكە يەتكەن مۇرىتلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى بۇرادەرلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولاتتى، سودا قىلاتتى، تېرىقچىلىق قىلاتتى. بۇ دۇنيادىكى خىلمۇخىل ماددىلارغا ئىگە بولاتتى. ئەمما، «ئاۋدىتور» (auditori) دەپ ئاتالغان بۇ سىنىپ-

مۇ «ئون ئىبرەت» ۋە ئىبرەتلىرىمىزنىڭكى قانچىلىك مەنىسى قائىدىلەر-
گە ئەمەل قىلىش كېرەك ئىدى. «ئون ئىبرەت» بويىچە چوقۇ-
نۇش، يالغان ئېيتىش، نىياپەتچىلىك، ئادەم ئۆلتۈرۈش،
زىنا قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، تۆھمەت قىلىش، ساۋابلىق
ئىش قىلىشتا ئالدىنقى بولماسلىقنى ھەتتا قىلىشنى كۆرسەت-
مەي. ئوغرىلىق باشقا، بىر كۈندە تۆت يەتتە قېتىم ئىبا-
دەت قىلىش كېرەك ئىدى.

«ئون ئىبرەت» تىن باشقا يەنە – ئالتە ئىبرەتنى
ئىبادىلىگەن ئورتاق يەنە يەتتە ئىبرەتلىرى: «تۆت پەرھىز»
گە ئەمەل قىلىش كېرەك. بۇ ئىبرەتلىرىدە مەھسىكەرلەرنى
تولۇق قوبۇل قىلىش ھەم ئىلا قىلىش «ئاللاھقا يېقىنىش» گە
كۆزەتكۈچىلىك ئىلتىپە ئۆتكۈزۈش.

يەتتە ئىبرەتلىرى: ئالتىنچى يەنە تۆرتى ئىبارەت: (1)
ئىچ كۆرۈنۈش ۋە رەھىمدىل (2) ئالىي كىشىلىك ئىنتىلار، (3)
ھارام ئىچىش، (4) تەۋبە قىلىش، (5) سەۋەب ئوت يىلىن
يېتىلىشلىك كەسىپلەر، (6) سېھرگەرلىك، (7) ھەقىقەت-
لىك.

«تۆت پەرھىز» ئەمر پەرھىزى، قول پەرھىزى، نىيەت
پەرھىزىدىن ئىبارەت. ئەمر پەرھىزى ئەسلىۋە سالبى جانلىق
يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. قول پەرھىزى
سۇ، ئوت يىلىن يېتىشتۈرۈلگەن كەسىپلەر، ھايۋانات، ئۆسۈم-
لۈكلەرنىڭ يورۇقلۇق ئېلېمېنتلىرىنى ساقلاپ قىلىش زىيان
يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق، شۇنداقلا زورلۇقلىق، ھوسۇل-
لىك، قاراڭغۇلۇقنى كۈچەيتىپ، يورۇقلۇقنى چەكلەيدىغان ئىش-
لارنى قىلماسلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلماسلىقنى
كۆرسىتىدۇ. نىيەت پەرھىزى زىنا قىلىش، يالغان ئىش بىلەن سۆز-

دەك ئايرىلماس مۇناسىۋەتتە بولۇش نىيىتى ھەم ساختىا ۋە رەزىل نىيەتلەرنى چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ.

مانى دىنىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەن ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

قاتتىق سىنىپ تەشكىلاتى بۇ دىنىي تەشكىلاتىنىڭ مۇكەمەللىكىنى ساقلاپ تۇراتتى. دىنىي تەشكىلاتىنىڭ ئىچىدە «ئادىتور» بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە «تاللانغان بەندە» ياكى «كامالەتكە يەتكەنلەر» بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يەنە ئۈچ دەرىجە بولۇپ، ئۇلار «پرېسۋىتېر» (Presbyteri)، «ئېپىسكوپ» (Episcopi) ھەم ئەڭ يۇقىرى «ماگىستىر» (Magistri) لار ئىدى.

دىنىي تەشكىلاتىنىڭ داھىيسى لاتىن تىلىدا «Princeps» دېيىلىدۇ، ئۇ چوقۇم بابېل (Babel) شەھرىدە تۇرۇشى كېرەك. لېكىن، دەرمە خورلۇقى مەزگىلىدە، باش پوپمۇ ھامىي ئىزدەپ سەرگەردان بولۇپ، سەمەرقەندتە ئۇزاق ۋاقىت پاناھلىنىپ تۇرغان.

زىيانكەشلىككە ئۇچراشنى مانى دىنى تارىخىدا يوق دېگىلى بولمايدۇ. غەربتە مانى دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى زادىلا چىقىشالمىغان، ئەمما شىمالىي ئافرىقا، جەنۇبىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادا مانى دىنى باشقا دۈشمەن دىنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مۇرىتقا ئېرىشكەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خرىستىئانلار مانى دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، يىلتىزىنى قۇرۇتقان، شۇڭا مانى دىنى ھۆججەتلىرىدىن ھېچنېمە قالمىغان. كېيىن مانى دىنى پائۇل مەزھىپى (Paulicians)، بوگومىلى مەزھىپى (Bogomils)، كازارى مەزھىپى (Cathari) ۋە ئالبى مەزھىپى (Albigenses)⑧ گە قوشۇلۇپ، بىر مەھەل جان تالاش-

قان. ئالبى مەزھىپىنىڭ گۈللەنگەن پرووۋېنس (Provence) تا قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم، ئارتۇق سۆزلەش ھاجەت ئەمەس.

تۈركلەر بالقان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرگەندە، خرىستىئانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى نجاتكار قاتارىدا كۆرۈپ قارشى ئالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بۇ ئەھۋال ھازىر بوسنىيە (Bosnia) دە يۈز بېرىۋاتىدۇ.

فلۈگېل ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسىرى ــ «ئاننادىمنىڭ كىتابلار بايانى» (Fihrist of AnNadim) دىن تەرجىمە قىلغان «مانى» (Mani) دېگەن كىتابتا، ئەينى يىللاردىكى شەرقتىكى مانى مۇرىتلىرىنىڭ سەرسان بولغانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنغان: «باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈپ كەتكەن ھەم ئۆزلىرىنىڭ داھىيسىنى ئىزدەش توغرىسىدىكى خەۋەرلەر چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تارىخىنى ھاسىل قىلدى».

مانى دىنى مۇرىتلىرى شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇددا دىنىدىن باشقا ئامۇ (Oxus) دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى شەھەر، بازارلارغا ئالدى بىلەن ئۆتكەن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. بەھرام I مانىنى كرىستقا مىخلاتقۇزغاندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ مانى دىنىغا كىرىشىنى چەكلىگەن ھەم مانى دىنى مۇرىتلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن[30]. شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى مۇرىتلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ «قاغان» دۆلىتىگە قېچىپ كەتكەن ھەم شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. «قاغان» شۇ جاينىڭ يەرلىك سۆزى بولۇپ، تۈركلەرنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتەتتى. مانى دىنى مۇرىتلىرى شۇنداق قىلىپ ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان (ئۇلار شۇ يەردە توختاپ قالغان). پېرسىيە پادىشاھلىقى پارچىلىنىپ، ئەرەبلەر 642 ـ يىلى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن

كېيىن ئەھۋال ئۆزگەرگەن. كېيىن ئۇلار بەنى ئۇمەييا
(Bani Umayya) هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (661 — 760 -
يىللار) ئىراققا قايتقان. چۈنكى، ئىراقنىڭ هۆكۈمرانى چەلىد
بىن ئابدۇللا ئەل قەسرى (Châlid ben, Abdallah al — Kasrî
724 — 738 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۇلارنىڭ پوپىد-
نىڭ بابىلون شەھرىدىن چىقماسلىقى شەرتىدە ئۇلارنى قوغداشقا
ماقۇل بولغان. ئەمما، كېيىن پوپ ئەمىنلىك ئىزدەپ يەنىلا
سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار ئاببياسىيلار خەلىپە-
لىكى (Abbassid — Caliph) نىڭ 18 - خانى مۇقتەدىر
(Mokhtar) تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە (908 — 932 -
يىللار) 2 - قېتىم كۆچكەن، بۇ قېتىم ئۇلار يەنە خۇراسان
(Khorasan)[31] غا قاچقان، سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار قېچىش
داۋامىدا دىنىي ئېتىقادىنى يوشۇرغان. بۇ قېتىمقى كۆچۈشتە
تەخمىنەن 500 كىشى سەمەرقەندتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.
خۇراساننىڭ هۆكۈمرانى، يەنى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ خانى
ئەبۇل ھەسەن ناسىر (Sanmanid Abŭl Hasan Nasr 913 -
يىلىدىن 942 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۇلارنىڭ ئېتىقا-
دىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن. دەل شۇ چاغدا جۇڭ-
گو (جەنۇبىي شىنجاڭ) نىڭ هۆكۈمرانى ئەۋەتكەن بىر ئەلچى —
مېنىڭچە ئۇ توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى (Tagazgaz, toyuz oyur)
نىڭ مەلۇم بېگى — خەۋەر ئېلىپ كەلگەن. ئۇ خۇراسان
هۆكۈمرانىغا: «دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار دۆلىتىڭلاردىكى ما-
نى دىنى مۇرتلىرىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ» دې-
گەن. كېيىن ئۇ يەنە خۇراسان هۆكۈمرانى ئۇلارغا زىيانكەشلىك
قىلسا، دۆلىتىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىمىز ھەم
مەسچىتلەرنى بۇزۇۋېتىمىز مۇسۇلمانلارنى يوشۇرغانلارنىمۇ ئۆل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرىمىز، دەپ تەھدىت سالغان. شۇنىڭ بىلەن خۇراسان ھۆكۈمرانى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، نوپۇس بېجى ئالغان. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلار دۆلىتىدە مانى دىنى مۇرىتلىرى بەك ئاز ئىدى (فلۇگېل يازغان «مانى» دېگەن كىتابىنىڭ 105 ـ بېتىگە قاراڭ). لېكىن، 785 ـ يىلىدىن 809 ـ يىلىغىچە ئاببasiyلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئەل ھادى (Al—Hādī) بىلەن ئەل مەھدى (Al—Mahdi) يەنىلا مانى مۇرىتلىرىنى قىرغىن قىلغان.

خۇراسان ۋە بالىغ (Balkh) نىڭ يېنىدىكى توخارىستان (Tocharistan) ئۇزاقتىن بېرى مانى دىنىنىڭ قەلئەسى بولۇپ كەلگەن. VIII ئەسىردە مانى دىنىنىڭ ئەلچىسى بۇ يەردىن يولغا چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئوڭۇشلۇق كىرىپ، ئۇيغۇر خانى بىلەن كۆرۈشكەن ھەم چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرغان پادىشاھنى مانى دىنىغا كىرگۈزگەن.

ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار X ئەسىردە تازا گۈللەنگەن بولغاچقا، ئوتتۇرىغا چىقىپ مانى دىنى مۇرىتلىرىنى قوغدىغان، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئۇرۇشخۇمار پادىشاھىمۇ يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمىغان.

ھېلىمۇ ياخشى مىسىرغا ئوخشاش قۇرغاق، گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھلارمۇ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىكەن. بىزمۇ بۇ سەپىرىمىزدە بۇ رايوندىن مانى دىنىنىڭ نۇرغۇن كىلاسسىك ھۆججەتلىرىنى تاپتۇق.

# بوگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەر

جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىن شىمالىي كەڭلىك 36° تىن 43° قىچە، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 73° تىن 92° قىچە بولغان ئارىلىققا جايلاشقان، شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمى سىبىرىيە بىلەن، شەرقىي شىمالىي قىسمى جوڭغار ئويمانلىقى بىلەن، غەربىي قىسمى رۇسىيىنىڭ فەرغانە (Ferghana)، ئافغانىستان، جەنۇبىي قىسمى كەشمىر، لاداق (Ladakh) ۋە تىبەت بىلەن، شەرقىي قىسمى جوڭگو بىلەن چېگرىلىنىدۇ.㉜

ئۇ غايەت زور قاچىغا ئوخشايدۇ، قاچىنىڭ تېگىگە كۆچمە قۇم بىلەن تولغان چوڭ قۇملۇقلار كەڭ تارقالغان، سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن نۇرغۇن رايوندىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ساياھەتچىلەر كۆرۈپلا قورقۇپ كېتىدىغان جاي ئىدى.

چېگرىدىن كىرىدىغان بىردىنبىر ئاسانراق يول شەرقتە بولۇپ، قايدۇ دەرياسى (يەنە يۇلتۇز دەرياسى دېيىلىدۇ) جىلغىسىدىن ئۆتۈپ قارا شەھەرگە كەلگىلى بولاتتى. قەدىمدىن ھازىرغىچە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بۇ يولدا ئايىغى ئۈزۈلمىگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ئېگىز تاغ، توسالغۇلار بولمىسىمۇ، لېكىن بىر تېمىم سۇ يوق چۆللۈك، قۇملۇقلار ساياھەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېگىز تاغلارغا ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق ئىدى. دەھشەتلىك قۇم بوران تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، يەرلىكلەر ئۇنى بوران (buran) دەپ ئاتايدىكەن. بوران چىقسا جاھاننى ھەش - پەش دېگۈچە قاراڭغۇلۇق قاپلايتتى، قۇياش خۇنۇك قىزىل ئوت شارىغا ئايلى-

نىپ قالاتتى، دەھشەتلىك قۇم بوراندا قۇياشنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. بوران بىر پەس ھۇشقۇيتقاندىن كېيىن ئارقىدىنلا قاتتىق گۈركىرەيتتى، بىر دەمدىن كېيىنلا قۇم بوران تاغنى تالقان قىلىدىغان ئەلپازدا تۆگە كارۋىنىغا ئېتىلاتتى. قۇم ۋە شېغىللار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا ئۇيان ـ بۇيانغا سورۇلگەندىن كېيىن، گويا مۆلدۈردەك ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇستىگە چۈشەتتى. چوڭ تاشلارنىڭ ھاۋادا ئۆزئارا سوقۇلىشىدىن چىققان ئاۋازلار، شىددەتلىك گۈركىرىگەن ئاۋازلار دات ـ پەرياتلارغا قوشۇلۇپ خۇددى ئالۋاستىلارنىڭ كۈيىقاپتىن چىقىشىغا ئوخشايتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ خاتىرىسىدە بىر كىشىنىڭ ئىلاھ بۇركۈتنىڭ ۋەسۋەسىسىدە قۇملۇققا كىرىپ قېلىپ، ئادىمىزات يوق قۇملۇقتا ئۆلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

شۇڭا، يولۇچىلار قۇملۇقتا قۇم بورانغا دۇچ كېلىپ قالسا، قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرىدىغان تاشلارنىڭ زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۈرۈتتۇم بولۇشىغا قارىماي، كىگىزگە ئورۇنۇۋالاتتى. ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار يېتىۋېلىپ، بوراننىڭ توختىشىنى كۈتىشى كېرەك ئىدى، ئادەتتە نەچچە سائەت كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. چۆلۈۋرنى چىڭ تۇتمىغان چەۋەندازلارمۇ ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچرايتتى، چۈنكى ئاتمۇ قۇم بوراندا ئوخشاشلا ئۈركۈپ كېتىپ، ئەقلىنى يوقىتاتتى ـ دە، چەكسىز قۇملۇقتا چېپىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ھالىدىن كېتىپ ئۆلۈپ كېتەتتى.

1905 ـ يىلى بېيجىڭدىن تۇرپانغا كۈمۈش يۆتكىگەن ھارۋا ئەترىتى قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدا قۇم بورانغا دۇچ كېلىپ قالغان. ئىككى چاقلىق ئېغىر ھارۋىلار ئۆرۈلۈپ كەتكەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوغداپ ماڭغان 60 ئاتلىق چېرىكىنى ئاتلار قۇم-

لۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بەزى-
لىرى قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ قالغانلىقتىن جەسىتىنىمۇ تاپقىلى
بولمىغان، بەزىلىرىنىڭ جەسەتلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدىن كېيىن
ئاندىن بايقالغان.

قۇملۇقنىڭ چەت ياقىلىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى كۆتۈرۈلۈپ
چىققان بولۇپ، مۇنبەت سېرىق توپىلىق يەرلەر ئىدى. تارىم
دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى بۇ سېرىق توپىلىقتىن ئەگرى-
بۈگرى ئېقىپ ئۆتۈپ، سانسىز ئۆستەڭلەرگە قۇيۇلۇپ، غەربىي
يۇرتنىڭ هاياتلىق لىنىيىسىگە ئايلانغان. ئەمگەكچان، ئەقىللىق
دېهقانلار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىنى كېرەك قىلمايلا
سۇغۇرۇش ئۆستەڭلىرىنى قېزىپ، هاياتلىق بولمىغان بۇ قاقاس-
لىقنى سېهرىگەرلەردەكلا بوستانلىققا ئايلاندۇرغان. بۇ يەردە
جىگدە دەرىخى بار ئىكەن. هەر قېتىم باهار كەلگەندە هەر يانغا
خۇشپۇراق چاچىدىغان سۇس سېرىق كۈنلۈكسىمان گۈللەر پو-
رەكلەپ ئېچىلىپ كېتىدىكەن، بولۇپمۇ كېچىسى تېخىمۇ خۇش-
پۇراق چاچىدىكەن. بۇ يەردە مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىدىغان
باغلار بولۇپ، ئالۇچا، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈژمە ۋە ئانار قاتار-
لىق مېۋىلەر، بەزى جايلاردا يەنە ياڭاق ۋە كۆپ شەربەتلىك
نەشپۈتلەر بار ئىكەن. گىرەلىشىپ كەتكەن ئېتىزلىقلارغا تې-
رىق، كۆممەقوناق، شال، بۇغداي، باش پىياز، كېۋەز تېرىلى-
دىكەن. بەزىدە يەنە ياڭيۇ، چامغۇر هەم سامساق تېرىلىدىكەن.

ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلاردا دېهقانلار
تەك تىكىپ نۇرغۇن سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققانىكەن، مېۋى-
سى هەم تاتلىق، هەم چوڭ ئىكەن. قىش ئۇزاق بولمىسىمۇ
قاتتىق سوغۇق بولىدىكەن، شۇڭا تەك جىلغىلارغا تىكىلىدىكەن
هەم قىش كېلىش ئالدىدا كۆمۈپ قويۇلۇپ، كېيىنكى يىلى

www.uyghurkitap.com

ئەتىيازدا ئېچىلىدىكەن.
لېكىن، ئاساسلىق مېۋە يەنىلا قوغۇن ـ تاۋۇز ئىكەن. بۇ
يەردە قوغۇننىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ھەممىسىلا تاتلىق ئى-
كەن. قوغۇن تېرىشقا كۆپ ئەمگەك كەتمەيدىكەن، شۇڭا كۆپ
تېرىلىدىكەن ھەمدە يەرلىكلەرنىڭ ئاساسىي تامىقىدا كەم بولسا
بولمايدىغان بىر تۈر بولۇپ قالغان. تاۋۇزغا بەك ئەھمىيەت
بېرىپ كېتىلمىسىمۇ، لېكىن مەيلى قىزىل ياكى سېرىق تاۋۇز-
لار بولسۇن، يەنىلا تېرىلىدىكەن.
چوكانتال، ئاق تېرەك ۋە ئۈجمە ھەممىلا يەردە كۆزگە
چېلىقىدىكەن، ئۈنىڭدىن باشقا يەنە قارىياغاچمۇ بار ئىكەن،
لېكىن كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. قارىياغاچلىق ئورمانلىق-
لار بوك ـ باراقسان بولۇپ، ئوتتەك ئاپتاپتا ھېرىپ ـ ئېچىپ
كەلگەن يولۇچىلار سايىدايدىغان ياخشى جاي ئىكەن، ئەمما ئەمە-
لىيەتتە دېھقانلار ئۇلارنى ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلىغانلىقتىن ئۇ-
لارنىڭ شاخلىرى بوك ـ باراقسان بولغان.
كەنت ۋە بازارلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بوستان-
لىقلارغا جايلاشقان، لېكىن پۇقرالارنىڭ قورۇ ـ جايلىرى ناھا-
يىتى ئاددىي ئىكەن. بايلارنىڭ پارسچە ئۆيلىرىدە يامان ئەمەس
تامەش بار ئىكەن، تاملىرىغا رەسىملەرنى ئېسىپ قويىدىكەن.
لېكىن، بارلىق بوستانلىقلارنى قۇملۇقلار ئايرىپ تۇرىدى-
كەن. قۇملۇقلار ئادىمىزاتسىز ۋە خەتەرلىك چەكسىز قۇملۇق
بولۇپلا قالماي، گىياھمۇ ئۆسمەيدىغان قۇۋۋەتسىز يەر ئىكەن.
ئەمەلىيەتتە قۇملۇقنىڭ يەنە باشقا ئۈچ خىل ھالىتى بار ئىكەن.
بىرىنچى خىل ھالەت: كۆز يەتكۈسىز زېمىنغا كەڭ تارقال-
غان يۇلغۇنلۇق. يۇلغۇننىڭ يوپۇرماقلىرى قارىماققا پەي ئۆس-
كەن سارچىغا ئوخشاش بولۇپ، تەكشى ياكى تومپىيىپ چىققان

يەر يۈزىنى قاپلاپ كېتىدىكەن. لېكىن، قۇم ـ شېغىللار ھۇجۇم قىلغاندا، يۇلغۇننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن سېرىق توپا كونۇسسىمان كىچىك بارخانلارنى ھاسىل قىلىدىكەن؛ يۇلغۇننىڭ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈچىدىن چىقىپ قالغان شاخلىرى ئاخىرقى ھاياتلىققا ئىنتىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. نۇرغۇن جايلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قۇم بارخانلىرى تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، قۇم بارخانلىرى نەزەر دائىرىنى توسىۋالىدىغانلىقتىن، قۇم بارخانلىق قۇملۇقلاردىن ئۆتۈش ئىنتايىن تەس ئىكەن.

ئىككىنچى خىل ھالەت: قۇملۇق توغراقلىق بولۇپ، بىر خىل ئىنچىكە غوللۇق ئېفرات توغرىقى (Poplar Euphratica) دىن تەركىب تاپقان. بۇ خىل توغراق ئوخشاش بولمىغان شاخلاردا ئوخشاش بولمىغان ھالەتتىكى يوپۇرماقلار بولغان غەلىتە دەرەخ ئىدى. بۇ خىل توغراقلىق ئېقىن بويلىرىدا بولاتتى، لېكىن بەزىدە بۇنداق توغراقلىقلاردا يېرىم كۈن ماڭسىڭىزمۇ ياشىرىپ تۇرغان بىرەر تۈپ توغراقنىمۇ كۆرەلمەيسىز، چۈنكى دەريا ئېقىنىنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرسە ئېقىن بويلىرىدىكى بارلىق دەرەخلەر قۇرۇپ كېتەتتى.

ئۈچىنچى خىل ھالەت: تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن چوقچىيىپ چىققان قىسىملىرىغا كەڭ تارقالغان شېغىللىق ئىدى. بەزى جايلاردا توقسۇن بىلەن قاراشەھەر ئارىسىدىكىگە ئوخشاش تاغ يوللىرىدا بىرقەدەر چوڭ شېغىللىقلار بولاتتى. شېغىللىقلاردا ئاقما تاش، تاغ جىنىسلىرى، قۇم ـ شېغىل ۋە غايەت چوڭ تاشلار بار بولغانلىقتىن، قۇملۇققا كىرگەن يولۇچىلار تەستە ماڭاتتى؛ ئاتلارنىڭ ئۇشۇقى ۋە تۇيىقىمۇ ئاسانلا قايرىلىپ كېتەتتى. يەرلىكلەر قۇمدىكى تۇز تەركىبىنىڭ ھايۋانلاردا ئىششىق ۋە باشقا ئارامسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلار-

uyghurkitap.com

نى كاردىن چىقىرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇملۇقلاردىكى نۇرغۇن جايلاردا پەيدا بولىدىغان ئالۋۇن يولۇچىلارنى ئاسانلا تۇيۇق يولغا باشلاپ قوياتتى. يەرلىكلەر ئۇنى «ئېزىتقۇ» (ezitqu) (ئازدۇرغۇچى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدى-كەن. ئالۋۇن خۇددى راستتەكلا كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، تەجرى-بىسىز نۇرغۇن يولۇچىلار ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىپ قالاتتى.

تاغلارنىڭ تارماق تاغ تىزمىلىرى ئادەم ئاياغ باسمىغان قاقاسلىق ئىدى. تاش قاتلىمى تولا يۈز بېرىدىغان يەر تەۋرەشتە يېرىلىپ كەتكەن. پارچىلىنىپ كەتكەن تاش پارچىلىرى ئۇستى - ئۇستىگە قاتلىنىپ، ئاجايىپ غەلىتە هالەتنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇستىدە ماڭغاندا يىراقلارغا نەزەر سالسىڭىز، بىرەر تۇپ دە-رەخ، چاتقاللىقلارنىمۇ كۆرەلمەيسىز، بىر تېمىم سۇمۇ يوق، نۇرغۇن جايلاردا هەتتا قىلچە هاياتلىق ئىزناسى يوق.

جەنۇبىي شىنجاڭدا سېغىزخان، قاغا ۋە نەچچە خىل غورۇلاي[1] نى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ، يەنە چۈشىن، قارچىغا، شۇڭقار، قورغۇي، سارلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن جايلاردا قەشقەر بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكىگە ئوخشاش توغراقلىقلاردا قۇشقاچلار-نىڭ ۋىچىرلىشىدىن زېرىكىپ كېتىسىز. بارچۇقتا قىرغاۋۇل كۆپ ئۇچرايدۇ. يايلاقلاردا پەيلىرى پارقىراق، چىرايلىق كەرد-قۇر بار، ئاخۇنەك تاغ ئېتەكلىرىدە ئەگىپ يۈرىدۇ. تاغ بويلىرى-دا چوڭ كەرىتقۇرلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا يەنە دوغداقمۇ بار ئىكەن. بۇ خىل قۇشنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىدۇق.

بۇ تۈزلەڭلىكتە بۆكەن ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك هايۋان هېسابلىنىدىكەن. ئۇ كىچىك هەم چىرايلىق بولۇپ، بېشىنىڭ ئۇستىدە چىلتارغا ئوخشايدىغان موڭگۈزى بولىدىكەن، ئۇلار

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپ - توپ بولۇپ ياشايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مولۇن، جوغى كىچىك ياۋا مۈشۈك، تۈلكە ھەم بۆلغۈنىمۇ دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىكەن، ئەمما بىز ياۋا توشقاننى زادىلا ئۇچراتمىدۇق، پەقەت ئادەتتىكى ئۆي توشقىنىنىلا كۆردۇق.

بارچۇق، شىخەنزە، سۇيلەي (ماناس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھەم لوپنۇر ئەتراپلىرىدا تۈتاش كەتكەن قۇمۇشلۇقلار بولغانلىقتىن، قىرغاۋۇل بىلەن يولۋاس يوشۇرۇنىدىغان ئەپلىك جاي ئىكەن. بۇ جايلاردا ساپان بىلەن يەر ھەيدىگەندەك ئىزلارنى دائىم ئۇچرات-قىلى بولىدىكەن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىزلارنى ياۋا چوشقىلار قال-دۇرغانىكەن. بۇ ياۋا چوشقىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى بولسىمۇ، لېكىن يولۋاس ۋە سانسىز بۆرىلەرنىڭ ئولجىسى بو-لۇشتىن ساقلىنالمايدىكەن. ئەمما، بۆرە قورقۇنچاق بولغاچقا خەۋپ سالغۇچىلىكى يوقكەن.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئېچىنىشلىق ياقۇپ-بەگ ۋەقەسى بىلەن يەرلىكلەر قىرىلىپ كەتكەندىن بۇيان، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە بىرەرسىنى بۆرە، يولۋاسلارنىڭ يەپ كەت-كەنلىكىنى ئاڭلىمىغان. بۇ يەردىكى ياۋايى ھايۋانلار شۇ يەردىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا زىيانسىز ئىدى. بۇ يەردىكى پۇقرالار بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن چىڭگىزخان ۋە تېمورنىڭ ئەۋلادلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇلۇغ موغۇل بابېر (Mogul Baber)[34] ئوچۇن زور تۆھپە قوشقان، جەڭگە ماھىر ئافغانىستانلىقلار ۋە راجپۇتانا (Rajputana)[35] يەرلىكلىرىدىن ھىندىستاننى تارتىۋال-غان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇلار مەن بىلىدىغان ھەرقانداق بىر مىللەتتىنمۇ يوۋاش، ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۇلار بۇددا دىنىغا ئەمەس، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقتىن، بۇنداق ئاق

كۆتۈللۈك تولىمۇ گەۋدىلىك ئىدى. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ مولايىملىقى ۋە ئاھالىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ بىرلا سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ بۇ يەردە جان باقماق تەس ئەمەس.

بۇ رايوندا شەرقىي تۈركلەر، تۇڭگانلار، دولان (Dolani)[36] قاتارلىق مىللەتلەر بار. ئىلى دەرياسى جىلغىسى ۋە قارا شەھەرگە يېقىن جايلاردا يەنە غەربىي موڭغۇللار ياكى قالماقلار بار ئىدى. شىخەنزە ۋە پامىردا ئىرانلىقلارنىڭ قالدۇق قەبىلىسى — ۋاخانى (Wakhi) لار ۋە پاكپو (Pakhpo) لار بار ئىدى.

قىرغىزلار غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتىكى تاغلىق رايونلاردا ھەم باركو (يەنى چىنزېي) ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. قازاق ـ قىرغىز (Kazak—Kirghiz) لار ئاساسلىقى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە تۇرپان ئەتراپلىرىدا ياشايتتى. ئابداللار (Abdal، دولانلار) نىڭ كەنتلىرى ھەرقايسى جايلارغا، مەسىلەن، خوتەن، كېرىيە ۋە قەشقەر ئەتراپلىرىغا تارقالغان. ئۇلار شەرقىي تۈرك تىلىنى قوللىنىدۇ، يەنە ئېتىمولوگىيىسى ئېنىق بولمىغان تاق سۆزلەرنىمۇ قوللىنىدۇ. نۇرغۇن جايلاردا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ شەھەرلەردە چەت ئەل سودىگەرلىرى ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن جاي بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى كونسۇللارنىڭ نازارىتىدە بولاتتى. يەرلىكلەر كونسۇللارنى «ئاقساقال» (aqsaqal)[37] دەپ ئاتايدىكەن. بۇ چەت ئەل سودىگەرلىرى ئىچىدە ئافغانىستانلىقلار [كۆپ قىسمى سۋات (Swat) ۋە باجور (Bajqur) دىن كەلگەن، يەنە مۇلتان (Multan) دىن كەلگەن شىئە مەزھىپىدىكى پۇشتۇ (Shiife Pathand)[38] لار مۇ بار ئىدى]، لاداق ۋە كەشمىرنىڭ يەرلىك پۇقرالىرى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە

بالتىس (Baltis)[39] لار، شەرقىي تۈركلەر ۋە لاداقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئارغۇنلار (Arghuns)[40] ھەم تاشكەندتىن، ئەنجاندىن (Andijan)، سەمەرقەندتىن كەلگەن تۈركلەر (ئۇلار بىردەك ئەنجانلىقلار دەپ ئاتىلىدۇ)، شۇنداقلا شىكاپور (Shikapur) دىن كەلگەن ھىندىلار بار ئىدى. بۇ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ كىشىنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان جازانىخور ئىدىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇخارادىن كەلگەن يەھۇدىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خۇشخۇي، ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان تاشقى قىياپەت ۋە ياخشى خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئاشكېناز (Ashkenaz Jews)[41] يەھۇدىلىرىنىڭ ئارىسىدا توخۇ ئارىسىغا تۇرنا كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا سىڭىشىپ كەتمىگەن.

بۇ زېمىنغا جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلار خۇنەن ۋە خۇبېي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن، يامۇل ۋە ئارمىيە ھوقۇقىنى جۇڭگولۇقلار ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم باي سودىگەرلەر، نۇرغۇن ئۇششاق - چۇششەك سودا قىلىدىغانلارمۇ، يەنە تېخنىك ئىشچىلار، ھارۋىكەش، چېرىكلەر بار ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئادەت بويىچە ھۆرمەتكە لايىق جۇڭگولۇقلار ئىچىدە ئەخلاقسىز كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىچكىرىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن ئارمىيىگە تولۇقلىنىپ، بۇ چەت جايغا سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەر ئىدى. يەرلىكلەر ئۇلارنى «شۇمپەن» (champan) دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار شەھەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىكەن، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىدىكەن، قىمار ئوينايدىكەن.

شەرقىي تۈركلەر قان سىستېمىسى مۇرەككەپ مىللەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەت ئەللىكلەر ئۇلارنىڭ جىسمىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ سىماسىنى خىرە كۆرەلەيدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆز ئالمىسى سۇس قوڭۇررەڭ ياكى كۆك ئىدى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ، ياۋروپادىكى شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدا ماڭسا ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ ياۋروپالىق ئەكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ. سانى بىرقەدەر ئاز بۇ ياۋروپا تىپىدىكى شەرقىي تۈركلەر پارس تىپىدىكى تۈركلەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئورۇق، ئېگىز بويى، ساقال - بۇرۇتلۇق، ئىلمەك بۇرۇن، كۆزلىرى چوڭ، شۇنداقلا تېرىسى ئازراق سېرىق ئىدى. ئۈچىنچى تىپتىكىلەر شەرقىي ئاسىيا تىپىغا تەۋە ئىدى. بۇ ئۈچ تىپتىكىلەردىن باشقا يەنە ساناپ تۈگەتكۈسىز ئارىلاشما تىپتىكىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تاغلىق ئىرانلىقلارغا تۈركلەرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى سەپلەنگەن بىرىكمە دېيىشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ تىلى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى، شەرقىي قىسمىدىكى مەلۇم تۈرك دىئالېكتىنىڭ لۇغەت تەركىبى بىلەن ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغان ئىبارىلەرنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئازراقلا خەۋىرىڭىز بولسا تۈرك تىلىدىكى «ئەرەب تىلى بىلىم، پارس تىلى شېكەر، ھىندى تىلى تۇز، تۈرك تىلى سەنئەت» دېگەن سۆزنىڭ جايىدا ئېيتىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايسىز.

تۈرك تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بەكرەك دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. تىلنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈرك تىلى بىباھا گۆھەردۇر. يولۇچىلار ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە خىل دىئالېكتنى پىششىق بىلسە، ئۇنىڭدىن باشقا تۈرك تىلىغا بولغان چۈشەنچىسىگە تايىنىپلا بوسنىيىدىن بېيجىڭغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا-

دا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ.

مەن رۇسىيىدە ساياھەت قىلغاندا، موسكۋادىكى چوڭ مېھ-مانخانىلاردىكى مۇلازىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇنىڭدىكى سەۋەب، رۇسىيىلىك مۇلازىملارنىڭ نەپسى يامان بولۇپ، مېھمانلار بۇيرۇتقان ھاراقلارنى ئىچىۋالىدىغان-لىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ تۈرك مۇلازىملار بولغانلىقتىن، رۇس تىلىنى قىلچىمۇ بىلمىسەممۇ ھېچقانچە قىينالمىدىم.

تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى-گە ئۇچرىغانلىقتىن، ئەرەب تىلى بارغانسېرى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىپتۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە پارس تىلىدىن نۇر-غۇن تاق سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنىمۇ بايقىدۇق، ئەمما بۇ خىل ئەھۋال شەرقىي قىسىمدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن، شەرقىي قىسىم رايونلىرىدا بەزى كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى-نىڭ نامى خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپتۇ.

ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ئەقىللىق، شۇنداقلا چىقىشقاق مىللەت ياراتقان مەدەنىيەت، مەيلى قەدىمكىسى باكى ھازىرقىسى بولسۇن ماھىيەت جەھەتتىن غەربكە تەۋە. ئىسلام مەدەنىيىتى X ئەسىردە ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەن ھەم شۇ ۋاقىتتا بىر مەھەل گۈللەنگەن بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان، ئەمما مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرسەك، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭمۇ مەن-بەسى قەدىمكى يۇنان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار ياۋروپا ھەم قوشنىسى رۇسىيە بىلەن ئالاقە قىلغاندىن كېيىن، قەدىم-دىن قېلىپ قالغان سەنئەت ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تەدرىجىي يوقىلىشقا يۈزلەنگەن. مەسىلەن، بىر مەھەل داڭ چىقارغان، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن سەمەرقەند گى-لىمى ئەسلىدە خوتەن ئەتراپىدا توقۇلاتتىكەن، ھازىر تەدرىجىي

يوقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە چىقىدىغان، نەقىشلىرى چىرايلىق-لىقىدىن كۆزنى ئېچىپ - چىمىر قىلىۋېتىدىغان بىر خىل يۇڭ ئەديىال كىشىلەرگە مىكېناي (Mycenaean)[42] نىڭ ئەسلىي نۇس-خىسىنى ئەسلىتىدۇ، ئەمما ھازىر ئۇمۇ يوقىلىپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇكسەك مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە كەش-تە ۋە يىپەك توقۇلمىلارمۇ بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتكەن. يەكەن ۋە خوتەندە ياسالغان، ئۇستىلىق بىلەن لايىھىلەنگەن مىس قورالالار ۋە برۇنزا قاچىلىرى ئىلگىرى داڭ چىقارغانىكەن، ھازىر تاپقىلى بولمايتتى. ئىلگىرى چىرايلىق تەقىشلىك بەلۋاغ توقىيالايدىغان توقۇمىچىلار ھازىر چۈلۈۈرغا ئىشلىتىدىغان ۋە بويۇنتۇرۇققا كېرەكلىك ئاق سورۇپلا توقۇيدىغان بوپتۇ.

ئۆيلەر ئىران ئۇسلۇبىنى دوراپ سېلىنغان، مەسچىتلەر ئىراننىڭ شەرقىدىكى مەسچىتلەرگە ئوخشايدىكەن.

مائارىپ جەھەتتە، بۇ يەردە مائارىپ خەت يېزىشنى ئۆگى-تىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. لېكىن، ھەممە كىشى بارماق بىلەن ئاددىي ھېسابلارنى قىلالايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇ-بىي شىنجاڭنىڭ زېمىنى شۇنداق چوڭ بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ باسما زاۋۇتى يوقكەن.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ كۆپ قىسمى تۇغما سودىگەر ياكى ئىشچان، ئەقىللىق دېھقانلار ئى-كەن. ئەگەر ياخشى مەكتەپ بولغان بولسا، تۇغما تالانتلىق بۇ مىللەت چوقۇم ئۇچقاندەك ئالغا باساتتىكەن. بۇ مىللەتنىڭ پەس-كەشلىكىگە كەلسەك، شەھۋەتپەرەسلىك، ئاچ كۆزلۈك ۋە يۇ-ۋاش بولماسلىقتەك يامان ئىللەتلەر ھەرقايسى قاتلاملاردا ئومۇ-مىيۈزلۈك بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بويسۇندۇرۇلغان مىل-لەتلەردە بولىدىغان ئورتاق ئىللەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئارانلا بىر مىليون نوپۇسى بار بۇ ئاز سانلىق مىللەت ئادەتتە مۇلايىم، ئەدەپلىك بولسىمۇ، چېشىغا تېگىپ قويسا، كىشىنى چۆچۈتىدىغان رەھىمسىزلىكلەرنى سادىر قىلىدىكەن. ئۇرۇمچىگە بارىدىغان يولدا، قۇمۇل بىلەن گوچۇڭ-نىڭ ئارىسىدا ئارام ئالىدىغان بىر ئورۇن بولۇپ، دۇكان خوجا-يىنىنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغا-نىدىم. بۇ گەپ تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، مەلۇم بىر كىشى تەكشۈرۈش ئۈمىكى تەشكىللەپ، بۇ دېلونى رازۋېدكا قىلغان ھەم دۇكان خوجايىنىنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۇتقان، نەتىجىدە ئۇنىڭ قورۇسىدىكى سېرىق توپا ئارىسىدىن ئۇ ئۆلتۈ-رۈۋەتكەن بىرقانچە كىشىنىڭ جەستى چىققان، جەسەتلەر قۇ-رۇپ كەتكەنىكەن.

ئۈچ ئېلىش ئۇسۇلى دەھشەتلىك ئىكەن. ئۇلار جىنايەتچى-نىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ياغاچ بىلەن ھويلىدىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن يەرگە مىخلايدىكەن، ئاندىن قورسىقىغا بىر تەخسىنى ئاغزىنى تۆۋەنگە قارىتىپ قاتتىق باغلاپ، ئىچىگە بىر چاشقاننى سولاپ قويىدىكەن. ئوتتەك ئاپتاپ قىزدۇرغاندا، چاشقان ئاپتاپتىن قېچىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى تېشىۋېتىدىكەن. جىنايەتچى ئاخىرىدا سۇسىزلىنىش ۋە قان كۆپ چىقىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇمۇ بىر خىل جۇڭگوچە ھەقىقەت دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

ئىزاھلار:

① باكتېرىيە: قەدىمكى توخارستان پادىشاھلىقى قۇرۇلغان جاي، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ھەم ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارغا

توغرا كېلىدۇ.

② ئاپتور باكتېرىيەدىكى ئاھالىنى ھىندىلار (Indians) دەپ ئاتىغان، بۇ توغرا بولمىغان. شۇ ۋاقىتتا، باكتېرىيەدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ھىندىلار بىلەن پەرقى بار ئىدى.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

③ پارفىيانلار: ئىراندىكى قەدىمكى مىللەت، ئىران — ئىغرات ۋە دەجلە دەرياسى ۋادىسىدا ئارساك ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان.

④ ساكلار: قەدىمكى ئارىئانلار ئىرقىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، تارىختا ئاساسلىقى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىغا تارقالغان، بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا كۆچكەن.

⑤ ئاپتور تىلغا ئالغان كۇشانلار چىلىيەنشەن ئەتراپىدىن باكتېرىيىگە كۆچۈپ كەلگەن ياۋچىلار بولۇشى كېرەك. ياۋچىلار قۇرغان ئۇلۇغ ياۋچىلار دۆلىتى بەش يابغۇ (خەلپە زېمىنى) غا ئايرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر يابغۇ كۇشان يابغۇسى دەپ ئاتالغان. كېيىن كۇشان يابغۇسى ياۋچىلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كۇشان خانلىقىنى قۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئاتالمىش كۇشانلار بولغان.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑥ ياۋچىلار: ياۋچىلار ئەسلىدە دۇنخۇاڭ بىلەن چىلىيەنشەن تېغى ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ 3 —، 4 — يىللىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 177 — ۋە 176 — يىللىرى) ھۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن، ئاخىرىدا باكتېرىيىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلار دۆلىتىنى قۇرغان. ئاپتور ياۋچىلارنى جەنۇبىي رۇسىيەدە ئولتۇراقلاشقان ياۋروپا مىللىتى دەپ ئاتىغان، بۇ توغرا ئەمەس. كېيىن ئېيتىلغان ئېپتالىت سەنئىتىنى موڭغۇلىيىگە ئېلىپ كەلگەنلەر ئېپتالىتلار بولۇشى كېرەك، يەنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن ساكلار ئېپتالىت سەنئىتىنى جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىدىن موڭغۇل رايونىغا تارقاتقان.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑦ ساسانىي خانلىقى: بىر مەھەل روناق تاپقان قەدىمكى ئىران خانلىقى، 224 — يىلىدىن 651 — يىلىغىچە داۋاملاشقان، بۇ يەردە

ساساني خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ ئاپتورنىڭ باياندا خاتالىق بار. چىڭخەي رايونىدىكى دىلار - چاڭلار سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىر-ۋەكلىرىدىكى بوستانلىق ھەم لوپنۇر ئەتراپلىرىغا ئۇزلۇكسىز كۆچۈپ كېلىپ، بۇ رايوندا بۇرۇندىن تارتىپ ئولتۇراقلاشقان ئارىيان قان سىستې-مىسىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، بۇ رايوندا خۇاشيا-لىقلارنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەب. ئاپتورنىڭ ھىندىلار دەپ ئاتىغانلىقى مۇۋاپىق ئەمەس، ئەلۋەتتە ئارىيانلار ئىرقىدىكى كىشىلەر بولۇشى كې-رەك. «شىزاڭلىقلار» دەپ ئاتىغانلىقى تېخىمۇ خاتا. چۈنكى شىزاڭلىقلار (شىزاڭلىقلار دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس، «تىبەتلەر» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك) مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان.

—— بېكىتكۇچىنىڭ ئىزاھاتى

⑨ سوغدىلار: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى بوستانلىق رايونلاردا ياشىغان، سودىغا ماھىر، مىلادىيە VII —— VIII ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ قەدىمى ياۋروپاغا يەتكەن، سوغدى تىلى شۇ ۋاقىتتا دۇنيا تىلىغا ئايلانغان.

⑩ بۇ ئاپتورنىڭ قارىشى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ياۋروپادىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ساكلار ياكى ئېپتالىتلار.

—— بېكىتكۇچىنىڭ ئىزاھاتى

⑪ ياۋچىلار ئايغا چوقۇنغانلىقتىن ياۋچىلار دەپ ئاتالغان. «ئاينىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن كىشىلەر» دېگەن مەنىدە.

—— بېكىتكۇچىنىڭ ئىزاھاتى

⑫ بۇ ئىش دۆلەت تارىخىدا خاتىرىلەنگەن، مەسىلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بەنگو يازغان «خەننامە» نىڭ «جاڭ چيەن ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان: «ئۇلۇغ ياۋچىلار دۆلىتىنىڭ پادىشا-ھى غۇزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئايالى تەختكە ۋارىسلىق قى-لىپ، توخارىستاننىڭ پادىشاھى بولدى.»

⑬ ئاپتورنىڭ قارىشى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىت. ئەكسىچە، ياۋچىلار توخارلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى يېقىنقى يىللاردا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئارخې-ئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تۈت قەبرە بايقالدى، بۇ قەبرىلەر بۈنىڭدىن تەخمىنەن 4300 ـــ 3400 يىللار بۇرۇن ياسالغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى، قەبرىدىكى جەسەت-نىڭ ئاق تەنلىكلەر ئىرقىغا تەۋە ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. بۇ توخارلارنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللار ئەتراپىدا بۇ رايوندا ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ـــ بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑭ چۈنكى سېلىشتۇرما تىل ئىلمى تەتقىقاتىغا قارىغاندا، توخار تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ غەربىي تارمىقىغا تەۋە، ھىتتىتې (Hittite) تىلى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ھەم باشقا قەدىمكى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شۇڭا، ھازىر بىلىد-غان ئەڭ دەسلەپكى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ بېكىتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تام رەسىملىرىدە ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر-نىڭ قىياپىتى ئىپادىلەنگەنلىكتىن، مۇشۇنداق قاراش بولغان.

⑮ ئاپتور غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە مىللەتلەر ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلى-قىدىكى بوستانلىق رايونلاردىكى ئەسلىي مىللەتلەر دەپ كۆرسەتكەن، چۈنكى ئۇيغۇرلار موڭغۇل يايلاقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇر-مۇش كەچۈرىدىغان، تۈرك سىستېمىسىدىكى ئالتاي تىلىنى قوللىنىدىغان موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە.

ـــ بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑯ خوجا: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامى. كېيىن «ئۇستاز»، «خوجايىن» دېگەن مەنىلەردە، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ «ئىمامى» ياكى «ئۇستازى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان.

ـــ بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑰ قالماقلار: غەربىي موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى، ئەسلىدە تۇرغۇت-

لار قەبىلىسى دەپ ئاتىلاتتى، شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، XVII ئەسىردە جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ قىستىشى بىلەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى رايونلىرىغا كۆچكەندىن كېيىن قالماقلار دەپ ئاتالغان. ئاپتور ئېيتقان قالماقلار خوجامنىڭ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىشىغا ياردەملەشتى دېگەن ئىش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئەمەس، ئەلۋەتتە ئاجىز تۇرغۇتلار ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتتا شىمالىي شىنجاڭنى كونترول قىلغان جۇڭغار قەبىلىسى بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بۇ جۈملىنى تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ قارىمىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى دەپ تۈزىتىش كېرەك.

—— بېكتىكۆچىنىڭ ئىزاھاتى

⑱ سلاگىنتۋېت: گېرمانىيىلىك مۇزېيشۇناس ۋە ساياھەتچى، 1854 - يىلىدىن 1857 - يىلىغىچە ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ - كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، تەبىئەت پەنلىرى ۋە ئىرقشۇناسلىققا دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلىغان، ئىنگلىز ۋە نېمىس تىلىدا تەكشۈرۈش خاتىرىسى يازغان.

⑲ ۋەلىخان: 1821 - يىلىدىن 1865 - يىلىغىچە ياشىغان، ئەلىخان، تۆرە، خوجا دېگەن ئىسىملىرىمۇ بار. قوقەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى، جاھانگىر خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى. 1847 - يىلى «يەتتە خوجا توپىلىڭى» غا قاتناشقان، 1857 - يىلى قەشقەر، يېڭىسار، يارچۇق ۋە يەركەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان، كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغان. 1865 - يىلى ياقۇپبەگكە تەسلىم بولغان، كېيىن ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن.

⑳ بۇزرۇك خوجا: قوقەندتىكى شىنجاڭلىق چوڭ خوجا بورھانىدىن خوجىنىڭ ئەۋلادى، جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى.

㉑ بېنوئىت دېگويس: پورتۇگالىيىلىك ئېسۇئىت، ھىندىستاندا

ئەسكەر بولغان، ئىسۇئىت بولغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن. 1602 - يىلى 10 - ئايدا ياگۇرادىن يولغا چىقىپ، 11 ئايدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ يەركەنگە كەلگەن. ئۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ، 1605 - يىلى سۇجۇغا بارغان. يەرلىك خۇيزۇلار ئىسۇئىتلارنىڭ بېيجىڭدا ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، بېنوئىت دېگويىس جۇڭگودىكى ئىسۇئىتلارنىڭ داھىسى ماتېئورسقا خەت يازغان، ماتېئورس خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قارشى ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن ئەلچى يېتىپ بېرىشتىن بىرقانچە ھەپتە بۇرۇن بېنوئىت دېگويىس بەختكە قارشى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

㉒ ئەمەلىيەتتە ئوتانى كوزى بىلەن تاجىۋا نازىچاۋ بۇددا راھىبلىرى ئەمەس، بەلكى ياپونىيە بۇددا ساھەسىنىڭ داھىيلىرى ئىدى.

—— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

㉓ لايارد: 1817 - يىلىدىن 1894 - يىلىغىچە ياشىغان. ئەنگلىيەلىك داڭلىق يازغۇچى، دىپلوماتى ۋە نىنېۋىيە خارابىلىقىنى قازغۇچى. 1842 - يىلىدىن 1847 - يىلىغىچە تۈركىيىدىكى ئاسسۇرىيە خارابىلىقى نىمرود (Nimrud) نى قازغان.

㉔ سۇرىيە نېستورى دىنى: يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقالغان نېستورى دىنى كونستانتىنپول ئېپىسكوپى نېستورى ئىجاد قىلغان خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى. بۇ مەزھەپ خرىستوسنىڭ ئىلاھىي خىسلەت بىلەن ئادىمىي خىسلەتنىڭ بىرىكمىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، خرىستوس ئىلاھ ۋە ئادىمىيلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەتكە ئىگە دەپ قاراپ، «ئىككى ماھىيەت، ئىككى مەۋقە تەلىماتى» نى ياقىلايدۇ.

—— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

㉕ ھىندىستان —— ئېپتالىتلار: ئىران قان سىستېمىسىغا ئىگە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، رۇسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان، قىرنىمنى مەركەز قىلغان زور ئىمپېرىيە قۇرغان.

㉖ براخما يېزىقى: ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقى، ئارامى (Aramaic) يېزىقىدىن كەلگەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VIII ئەسىردە ياكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە شەكىللەنگەن. شۇ ۋاقىتتىكى سامىلار ھىندىستانلىق سودىگەرلەرگە تارقاتقان.

㉗ مىلادىيە 277 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بولۇشى كېرەك.

—— ئېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

㉘ گنوستى مەزھىپى: I ئەسىردە پەيدا بولغان، II ، III ئەسىرلەردە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان، V ئەسىردە خارابلاشقان، گنوسنىڭ مەنىسى «ھەقىقىي بىلىم» بولۇپ، قۇتقۇزۇلۇشنىڭ مۇھىم شەرتى.

㉙ پائۇل مەزھىپى، بوگومىلى مەزھىپى، كازارى مەزھىپى ۋە ئالبى مەزھىپى: ئوتتۇرا ئەسىردە خرىستىئان دىنىدىن پەيدا بولغان بىدئەت مەزھەپلەر. ئالبى مەزھىپى رىم ۋاتىكانى ۋە دىنىي سوتنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىغان، XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەھلىسەلىب قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

㉚ زىيانكەشلىك ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولىدى، ئەل ماكىن (Al—Makin) خەۋەر قىلىدى، ئۇ (بەھرام I ) ئىككى يۈز كىشىنى قولغا ئالدى، باش پىياز تېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بېشىنى يەرگە كۆمۈپ، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ ياغاچقا مىخلاپ قويىدى. ئۇ: «بۇ مەن، پېرسىيە پادشاھى، ھۇرمۇز (Hurmuz) نىڭ ئوغلى بەھرام بىنا قىلغان گۈللۈك» دېدى.

㉛ خۇراسان: ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان.

㉜ ئاپتور ئېيتقان يۈنلىشتىن قارىغاندا، ئاپتور كۆرسەتكەن شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن «شەرقىي تۈركىستان» ئادەتتە شىمالىي شىنجاڭ (جۇڭغار ئويمانلىقى) بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ (تارىم ئويمانلىقى) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو

زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، ئاپتورنىڭ قوملۇققا تەكشۈرۈشكە كىرگەن ۋاقتى گۇاڭشۈينىڭ 30 ــ، 31 ــ يىللىرى (1904 ــ، 1905 ــ يىلىنىڭ) غا توغرا كېلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغان، جەنۇبىي شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغانىدى، غەربىي شىمالنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قالايمىقان بولغاچقا، «جۇڭگو بىلەن چېگرىداش» دېگەندەك سۆزلەر پەيدا بولغان.

ــ بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

㉝ غۇرۇلاي: شرىكېس (Shrikes).

㉞ موغول بابىر: ھىندىستان پادشاھى، موغول پادىشاھلىقىنى قۇرغان، ئۇ تېمۇرنىڭ 5 ــ ئەۋلادى.

㉟ راجپوتانا: ھىندىستان تارىخىدىكى بەزى بەگلىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، دائىرىسى ھازىرقى راجاستان شتاتىغا توغرا كېلىدۇ.

㊱ دولانلار: ئابداللار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئافغانىستاندىكى پۇشتۇلارنىڭ بىر تارمىقى.

ــ بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

㊲ ئاقساقال: ئەسلىي مەنىسى ئاق ساقاللىق ياشانغان كىشى، يېتەكچى، ئۇرۇق ئاقساقالى دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

ــ بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

㊳ پۇشتۇلار: جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيا تۇتاشقان جايدا ياشىغان مىللەت. ئاساسلىقى ئافغانىستاننىڭ شەرقى، شەرقىي جەنۇبى ۋە پاكىستاننىڭ غەربىگە تارقالغان. پاتانلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پۇشتۇ تىلىنى قوللىنىدۇ. ھىندىلار، تاجىكلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن پەيدا بولغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كۆپ ساندىكىلىرى سۈننىي مەزھىپىگە، ئاز ساندىكىلىرى شىئە مەزھىپىگە تەۋە.

㊴ بالتىسلار: كەشمىردىكى بالتىستان رايونى ۋە پاكىستاندا ئولتۇراقلاشقان مىللەت. Ⅶ، Ⅷ ئەسىرلەردە زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن يەرلىكلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن پەيدا بولغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى،

زاگىرۇ تىلىنى قوللىنىدۇ، ئەسلىدە تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ھازىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئات توپى ئويناشقا ماھىر.

㊵ ئارغۇنلار: ئىراندا ئولتۇراقلاشقان مىللەت.

㊶ ئاشكېناز يەھۇدىلىرى: ئومۇمەن ئاشكېناز يەھۇدىلار چىركاۋىدىكى ئىبادەت مۇراسىمىنى قوللىنىدىغان يەھۇدىلارنى كۆرسىتىدۇ.

㊷ مىكېناي: مىكېناي مەدەنىيىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلى يۇنان ۋە ئىگەي دېڭىزىدىكى برۇنزا دەۋرىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەت، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردە يۇناندا تازا گۈللەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى باب

# 2 ـ قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىش: تۇرپاندىن قاراغۇجىغىچە



ئىمىن ۋاڭ مازارى

## يىراقتا يۇرۇش قىلىشنىڭ باشلىنىشى

بىرىنچى بولۇپ تەكشۈرمەكچى بولغان يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «گېرمانىيە ـ تۇرپان سەپىرى» نى «بېرلىن مىللەتشۇناسلىق مۇزىيى» تەشەببۇس قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ قېتىملىق ئۇزۇن سەپەرنى تەشكىللەشكە كەسپىي بىلىم جەھەتتە مۇشۇ ئاپپاراتنىڭلا قۇربى يېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مۇزېيغا ھىندىستان بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى گرۇنۋېدېل ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ يارلەمچىسى موللېر① ئەپەندى ئالاھىدە كۈچ چىقارغانىدى. چۈنكى ئۇلارلا شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتى بىلەن يۇنان، رىم سەنئىتىنىڭ ئالاقىسىنى بىلگەن ھەم ئىككىسىنىڭ قانداق باغلىنىشى بارلىقىنى بايقىغانىدى.

گرۇنۋېدېل ئەپەندىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «ھىندىستاننىڭ بۇددىزم سەنئىتى» (Buddhist Art in India) ئورنىنى سەل چاغلاشقا بولمايدىغان ئىلمىي ئەسەر. ئۇ بۇ ئەسىردە مۇنداق دەپ يازىدۇ: بۇددىستلار مىلادىيە يىلنامىسىنىڭ باشلىرىدا ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالى (يەنى باكتېرىيە) ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى (يەنى گاندارا) دىكى يۇنان سەنئىتىگە سەللا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىسى ۋە تۆھپىكارلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئارقىدىن بۇددا دىنى پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى ئېغىزلار ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئاندىن جۇڭگو، كورىيە ۋە ياپونىيەگە تارقالغان.

شۇنىڭ بىلەن گرۇنۋېدېل ئەپەندى، يۇنان سەنئىتى بىلەن شەرقىي ئاسىيا سەنئىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان مەركىزىي ھالقا جەزمەن جەنۇبىي شىنجاڭدا، دەپ توغرا يەكۈن چىقارغان ھەمدە بۇ رايونغا بېرىشنى پىلانلاشقا باشلىغان. بۇنداق ئۇزۇن سەپەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇرغۇن توسالغۇغا ئۇچرىغان، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، جۇغراپىيىلىك ئورنى چەت ۋە يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن يەرگە بارماق ئىنتايىن قولايسىز ۋە بېرىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەرلىك پۇقرالار ئوسالراق ئەكەن، جۇڭگولۇقلار بولسا ياۋروپالىقلارنى بۇ يەرلەرگە يېقىن يولاتمايتتى. بۇلاردىن سىرت چېگرا بويىدىكى بەزى قەبىلىلەر ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، بۇ يەرگە ئىلگىرى كەلگەن ئاز ساندىكى ياۋروپالىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندى. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك ناتۇرالىست شىلاگىنۋېت 1857 - يىلى قەشقەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، شوتلاندىيىلىك دالگلېش (Dalgleish)، ئەنگلىيىلىك ھايۋارد (Hayward)، فىرانسىيىلىك رائىنىس مۇشۇ يەردە جان ئۈزگەندى، ۋەھالەنكى رائىنىسنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋاقتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىش ئىشى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇلدى.

سۋېن ھېدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئىشلىرىدا خەۋپ - خەتەرگە قارىماي يېڭى سەھىپە ئاچقاندىن كېيىنلا، كىشىلەردە بۇ يەردە ساياھەت قىلىش بىخەتەر دېگەن قاراش شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئەنگلىيىلىك سىر ستەيىن ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىدا 1901 - يىلى خوتەندە مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەتتە بولدى ھەمدە دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھامبۇرگتا ئېچىلغان شەرق يىغىنى

(Oriental Congress) دا ئارخېئولوگىيە دوكلاتى بەردى. شۇ چاغدا بېرلىن يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. گرۈنۋېدېل بىلەن مولLېرنىڭ ياردەمچىسى دوكتۇر خوت ئۆزلىرى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سەپەرگە كېرەكلىك خىراجەت ۋە ماددىي ئەشيالارنى تەييارلىدى. خىراجەتنىڭ كۆپ قىسمىنى گېرمانىيىلىك قورال - ياراغ سودىگىرى كرۇپپ (Herr Friedrich Krupp) ئەپەندى بەردى، ئۇ بۇ قېتىملىق سەپەردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. دوكتۇر خوت پۇل توپلاشتا بەكمۇ قىزغىن بولدى ھەمدە گرۈنۋېدېل ئەپەندىنى بەل قويىۋەتمەسلىككە ئىلھاملاندۇردى. لېكىن، بۇ ياش ئارخېئولوگ خىزمەتنى كۈچەپ ئىشلەپ زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئۆيىدە قازا قىلدى، ئۇ غايىسى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلدى. يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتى ياخشى ھەمراھ تۇئودو بارتۇسنى تاپقاندىن كېيىن يولغا چىقالىدى. تۆۋەندە بارتۇس توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

بارتۇس پومېرانىيە (Pomerania)[2] نىڭ لاسسان (Lassan) دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتىسى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىش بېشى ئىدى. بارتۇس ئىلگىرى ماتروس بولغان ھەمدە كۆپ يىل دېڭىز سەپىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، رولچى ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن. ئۇ ئاۋستىرالىيىدە بىر مەزگىل چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئات بېقىش جەھەتتە ئاجايىپ ماھارەت يېتىلدۈرگەن. كۆپ يىل دېڭىز سەپىرى قىلىش ئارقىسىدا تىككۈچىلىك، رېمونتچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ھەممە ئىش قولىدىن كېلەتتى. ئۇ گېرمانىيىدە تۇرغان مەزگىللەردە پۇلىنى ئامانەتكە قويغان بىلبۇرن بانكىسى ۋەيران بولۇپ، بار-

لىق بىساتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مۇزېيدا ئىشلەشكە مەجبۇر
بولغان. ئۇ تالانتلىق ھەم بەدەن قۇۋۋىتى ۋە جاسارەت جەھەتتە
باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، تۇنجى قېتىملىق يىراققا يۈرۈش
قىلىشنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تۈرتكە بولغان، شۇنداقلا كېيىن-
كى ئۈچ قېتىملىق سەپەردە كۆپ ئەجىر قىلغان. ئۇنىڭ قىز-
غىنلىقى ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنى مەدھىيىلەشكە ئەر-
زىيدۇ. ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىزدىنىشكە بولغان قىزغىن-
لىقى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى.

بىز جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلىگەن چاغدا ھەر كۈنى سەھەر
تۇرۇپ كەچ قايتىپ، دەم ئالماي ئىشلەيتتۇق. ئات - ئۇلاغلى-
رىمىزنى ھەيدەپ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچكەن مەزگىللەر
بىز ئۈچۈن ئارام كۈنى ياكى تەتىل ھېسابلىناتتى.

گرۈنۋېدېل 1903 - يىلى 7 - ئايدا غەلىبە بىلەن قايتىپ
كەلدى. ئۇ نۇرغۇن قوليازمىلارنى، كۆپ بولمىسىمۇ نەپىس،
كۆركەم تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى،
بۇلار زور دىققەت قوزغىدى. بۇ قىممەتلىك بۇيۇملار VIII
ئەسىردىن ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈركلەر ئېلى ئەمەس-
لىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ شىما-
لىي چېگرىسىدا پارسلار ۋە ياۋروپاچە شېۋىدە سۆزلەيدىغان تو-
خارلار ياشايتتى. غەربىي جەنۇبىي چېگرىسىدا باشقا پارسلار
ياشايتتى، پۈتكۈل جەنۇبىي چېگرىسى لوپنۇرغىچە سوزۇلغان
بولۇپ، ھىندىلار پۈشتىدىن بولغانلار ياشايتتى. جۇغراپىيىلىك
ئورنىدىن قارىغاندا چەت، يىراق بولسىمۇ، قاتناشنىڭ تۈگۈنى
ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ھىندىستان، پارس، شەرقىي
رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول
ئوينايدىغان يىپەك يولىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەن بۆلىكىنىڭ جەنۇ-

بىي قىسمى ۋە بۇ يەردىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ھەممىسىلا شەرقلىق سودىگەرلەر توپلىشىدىغان مۇھاجىرلار ماكانى ئىدى.

بۇ يىراققا يۇرۇش قىلىش ئەترىتىمىز بېرلىنغا ئېلىپ بارغان قولىيازمىلار ئىچىدە نېمە ئۈچۈن 24 خىل گرافىكا بىلەن يېزىلغان 17 خىل تىلنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قولىيازمىلار بېرلىنغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن يەشمىسى ئىشلەندى، ئاندىن تەپسىلىي تەتقىق قىلىندى. ئۇنىڭ خاراكتېرى بېكىتىلگەندىن كېيىن مەزمۇنى تەرجىمە قىلىندى.

بۇ قولىيازمىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ مەزمۇنى دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، يەرلىكتىكىلەرنىڭ ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، يەنە بەزى نېستورى دىنى گۇرۇھلىرى، شەرقتە يەنە مانى دىنى مۇرىتلىرى بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

مانى دىنى جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقىدا بىر مەھەل ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، خرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇلارنى قىرغىن قىلغان، پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇنداق بولۇشىدا ئۇيغۇرلار تەخمىنەن Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي رايون (تۇرپان) نى بويسۇندۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئاساسلىق سەۋەبتۇر. تۇرپان بوستانلىقىدىكى تاشكېمىرلاردا نۇرغۇن مانى دىنى قولىيازمىلىرىنى بايقىدۇق، ئۇلار پارس تىلىدا ۋە دەسلەپكى تۈرك تىلىدا يېزىلغانىدى.

بۇ بايقاش ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، مۇزېيىمىز بىر كومىتېت تەشكىللىدى. مەقسىتىمىز يەنە بىر يىراققا يۇرۇش قىلىش ئەترىتى ئەۋەتىپ، ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى بۇ مۇۋەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەس جاينى تەتقىق قىلىش ئىدى. يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئەتر-
تى ئاساسلىقى سانسكرىت يېزىقى ئالىمى پىشېل (Pischel)،
بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخشۇناسى ئېدۋارد مېيېر
(Eduard Meyer)، پروفېسسور مۇللېر، ساكاۋ (Sachau) ۋە
باشقىلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار سەپەرگە كېرەكلىك 32 مىڭ
ماركنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توپلىدى، كرۇپ ئەپەندى يەنە
سېخىيلىق قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا خىراجەتنىڭ ئۈچتىنبىر
قىسمى پادىشاھ ئائىلىسى ئىئانە قىلغان بىر فوندنىڭ ئۆسۈمى-
دىن بېرىلدى، ئۇ بىزنىڭ تەكشۈرۈش ھەرىكىتىمىزگە ئىنتايىن
قىزىقاتتى. 2 ـ قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش قىلىشقا مەن يې-
تەكچىلىك قىلدىم. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن ئىنژېنېر بار-
تۇسنىڭ ھەمراھلىقىدا بېرلىندىن يولغا چىقىپ، بۇ قېتىمـ-
لىق سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى بېكىتى ــ سايىنت پېتېر-
بۇرگقا باردۇق. ئۇ يەردە بىز رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى
(Russian Academy) دىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن تو-
نۇشتۇق، ئۇلار يول خېتى ئېلىشىمىزغا ياردەملەشتى، بىزگە
يەنە تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەردى، ئاندىن موسكۋاغا قاراپ يول
ئالدۇق. موسكۋادىن سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق ئومسك
(Omsk) ③ غا بارماقچى بولدۇق.

لېكىن، موسكۋادا ئاۋارىچىلىققا يولۇقتۇق. بارتۇس ئىك-
كىمىز ئۇششاق ـ چۈششەك يۈكلىرىمىزنى ئېلىپ ۋوگزالغا
يېتىپ كەلگىنىمىزدە ــ يۈكلىرىمىزنىڭ ئېغىرلىقى 84 فۇد
(Poods، بىر فۇد 36 قاداقتا تەڭ) چىقاتتى ــ بېيجىڭ ۋە
شەرققە بارىدىغان «train de luxe» (فرانسۇزچە، ھەشەمەت-
لىك پويىز) غا چىقماقچى بولغىنىمىزدا، زىيادە ئېغىر يۈكلىرى-
مىز ۋوگزال باشلىقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇ: «سىلەر

ئالىي بۆلۈمچىنىڭ بىلىتىدىن ئىككىنىلا ئېلىپسىلەر، ئەمما 884
فۇد ئېغىرلىقتىكى يۈك ئېلىۋاپسىلەر، شۇڭا يۈكلەرنىڭ بىر-
قىسمىنى ئېلىپ مېڭىڭلار، قالغانلىرى قېلىپ قالسۇن، بولمى-
سا يەنە يۈك ۋاگونى قوشۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ۋاگون
قوشۇش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بۇ يۈكلەرنى تاشلاپ كېتىڭلار»
دېدى. ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلەتتىم، شۇڭا 50 رۇبلى[4] پۇلنى
بارماقلىرىمغا قىستۇرۇۋېلىپ، قولۇمنى ئارقىغا قىلىپ، بۇ
كېربېرۇس (Cerberus)[5] نىڭ ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا ماڭغاچ
قولۇمدىكى پۇلنى كۆز - كۆز قىلدىم. مۇشۇنداق 3 - 4 قېتىم
مېڭىۋىدىم، پۇل غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ۋوگزال باشلى-
قى: «مەن ئامال قىلىپ باقاي» دېدى. دەرۋەقە ئۇ ئامال تاپتى،
يۈكلىرىمىزمۇ پويىزغا قاچىلاندى. ۋاگوننىڭ ئىچى ھەرقايسى
ئارمىيىدىن بولغان رۇسىيە ئوفىتسېرلىرى بىلەن تولغانىدى،
ئۇلار ياپونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش[6] ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە
كېتىۋاتاتتى، لېكىن قارىشىمىزچە، بۇ ئوفىتسېرلار ئىچىدە
ئوفىتسېر سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئاز ئىدى. بەش كۈندىن
كېيىن ئومسكقا كەلدۇق.

تەلىيىمىز بار ئىكەن، بىز بىر نۆۋەتچى پاراخوتقا ئۇلگۇ-
رۇپتۇق، شۇنداق قىلىپ ئېرتىش (Irtush) دەرياسىدا قاتنايدىغان
يەل كېمىگە ئولتۇرۇپ، سېمىپالاتىنسك (Semipalatinsk)[7] غا بېرى-
ۋالدۇق. بىز بۇ يەردە تارانتاس (tarantass) ۋە تېلېگا (telega)
دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل رۇسلارغا خاس قاتناش قورالىنى
ئۇچراتتۇق. تارانتاسنىڭ ئىككى چاقى بولىدىكەن، ئوتتۇرىسىنى
ئاق تېرەكتىن ياسالغان ھەم ئىنچىكە ھەم ئېلاستىكىلىق ياغاچ
تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن، كىرا ھارۋىسىنىڭ كوزۇپى مۇشۇ ئىن-
چىكە ياغاچنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغانىكەن. يۈك - تاقلارنى مانا

مۇشۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۈستىگە يوتقان - كۆرپە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۆزلىگەن نىشانغا خاتىرجەم بارغىلى بولىدىكەن. تېلېگا بولسا قاچىغا ئوخشاش، ئېغىر يۈك-لەر قاچىلىنىدىغان هارۋا بولۇپ، قارىماققا ئەپسىز كۆرۈنىدۇ-كەن، دېمىسىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە بىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى. بىز ئاخىرى بىر تارانتاس بىلەن تۆت تېلېگانى كىرا قىلىپ يولغا چىقتۇق. هارۋىكەشلەرنىڭ هەممىسى قىر-غىزلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر يامان ئادىتى بار ئىكەن، يەنى هەر قېتىم ئۆتەڭگە كىرگەندە هېرىپ هالىدىن كەتكەن ئۇلاغلارنى قامچىلاپ كېتىدىكەن، ئاتلارمۇ چىچاڭشىپ كېتىدىكەن، شۇڭا بىز هەمىشە ئاشۇنداق ۋارقىراش - جارقىراشلار ئىچىدە مەيۈس هالەتتە ئۆتەڭگە كىرىپ كېلەتتۇق.

بۇنىڭدىن باشقا، سەپەر ئۈستىدە مۇنداق بىر كۆڭۈلسىز-لىك يۈز بەردى: تېلېگانىڭ چاقىنىڭ ئوقىغا هەدېسىلا ئوت كېتەتتى، شۇڭا ئاتلىرىمىزدىن چۈشۈپ، سۇ بولمىغاچقا قۇم بىلەن ئوت ئۆچۈرەتتۇق، قىرغىزلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشتە هەر نېمە دېگەنبىلەن ئۆزگىچە هۈنىرى بار ئىدى.

بۇنداق ئۆزۈن سەپەردە زاپاس ئوق ئېلىۋېلىش تولىمۇ زۆ-رۈر ئىدى. تېلېگا چاقى ناهايىتى پۇختا بولۇپ، ئاسان يېرىلىپ سۇنۇپ كەتمەيتتى. لېكىن، ئۇلار ئوخشاشلا قىزىپ ئوت ئېلىپ كېتەتتى، هەتتا ياغاچ ئوققا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان ئوت ئالات-تى.

بىز كىچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ سەككىز كۈن ئىچىدە ئاخىر جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىغا يېتىپ باردۇق.

# رۇسىيىدىن جۇڭگوغىچە

10 ـ ئاي مەزگىلى بولغاچقا، كېچىسى ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى، ئەمما بىزنىڭ تەييارلىقىمىز پۇختا بولۇپ، سىمپالا-تىنسك شەھرىدە رۇسىيە جۇۋىسى سېتىۋالغانىدۇق. بىزنىڭ تۇنجى قېتىم «تارانتاس» دا ئۇخلاپ ئويغانغان ۋاقتىمىزدىكى تۇرقىمىز تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. بارتۇس بىلەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ كېلىشىۋالغاندەكلا «تەڭرىم! تۇرقۇڭ نېمە بولۇپ كەتكەن» دېيىشتۇق. چۈنكى بىز جۇۋىغا ئورۇنۇپ ياتقاچقا، جۇۋىنىڭ رەڭگى بىزنى زەڭگىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئەمما، يۈز ۋە قوللىرىمىزدىكى رەڭ جۇۋىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ناھايىتى تېز چىقىپ كەتتى.

سىبىرىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەنزىرىسى بولۇتلۇق، جىم-جىت، زېرىكىشلىك ئىدى. شۇنچە كەڭ تۈزلەڭلىكتە ئانچە ـ مۇنچە قېيىن دەرەخزارلىقى ۋە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريا ئېقىنلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ يەردە بايلىق مول بولۇپ، ئۇن ۋە گۆش ئىنتايىن ئەرزان ئىدى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، چوڭ يىرتقۇچ قۇشلار يايلاقتا پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالاتتى. بىز يىراق يەردە چوڭ تىپتىكى قوڭۇر رەڭلىك جىسىمنىڭ ئاستا مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە ئىد-كەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدۇق. ئۇنىڭغا يېقىنلاشساق بۇ جىسىم ئۇشتۇمتۇت قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى، قىرغىزلار بىزگە بۈلار بۈركۈت، دېدى.

رۇسىيىنىڭ ئۆتەڭلىرى ئىنتايىن ئاددىي ئىدى. بىز بۇ

www.uyghurkitap.com

يەرلەردە ئاتلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپلا يولغا چىقتۇق. بۇ ئۆتەڭ-لەردە بولكا، چاي ۋە شېكەر بېرىلەتتى. يەرلىك خەلقنى ئاق كۆڭۈل دېگىلى بولمىغاچقا، بىز بۇ يەرلەردە ساندۇقلارنى ئې-چىشقا جۈرئەت قىلالماي، قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋېلىپلا يولغا چىقىپ كەتتۇق.

بىز ئاخىر رۇسىيە زېمىنىدىكى ئاخىرقى بېكەت — بەختۇ (Bakhty) غا كەلدۇق، ئاندىن جۇڭگو - رۇسىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، چېگرا شەھەر چۆچەككە كەلدۇق [قەدىمدە چۇگۇچەك (Chuguchak) دەپ ئاتالغانىكەن، موڭغۇل تىلى بولۇپ، «سۇ-غۇر يۇرتى» دېگەن مەنىدە ئىكەن]. رۇسىيە كونسۇلى بىزنى كونسۇلخانىدا كۈتىۋالدى.

بىز بۇ يەردە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بەرگەن يول خېتىنى كۆر-سەتتۇق ھەم كارۋان ياللاپ، كېيىنكى بېكەت ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلدۇق. بۇ تەييارلىقلارنى قىلىشقا نۇرغۇن ۋاقتىمىز كەتتى، ھاۋا ئۆزگىرىپ قالسا، تۇرپانغا بېرىشتىكى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەشكە باشلىدۇق. ئاخىر بىز ئات تاپتۇق، لېكىن باھاسىنىڭ ئۆزىمىز سېتىۋالغانغا قارىغاندا كۆپ قىممەت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. بىز ئاخىر بىر «تارانتاس»، تۆت «تېلېگا» ۋە يۈك ئارتىلغان ئاتلارنى ھەيدەپ تاغلىق رايونغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

بىز تاغلىق رايونغا كېلىشىمىزگىلا «تارانتاس» نىڭ چاقى يېرىلىپ كەتتى. ھارۋىكەشلەر بىر ئامال تاپتى، ئۇلار بىر تۈپ قېيىن دەرىخىنى كېسىپ، شاخ - شۇمبىلىرىنى پۇتىۋەت-كەندىن كېيىن، ياغاچ بىلەن ئوقنى مەھكەم باغلاپ ئارقىغا داجىتتى، بۇنىڭ بىلەن «تارانتاس» چانىغا ئايلىنىپ قالدى.

بىز ئالدىغا ماڭغانسېرى يولمۇ ناچارلىشىپ كەتتى، بىزنىڭ

«تېلېگا» مىزغا يۈك كۆپ قاچىلانغان بولغاچقا پات - پات ئۆرۈلۈپ كېتەتتى. هارۋا ھەر قېتىم ئۆرۈلگەندە، بىز توختاپ هارۋىدىكى نەملىشىپ كەتكەن يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ قايتىدىن قاچىلاشقا مەجبۇر بولاتتۇق.

هارۋا 5 - قېتىم ئۆرۈلگەندە، مەن تاقەت قىلالماي قالدىم. بىز موڭغۇللار دەم ئالىدىغان دوربۇلجىن ( Dorbuljin ، موڭغۇل تىلى بولۇپ، «تۆت تەرەپ» دېگەن مەنىدە ئىكەن) گە يېتىپ كەلگەن بولغاچقا، موڭغۇللارنىڭ ئېسىل ئاتلىرىدىن بىر قانچى-نى سېتىۋالدىم، «تېلېگا» دىكى يۈكلەرنى «تارانتاس» قا بۆ-لۈپ قاچىلىدۇق، ئۆزىمىز ئاتقا مىنىپ ماڭدۇق.

ئارقىدىنلا بىزنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىمىز باشلاندى. كون-سۇل بىزنى موڭغۇللار بىلەن قىرغىزلار ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى ھەممە جاينى چارلاپ يۈرۈۋاتىدۇ، شۇڭا بۇ يەر بەكمۇ تىنچسىز، يولدا ئېھتىيات قىلىڭلار، دەپ ئاگاھلان-دۇرغانىدى. ئەمەلىيەتتە، بىز ياماتۇدىن ئۆتكەندە بالىسىنى ئې-لىپ قېچىپ كېتىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچراتتۇق، ئۇلارنىڭ كەنتى موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىكەن، كەنتتىكىلەر-دىن پەقەت مۇشۇ ئانا - بالىلا ھايات - قالغانىكەن. شۇ چاغدىلا بۇ يولنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى بىلدىم. 12 مىڭ روبلى قىم-مەتىدىكى تىللانى تېرە ھەميانغا قاچىلاپ، مەيدەمگە باغلىۋالغا-نىدىم. بۇ تىللالار «تارانتاس» قا نىسبەتەن ئېغىر يۈك ئىدى. لېكىن، ھازىر مەن ئاتقا مىنىۋالغانىدىم، ئات ماڭغاندا بەكلا سىلكىنگەچكە، بۇ خىل روھىي بېسىم ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن 3 - كۈنى ئات مىنمىدىم، پۇللارنى ساندۇققا قاچىلاپ، «تېلېگا» نىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ماۋسېر كارابىن مىلتىقى (Mauser carbine) نى تۇتۇپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە

ئولتۇرۇۋالدىم. ناچار يولدا، ئېلاستىكلىقى يوق ئاددىي هارۋىدا ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ئازاب ئىدى.

بىر تاغلىق رايوندىن ئۆتكەندە بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان بۆرە ۋە ئارقارنى ئۇچراتتۇق، بەزىدە ئۇلار ھەتتا يولغا چىقىپ قالاتتى. بەزىدە سېغىزخاننىڭ ۋىچىرلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتۇق، بۇ خىل قۇش تۇرپاندا ئاز ئۇچرايتتى. بۇ تاغلىق رايونلاردا بولسا ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. بىز تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قالماقلار ۋە قىرغىزلارنى كۆردۇق. باش قايىدىغان ئېگىزلىكتىكى تاغ يولىدا ئۇلار ئات مىنىپ قويلىرىنى ھەيدىشىپ يۈرەتتى.

بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر باققان ئىتلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، ئىتلار شۇنداق چوڭ بولۇپ، بەكلا ياۋا ئىدى، ياۋروپالىقلارغا بەكلا ئۆچ ئىدى. شۇڭا، بىز كەنتلەرگە يېقىنلاشقاندا «Nokhai! nokhai!» (ئىت! ئىت!) دەپ ۋارقىرايتتۇق، ئارقىدىن ئىتلارنىڭ ئىگىلىرى «يۇرت» (yurt)[8] تىن چىقىپ، قامچىلىرىنى تاراسلىتىپ، ھاۋشىپ تۇرغان ئىتلىرىنى قوغلىۋېتەتتى.

يول بويىدىكى نۇرغۇن ئېتىزلار تاشلىۋېتىلگەچكە قاقاسلىشىپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى جۇڭگولۇقلار ۋە تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن كەنتلەر ياقۇپبەگ ئۇرۇشىدىلا تۈزلىنىپ كەتكەنىكەن، بۇ كەنتلەر بەلكىم تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ياكى ئۆزئارا قىرغىنچىلىقتا تۈزلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتلار قانداقلا بولسۇن ھەممە ئەندىشىدە قالغان دەۋر ئىدى، بۇ چوڭ كەنتلەرنىڭ ھازىر خارابىلىققا ئايلانغانلىقى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ.

بىز 16 كۈن يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ

شەھەر خەنزۇچىدا دىخۇا دەپ ئاتىلىدىكەن، بەزىدە يەنە قىزىل بۇتخانا[9] دەپ ئاتىلىدىكەن. يېقىن ئەتراپتىكى تىك قىيا ئۈستىدە كىچىك بىر بۇتخانا بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغانىكەن. بۇ جۇڭ-گو بۇتخانىسى ئىنتايىن ياخشى جايغا جايلاشقان بولۇپ، رومان-تىك كەيپىيات بىلەن تولغان. ئۈرۈمچى چوڭ سودا مەركىزى بولۇش بىلەن بىللە باش ھەربىي ۋالىي مەھكىمىسى (فۇتەي)[10] تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە قەشقەرلەر بۇ رايون-دىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پۇل قۇيىدىغان ئورۇنلار ئىدى، لېكىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە پۇل قۇيىدىغان ئورۇندىن پەقەت قەشقەرلا قالغانىدى. شەھەردىكى ئاھالە تۈركلەر ئىدى، لېكىن كۆپ قىسمى تۇڭگانلار (خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان-لار، يەنە خۇيزۇلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىدى، بۇ يەردىكى تۇڭگان-لار تولىمۇ جېدەلخور ئىكەن.

شۇ ۋاقىتتا ياپونىيە ئارمىيىسى رۇسىيە ئارمىيىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇب قىلغان بولغاچقا، بۇ شەھەردىمۇ نۇرغۇن ئار-مىيە تۇرغۇزۇلغانىدى. مېنىڭچە ئەگەر ياپونىيە يەنە ئازراق ئەسكەر ئەۋەتسە، ئۇلارغا چىڭ سولالىسىنىڭ ئارمىيىسى قوشۇل-سا، رۇسىيىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھېچقانچە كۈچىمەيلا سى-بىرىيىنى تارتىۋالغىلى بولاتتى.

ئۈرۈمچىدىكى رۇسىيىلىكلەر يەرلىك جۇڭگولۇقلارغا ياخ-شى مۇئامىلە قىلمايتتى، بۇنىڭ ئەكسىچە رۇسىيە كونسۇلى سىرتقا چىققاندا، ھەمىشە ئالدى ـ كەينىنى 20 كازاك (Cossackc) قوغداپ ماڭاتتى، يولدا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر باش ـ كۆزىگە قامچا يەيتتى. مەن كونسۇل بىلەن ياخشى تونۇ-شۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سىپايىلىك بىلەن ئېتىراز بىل-دۈردۈم، ئەمما ئۇ: «مەن بۇ پۇقرالارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش-

نى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

شەھەردە خېلى ياخشى سېلىنغان جوڭگوچە بىنا بولۇپ، مەلۇم بىر مەخپىي تەشكىلاتقا تەۋە ئىكەن.

كوچىلارمۇ جوڭگو شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىغا ئاساسەن لايىھىلەنگەنىكەن. ئاساسلىق كوچىدا جوڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جازا قوراللىرى تىكلەپ قويۇلغان بولغاچقا، كىشىنى شۈركەندۈرەتتى. جازا قورالى بىر ياغاچ قەپەس بولۇپ، جىنايەتچى قەپەسكە سولىنىدىكەن، يۇقىرى - تۆۋەنگە ھەرىكەتلىنىدىغان تاختىنى دەسسەپ تۇرىدىكەن، بوينى ياغاچ قەپەسنىڭ ئۈستىدىكى توغرا ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەھكەم قىسىلىدىكەن، تاختا ھەر كۈنى پەسكە تۆۋەنلەيدىكەن، ئېچىنىشلىق تەقدىرگە مۇپتىلا بولغان جىنايەتچىنىڭ بوينى كۈندىن - كۈنگە ئۇزىراپ، ئاخىرى ئېپىتىشلارغا قارىغاندا 8 - كۈنى بويۇن ئومۇرتقىسى ئۈزۈلۈپ ئۆلىدىكەن. مېنىڭ تۈرك مالىيىم ئۇنى «قەپەس» (kapas)، ئەرەب تىلىدىكى «كافاس» (Kafas) دېگەن سۆزدىن كەلگەن، دېدى. رادولف (Radloff) «ئەزىمەت تاقىقى» (khokhanjan) دەپ ئاتىغان. كوچىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر شەپقەتسىز جازا قورالىغا قاراپمۇ قويمايتتى، تاۋۇز سېتىۋاتقان بوۋايمۇ ئاۋالقىدەكلا سودىسىنى قىلىۋېرەتتى، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولغان جىنايەتچىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى.

بىز رۇسىيە كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، قىزغىن كۈتىۋېلىندۇق، بولۇپمۇ دوكتور كوچانوۋسكىي (Dr. Kochanowsky) تولىمۇ قىزغىن بولدى. بىز چوقۇم جوڭگونىڭ يول خېتىنى بېجىرىشىمىز كېرەك ئىدى ھەم باش ھەربىي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سودا شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىشىمىزغا ئىجارەت بېرىشىگە ئېرىششىمىز كېرەك ئىدى. باش

ھەربىي ۋالىي بىزنى يامۇلدا ئۇلتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى ھەم 68 خىل قورۇما بىلەن كەچلىك زىياپەت بەردى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنلا باش ھەربىي ۋالىي مانجۇ مۇلكىي لەشكىرىي ئەمەلدارلارنى قوبۇل قىلغانىكەن، بۇ نوپۇزلۇق مەنسەپدارلار قاتار تىزىلىپ، باش ھەربىي ۋالىينىڭ تەختىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار تەختىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوڭ قولىنى يەرگە تىرەپ تازىم قىلاتتى.

بۇنداق كۆپ چاكىنا ئۆرپ - ئادەتلەر، قاملاشمىغان كىيىم - كېچەكلەر بىلەن مۇلكىي - لەشكىرىي ئەمەلدارلارنىڭ سالام - سەھەتلىرى مېنىڭ قەدىمكى جۇڭگوغا بولغان خاتىرەمگە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

لېكىن، تائاملارنى يېيىشكە جۇرئەت قىلالمىدىم، مېنىڭ تۈرك مالدىيىم كەينىمدە تۇرۇپ، پات - پات: « yémanglar, tūram, yēmanglar! » (يېمەڭلار، تۆرىلىرىم، يېمەڭلار!) دەيتتى. ئۇنىڭ مېنى چوشقا ۋە ئۆردەك گۆشىنى يېمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەنىدىم. بەزى تۈركلەر چوقۇنىدىغان قۇش تۈرلىرى بۇ يەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ تائاملىرىغا ئايلىنىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەيران قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بىز قالپاق، كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ زىياپەتكە قاتناشقانىدۇق، بۇنداق كىيىنىش بۇنداق قوملۇق رايونغا ھەقىقەتەن مۇۋاپىق كەلمەيتتى، ئەمما جۇڭگولۇقلار بۇنداق كىيىنىشنى بىر خىل ئەدەپ - قائىدە دەپ قارايدى. ئۆيگە قايتىپ كىيىملىرىمىزنى قېقىۋېدۇق، شۇنداق نۇرغۇن قوم تۆكۈلدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بىز باش ھەربىي ۋالىي بىلەن خوشلىشىپ، تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۇرپانغا قاراپ ئىلگىرىلەش

بىز تاغلىق رايوندىن ئۆتۈپ، تۆۋەنگە، يەنى داڭلىق تۇرپان ئويمانلىقىغا قاراپ ماڭدۇق. ئامېرىكىلىق جۇغراپىيىشۇناس فۇنتىنگون (Ellsworth Huntingon)[11] نىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس يېرى دېڭىز يۈزىدىن 300 فۇت تۆۋەن ئىكەن. ئويمانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى گىياھ ئۈنمەيدىغان، يېرىق ـ يېرىق قىزىل تۆپىلىك ئىكەن. بۇ جايلارنىڭ نامى «قۇمتاغ» (Kumtagh، قۇملۇق تاغ) ياكى «چۆل ـ تاغ» (Chol—tagh، قاقاس تاغ) بولۇپ، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پىژغىرىم ئاپتىپى بۇ ئويمانلىقنى ئاياۋسىز كۆيدۈرىدىكەن، قىزغۇچ تاشلار ئىسسىقلىقنى كۈندۈزى قوبۇل قىلىۋېلىپ، كېچىسى چىقارغاچقا، بۇ يەردە چىدىغۇسىز ئىسسىق بولىدىكەن، تېمپېراتۇرىسى دائىم فارېنگېيت 130 گرادۇس (تەخمىنەن 54°C) قا چىقىدىكەن. يەرلىكلەر بۇ يەرنى «تۈركىستاننىڭ ھىندىستانى» (Turkistan ning Hindustani)[12] دەيدىكەن.

يەرلىك پۇلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى سەگىدەش ئۈچۈن گەمە قېزىۋالىدىكەن. گەمە يەر ئۈستىدىكى ئۆيلەردىن سالقىن بولسىمۇ، مەن گەمىدە تۇرالمايدىكەنمەن، چۈنكى ھاۋا ئۆتۈشمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاشا، چىۋىنلار كىشىنى بەك ئاۋارە قىلىدىكەن. ئۇ يەردە زەھەرلىك، زىيانلىق ھاشاراتلەرمۇ كۆپ بولۇپ، چايانىنىڭ زەھىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن. ئۇ-

لاردىن باشقا پۈتۈن تېنى تۈكلۈك، كەپتەر تۇخۇمىچىلىك چوڭ-
لۇقتا بىر خىل ئۆمۈچۈك بار ئىكەن، پۇتلىرى ئۇزۇن - ئۇزۇن
بولغانلىقتىن، ناھايىتى تېز ماڭىدىكەن، بىر نەرسە يېسە «گو-
رۇچ - گورۇچ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە
زەھەرلىكمىش، بىراق بىرەرسىنى چېقىۋالغانلىقىنى ئاڭلىمى-
دىم.

ئۇنىڭدىن باشقا قوڭۇر رەڭلىك، تۈكلۈك، ئەمما جۈغى
كۆپ كىچىك ئۆمۈچۈكمۇ بار ئىكەن، ئۇلار كۆپىنچە يەر ئاستى-
دىكى ئۇۋىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، بۇنداق ئۆ-
مۈچۈكمۇ ناھايىتى زەھەرلىك بولۇپ، چېقىۋالغان كىشى ئۆلمى-
گەن تەغدىردىمۇ يېرىم جان بولۇپ قالىدىكەن. يەنە ئادەمنى
بىزار قىلىدىغان سۈۋەرەكمۇ بار ئىكەن، ئۇ باشمالتاق چوڭلۇقى-
دا بولۇپ، كۆزى يوغان، قىزىل ھەم بۇرۇتى ئۇزۇن بولىدى-
كەن، سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۈۋەرەكنىڭ بۇرنىڭىزغا
چىقىۋېلىپ، يوغان، قىزىل كۆزلىرى بىلەن تىكىلگىنىچە،
ئۇزۇن بۇرۇتىنى كۆزىڭىزگە سانجىماقچى بولىۋاتقانلىقىنى بايقى-
سىڭىز، كۆڭلىڭىز ئاينىپ، يېرىم كۈن «ھۆ!» قىلماي قالماي-
سىز. بىز سۈۋەرەكنى تۇتىۋېلىپ يەنچىسەك، ناھايىتى سېسىق
پۇراق چىقتى. ھېلىمۇ ياخشى چۇسا يوق ئىكەن. گەرچە بۈرگە
كۆپ بولسىمۇ، كىشىنى كۆپ ئاۋارە قىلىپ كېتەلمەيدىكەن.
پىتقا كەلسەك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى جەنۇبىي شىنى-
جاڭ ۋە تىبەت ئاھالىسىنىڭ ئۆي چارۋىسى دېيىشكىمۇ بولىدى-
كەن. ياخشى تەييارلىقىمىز بولغاچقا، بۇ پارازىتلارنىڭ زىيىنىغا
ئۇچرىمىدۇق. بىز تەركىبىدە سىماب بار مەلھەمنى سىياھ ئىچى-
دىغان قەغەزنىڭ يۈزىگە سۈركەپ، ئاندىن بۇ مەلھەم سۈركەلگەن
قەغەزنى تال - تال قىلىپ كېسىپ، ھەربىر كىشىنىڭ يانچۇقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

سېلىپ قويدۇق، بۇنىڭ بىلەن تومۇز ئىسسىقتا پارغا ئايلانغان سىماب پىت ۋە ئۇنىڭ تۇخۇمىنى ئۆلتۈرەتتى. سېپىمىزگە قوشۇلىدىغان يېڭى مالايلار ئالدى بىلەن تەركىبىدە سىماب بار سوپۇن بىلەن پاكىز يۇيۇناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كىيىمىنىڭ يانچۇقىغا مەلھەم سۈركەلگەن قەغەزنى سېلىپ، ئاپتاپقا تاشلاپ قوياتتۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇيۇنۇپ بولغۇچە، ئۇنىڭ كىيىمىدىكى پىتلارمۇ پارغا ئايلانغان سىماب ۋە ئاپتاپتا ئۆلۈپ تۈگەيتتى.

تۇرپان بوستانلىقىدا سۇغۇرىدىغان سۇ بولسىلا، مۇنبەت سېرىق توپا قاتلىمىدىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدىكەن. قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم ۋە ئانار ئەڭ داڭلىق زىرائەت ئىكەن.

بۇ يەردىن كوممىقوناق، ئارپا ۋە ناھايىتى ياخشى سورتلۇق بۇغدايمۇ كۆپ چىقىدىكەن. بۇغداي يىلىغا بىر پىشىدىكەن، ھەر تۈپى 40 ـ 60 باشاق تۇتىدىكەن. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىن چىقىدىغان پاختىنىڭ سورتىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

سۇ دېھقانچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. بۇ يەرنىڭ شىمالىدىكى تاغلىقتىن باشلانغان ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى بۇ ئويمانلىققا ئاقىدىكەن، بىراق بۇ يەردە يامغۇر ئاساسەن ياغمىغانلىقتىن، بۇ سۇ بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغۇرۇش ۋە ئىچىدىغانغىلا يېتىدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ «كەتمەن» دەيدىغان كەڭ ھەم ئېغىر سايمىنىدىن باشقا ھېچقانداق ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى بولمىسىمۇ، يەر يانتۇلۇقىنى ھېسابلاپ، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئېتىز سۇغىرىدىغان ئېرىق قېزىپ، سۇ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش مەقسىتىگە يېتىشنى بىلىدىكەن.

بۇ نەتىجىلەر نەچچە 1000 يىللىق تەجرىبە توپلاشنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئوخشاش تېخنىكا تاغدىكى بۇلاق سۈيىنى ئېتىزغا

باشلاشتىمۇ قوللىنىلىپتۇ. پارسچە «كارىز» (kariz) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئېرىق مۇنداق قېزىلىدىكەن: ئالدى بىلەن تاغدىكى بۇلاقنىڭ ئېنىق ئورنىنى توغرا بېكىتكەندىن كېيىن، بىر رەت ناھايىتى چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلىدىكەن؛ قۇدۇق قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، بۇلاق سۈيى ئورنى ئەڭ ئېگىز بولغان كارىز ئېغىزىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئېرىققا باشلىنىدىكەن، ئېرىقنىڭ يانتۇلۇقى ئېگىزلىكنىڭكىدىن پەس بولغاچقا، سۇ تۈزلەڭلىكتىكى سۇغىرىلىدىغان يەرلەرگە يەتكۈزۈلىدىكەن. بۇ جاپالىق قۇرۇلۇشنى كىشىلەر ئىلىم - پەننىڭ ياردىمىسىز، تامامەن قول ئەمگىكى بىلەن تاماملايدىكەن.

سۇ بايلىقىنى تەقسىم قىلىش «مىراب» (Mirab، ئەرەبچە ياكى پارسچە «سۇ باشقۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە) نىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەن. ئۇ «سۇنىڭ بېگى» (su nung bagi، تۈركچە) ياكى پارسچە «بارانداد» (barandad، يامغۇر ياغدۇرغۇچى) دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇ سۇ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى توغرا خاتىرىلىشى كېرەك بولۇپ، شۇڭا ئەڭ ئەقىللىق، راستچىل ۋە باي كىشىلا بۇ ۋەزىپىگە نائىل بولالايدىكەن.

مەن كارىزنىڭ بۇددا دىنى تارقالغان مەزگىلدىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ياكى كېيىنرەك جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا قارىسىغا ھۆكۈم چىقىرالمايمەن، بىراق يەرلىكلەرنىڭ كارىزنى ھازىرمۇ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەن. بىز قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، تۇرپانلىق بىر كارىزچى قۇمۇل ۋاڭىغا كارىز قېزىپ بېرىۋاتقانىكەن.

كارىزغا سېلىنغان مەبلەغنى ئۇندۇرۇۋېلىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تۆۋەندىكى مىسال ئۇنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: لۈكچۈن ۋاڭى 70 يامبۇ (تەخمىنەن 19

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

فوندستېرلىڭغا تەڭ) خەجلەپ كارىز قازدۇرغانىكەن. بۇ كارىز-لار بىرىنچى يىلى 60 يامبۇلۇق پايدا ئېلىپ كەپتۇ، ئىككىنچى يىلى 80 يامبۇ پايدا ئاپتۇ.

بىز تاغدىن چۈشۈپ ئىككى قاسنىقى تىك سىرىق توپىلىق «يار» (Yar) جىلغىسىغا كەلدۇق، ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى جىس-مىغا لايىق «چوڭقۇر يار» ئىكەن. جىلغا ئاستىدا ئىككى ئېرىق قوشۇلىدىكەن، تىك يار تېمىدا تاشكېمىر بار ئىكەن. بىز تاغ چوققىسىدىكى سۇ يۈزى تەكشىلىكىدە قەدىمىي شەھەر خارابىسى-نى بايقىدۇق. شەھەردىكى كوچىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ھازىرمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن، ئۇ ئىلگىرى ئۇيغۇر پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ھازىرقى يېرىم تۈركچە، يې-رىم موڭغۇلچە نامى يارغوت (يار شەھەر)⑬ ئىكەن.

بىز بۇ يەردىن كېيىنكى بېكەت — مۇسۇلمانلار شەھىرى تۇرپانغا قاراپ يول ئالدۇق. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا نۇرغۇن چوڭ شەھەرگە ئوخشاش، بىز شەھەر سېپىلى بىلەن ئورالغان كونا شەھەرنىڭ سەل بېرىسىدا يېڭى شەھەرنى كۆردۇق. كونا شەھەر يەرلىك كىشىلەر ياشايدىغان جاي ئىكەن، يېڭى شەھەردە بولسا مەنچىڭ ئەسكەرلىرى تۇرىدىكەن، ئىلگىرى پاناھ جاي بولغان، ئەمما ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىكەن.

بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى ئوخ-شىشىپ كېتىدىكەن. گۈللۈك ۋە قورۇلار ئېگىز تام بىلەن ئورالغان، تامنىڭ سىرتى كوچا، بەزى قورۇلارنىڭ كوچا بويىدا بىر رەت دېرىزىسى يوق ئۆي بار ئىكەن. بەزى كوچىلار تەبىئىي بازارغا ئايلانغان، بازاردىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسى ۋەيرانە كې-سەك ئۆيلەر ئىكەن، دۇكان ئىشىكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلى-رىدە توپا سۇپا بولۇپ، سېتىلىدىغان مىلىچ ماللار قويۇلىدى-

كەن.

تەخمىنەن 12 مىل يول يۈرگەندىن كېيىن يارغۇتتىن ئات-لىق شەھەرگە كىردۇق، يەرلىك كىشىلەر بىزگە ھەيران بولۇ-شۇپ قاراشتى. ئاياللار بىلەن بالىلار ئۆگزىلىرىگە چىقىۋېلىپ: «ئو-رۇس! ئورۇس! ئورۇس كەلدى!» (Uruss!, Uruss!, Uruss! Kāldi!) دەپ ۋارقىراشتى.

بىراق، ئەھۋال ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرگەن. بىز بازارنى ئارىلاپ كېتىۋاتقاندا بىر قاسساپ بارتۇسنى تونۇۋالدى، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىشتا بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئېسىدە ئىكەن، ئۇ «باتۇر! باتۇر!» (Bātur! Bātur!) دەپ توۋلىدى.

بارتۇسنىڭ ئىسمى جەنۇبىي شىنجاڭدا باتۇرغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بۇ نامنى موغۇل ئىمپېرىيىسى (Moguls)[14] «باھادىر» (Bahādur) شەكلىدە ھىندىستانغا ئېلىپ كەلگەن، ھازىرغىچە ئالاھىدە ئۇتۇق قازانغانلار شۇ نامدا تەرىپلىنىدۇ. تۇرپاندا بۇ نام «قەھرىمان» ئىبارىسى بىلەن مەنىداش، بۇ مۇناسىۋەت تو-پەيلىدىن ئابرۇيىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئەمدى: «پە-رەڭ كەلدى!» (Parang kāldi، فرانسىيىلىكلەر كەلدى!) دەپ توۋلاشتى. يەرلىكلەر رۇسىيىلىكلەرگە ئۆچ بولغانلىقتىن، بۇنداق ئۆزگىرىش كىشىنى مەمنۇن قىلاتتى.

لۈكچۈن ۋاڭى مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى بىزنى كۈتىۋېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بىزنى دەستىرخان (dastarhan) سېلىپ، تۈرلۈك يېمەكلىك ۋە مېۋە-لەر بىلەن كۈتىۋالدى. بىر قانچە كۈنلۈك تاغ يولىدا كۆپ جاپا چەككەندىن كېيىن، تەملىك قوغۇن – تاۋۇز، ئۈزۈم ۋە ئانار يەپ يايراپ كەتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار شەھىرى تۇرپاندىن قاراغۇجىغا بېرىشتا قور-قۇنچلۇق قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر يول بار ئىكەن.

تۇرپان يېڭى شەھىرىنىڭ سىرتىدا بىر مەسچىت بولۇپ، مەسچىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەقىشلەنگەن مۇنار بار ئىكەن. مەسچىد ۋە مۇنار بۇ يەردە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەك (adobe، ئىسپان تىلى) بىلەن سېلىنغانىكەن. ئىمارەت شەكلى سەمەرقەند، بۇخا-را ۋە خىۋە (Khiva)[15] لەردىكى شۇ خىل ئىمارەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن.

ئىلگىرىكى ساياھەتچىلەر بۇ قەدىمكى نېستورىئانلارنىڭ مۇ-نارى، دەپ قارىغان، بىراق پاكىت ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يېقىندا سېلىنغان ئىمارەت. مەسچىدتىكى بىر تۇۋرۇكنىڭ ئاستىدىكى تاشقا ئويۇلغان خەتتە: «بۇ مەسچىدنى 1760 - يىلى لۇكچۇن ۋاڭىنىڭ بۇزرۇكۋارى، مەشھۇر ئىمىن خوجا خانلىق (Amin Khojam Khanlyk)[16] سالدۇرغان» دەپ پۈتۈلگەن.

ئۇنىڭ يېنىدا مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇببىلىك قەبرىدىن بىرمۇنچىسى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە-كى ئەڭ چوڭ قەبرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تام قوپۇرۇلغان كارى-دورى بولۇپ، تېمىغا كۇنگۈرە چىقىرىلغانىكەن، تام بىلەن قەبرە تۇتاشقان جايدا يەنە بۇددا دىنىنىڭ سىمۋولى بولغان دەرمە-چەكرە شەكلى چۈشۈرۈلگەنىكەن. بۇنىڭدىن بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەردىمۇ ئىزناسىنى قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① موللېر كېيىنچە مۇزېينىڭ شەرقىي ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولدى، ئۇ مانى دىنى ۋە سوغدى ھۆججەتلىرىنى ئوقۇش ۋە تەرجىمە قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇنىڭ قەدىمي تۈركلەر ھەققىدىكى تەتقىقا-

تى مول نەتىجىلىك بولغان.

② پومېرانىيە: ياۋروپانىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى رايون، بالتىق (Baltic) دېڭىزى بويىدا، ئودېر (oder) دەرياسى بىلەن ۋىستۇلا (vistula) دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا، كۆپ قىسمى ھازىر پولشاغا تەۋە.

③ ئومسكى: روسىيە ئومسكى ئوبلاستىنىڭ مەركىزى، ئېرتىش دەرياسى بىلەن سىبىرىيە تۆمۈر يولى تۇتىشىدىغان جايدا.

④ تەخمىنەن 5 گىنى (guinea).

⑤ كېربېروس: يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى دوزاقنىڭ ئۈچ باشلىق، يىلان قۇيرۇقلۇق ئىشىك باقار ئىتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: جانلىقلارنىڭ دوزاققا كىرىشىنى توسۇش، ئەرۋاھلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. دوزاق دەرۋازىسىدىن كىرىپ ـ چىقماقچى بولغانلار پارا بەرمىسە ئۆتەلمەيدىكەن. شۇڭا، «كېربېروس» ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ خىيانەتـ چىلىك قىلغۇچىلارنىڭ نامىغا ئايلانغان.

⑥ گۇاڭشۇينىڭ 30 ـ يىلى (1904 ـ يىلى) ياپونىيە بىلەن روسىيىنىڭ شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىمىزدە ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىشى تۈپەيلىدىن پارتلىغان ياپونىيە ـ روسىيە ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

—— بېكىتكۇچىنىڭ ئىزاھاتى

⑦ سېمىپالاتىنسك: قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمىـ دا، سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستىنىڭ مەركىزى، سىبىرىيە تۆزلەڭلىكىگە ئېرىشتىكى دەريا پورتى.

⑧ يۇرت: قىرغىزلارنىڭ كىگىز ئۆيى، يەنى چېدىرى.

⑨ ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر تاشلىق تاغ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تاغ چوققىسىدا تاملىرى قىزىل گۈەندى بۇتخانىسى (گۇەنگۇڭ چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ «مەبۇدى») سېلىنغان، شۇڭا كىشىلەر ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىنى قىزىل بۇتخانا دەيتتى.

⑩ گۇاڭشۇينىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى چاررۇسىيىنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى پىلە قۇرۇتىدەك يەۋاتـ قانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ كونا تۈزۈلمىسىنى بىكار قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆلكە قۇرغان. دىخۋانى ئۆلكە مەركىزى قىلغان.

⑪ خۇنتىنگون: 1876 — 1947 - يىلى، ئامېرىكىلىق جۇغراپىيەشۇناس، ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە يازغۇچى. 1903 - يىلىدىن 1906 - يىلىغىچە باررېت (Barrett) نىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى ئارىلىغان، كېيىن يەنە سۈرىيە قۇملۇقى، پاكىستان ۋە كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا ئېكسپېدىتسىيەگە بارغان، «ئاسىيانىڭ تومۇرى» (The Pulse of Asia) قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

⑫ بۇ يەردە قاتتىق ئىسسىق بولىدىغانلىقتىن، يەرلىكلەر خوددى ئاسىيا رايونىدا ئەڭ ئىسسىق جاي ھىندىستان بولغىنىغا ئوخشاش، بۇ يەرنى شىنجاڭ رايونى بويىچە ئەڭ ئىسسىق جاي دەپ قاراپ، «تۈركىستاننىڭ ھىندىستانى» دېگەن.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑬ ئاپتور ئېيتقان ئۇيغۇر پادىشاھلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى غەربىي ئۇيغۇر پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ مەركىزى تۇرپان ئويمانلىقىدا بولۇپ، ئەينى چاغدا قاراغوجا (Qara qotfu) دەپ ئاتالغان، قارا مۇقەددەس دېگەن مەنىدە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خوجا دېگەن نامى بولىدۇ، ئۇلار بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، بۇ يەرگە «خوجا» دەپ نام بېرىلگەن. مەنىسى: «مۇقەددەس قوچو»، «مۇقەددەس پايتەخت قوچو».

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑭ بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى: 1526 - يىلىدىن 1857 - يىلىغىچە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۈرك - موڭغۇل خاندانلىقى، «موغۇل» (Mogul) موڭغۇللارنىڭ پارسچە نامى.

⑮ خىۋە: ھازىرقى ئۆزبېكىستاندا، ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە، VI — VIII ئەسىردە بەرپا قىلىنغان.

⑯ ئىمىن خوجا: چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدىكى تۇرپان رايونىنىڭ چوڭ ئىمامى (يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى). ئىمىن خوجا

كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى (1720 ـ يىلى) لۈكچۈندە چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. يۇڭجېڭنىڭ 12 ـ يىلى (1734 ـ يىلى) ئىمىن خوجا لۈكچۈندىكى ئۇيغۇر مۇرىتلىرى بىلەن بىللە گۇاجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چيەنلۇڭ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئىمىن خوجا تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئەل قىلىشقا بارغان ھەم ئۇلارنى ئىلىغا باشلاپ بارغان. چيەنلۇڭنىڭ 12 ـ يىلى (1756 ـ يىلى) ئىمىن خوجا ۋە گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىمىن خوجىنى تۇرپاننى باشقۇرۇشقا تەيىنلەـ گەن. ئۇ چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنـ لىكتىن، ئەلنى تىنجىتقۇچى ھەزرەت، گۇشەن شاھزادە، دولو شاھزادە، دولو ۋاڭ دېگەنناملار بېرىلىپ، بۇ مەرتىۋىگە ئەۋلادلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى بەلگىلەنگەن.

— بېكتىكۆچىنىڭ ئىزاھاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# قاراغوجىدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش (1)



لوكچۈن ۋاڭىنى زىيارەت قىلىش

# قوچو خارابىلىقىنى قېزىش

بىز قېزىش نەق مەيدانىغا 18 ـ نويابىر يېتىپ كەلدۇق . قوچو خارابىلىقى بار يەرنى ھازىر قاراغوجا دەپ ئاتايدىكەن . ئەسلىدە ھىندىچە «ئاپسۇس» ( Apsūs ، يەنى Ephesus )[1] دېيىلەتتى ، ئۇنىڭدىن باشقا «دەقيانۇسنىڭ شەھىرى» ( the city of Dakianus )[2] ياكى «ئىدىقۇت شەھىرى»[3] دېيىلەتتى . جۇڭگوچە قەدىمىي نامى قوچو ( 高昌 ) . بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ نېمە ئۈچۈن دەقيانۇسنىڭ شەھىرى دېيىلىدىغانلىقىنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭ يېنىدىكى تۆيۇق جىلغىسىغا جايلاشقان «ئۆيقۇدىكى يەتتە ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى»[4] دىن تېپىشقا بولىدۇ . بۇ ئىبادەتخانا ھەيۋەتلىك بولۇپ ، ھازىرمۇ ئەرەبىستان ۋە ھىندىستاندىن تاۋاپ قىلغۇچىلار كېلىپ تۇرىدىكەن . ۋەھالەنكى ، بۇ رىۋايەتنى بۇ يەرگە بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كەلگەنلەر مۇسۇلمانلار ئەمەس . ئىسلام دىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا XIII ، XIV ئەسىرلەردە تارقالغان ، بۇ رىۋايەت ئەمەلىيەتتە بۇددا دىنى مەزگىلىدە تارقالغان ، بۇنى كېيىنچە تەپسىلىي بايان قىلماقچىمەن .

قوچو قەدىمىي شەھەر خارابىسى كۋادرات شەكىللىك بولۇپ ، يەر مەيدانى 1 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . قېلىن شەھەر سېپىلىنىڭ بەزى يەرلىرى ھازىرمۇ خېلى ئوبدان ساقلانغانىكەن . سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 22 يارد بولۇپ ، سوقا تام ئىكەن ، بۇنداق قۇرۇلۇش ئۇسۇلى پېرسىيىدىن جۇڭگوغىچە بولغان رايونلاردا ھازىرمۇ قوللىنىدۇ ؛ نۇرغۇن بۇلۇڭ راۋىقى (ھازىر 70 ى بار ئىكەن ) سېپىلنىڭ ئۆزىنى مۇستەھكەملەپتۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېپىلنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاجىزراق ئىكەن، بىراق ھۆلى ئىنتايىن قېلىن، پۇختا ئىكەن، بولۇپمۇ قوۋۇق تېمى ناھايىتى قېلىن بولغانلىقتىن، بىر قاتار مەخپىي ئۆي قېزىۋالغىلى بولىدىكەن.

سېپىل قوۋۇقىغا ئىشلىتىلگەن تاش ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى ۋەيران بولۇپ بوپتۇ. لېكىن، ھازىرقى تۇرقىدىن قارىغاندا، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىگە سوقۇلغان سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىردىن قورال‌لىق قوغدىلىنىدىغان قوۋۇق بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى روشەنكى، غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدە 5 ـ قوۋۇق بولۇشى كېرەك.

شەھەردىكى ئىمارەتلەر تۈزلىنىپ كەتكەنلىكتىن، كوچىلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق پەرق قىلالمىدۇق، پەقەت ئىككى ئاساسلىق يولنى پەرق ئېتەلىدۇق. بىرى شەرقتىن غەربكە، يەنە بىرى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، شەھەر مەركىزىدە كېسىشىدىكەن. بۇ كېسىشكەن جايغا «خارابە K» دەپ بەلگە قويدۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ يەر مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر خانىنىڭ ئىبادەتخانىسى جايلاشقان يەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، شەھەر رىملىقلارنىڭ قەلئە[5] ئەندىزىسى بويىچە پىلانلانغانلىقى شۈبھىسىز.

شەھەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتخانە، مەسچىت ۋە قەبرە ئىكەن. قىسقىسى، ھەممىسى دىنىي ئىمارەت بولۇپ، باشقىچە ئىمارەتتىن بىرىمۇ يوق ئىكەن. ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شەكلى ياكى ئىرانچە (ئۆگزىسى گۈمبەزلىك) ياكى ھىندىچە (ستوپا)[6] ئىكەن. مەيلى تۇرپان بوستانلىقىدا بولسۇن ياكى بىز بارغان باشقا قەدىمىي شەھەرلەردە بولسۇن، جۇڭگوچە ئىمارەت ئۇچراتمىدۇق.

قوچو ئىبادەتخانا شەھىرى بولۇپلا قالماي، قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكامى ئۇرۇش ۋاقتى-

دا شەھەر سىرتىدىكى كېسەك ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقان پۇقرالارنىڭ پاناھگاھى بولغان. ھازىرقى تۇپا دۆڭلىرى بۇ كېسەك ئۆيلەر بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، بىراق ھازىر پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان شەرقىي تۈرك-لەر شەھەر سىرتىدىكى ئاددىي ئۆيلەردە تۇرىدىكەن، قالغانلىرى بازار قىلىنغان بىر كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرىدىكەن. ئاباد، ئاستانە ۋە قاراغوجا دېيىلگەن ئۈچ كىچىك مەھەللىدە 1100 تۈتۈن بار ئىكەن.

بىز دېھقان ساۋۇت (Saut) نىڭ «سارىيى» (sarai) ئالدىدا ئاتتىن چۈشتۇق. بىرىنچى قېتىملىق يىراقتا سەپەر قىلغۇچى ئەترەتتىكىلەرمۇ بۇ يەرگە چۈشكەنىدى، ئۇ بىزنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولدى. ئۇ ئىنتايىن قۇۋ ئادەم بولۇپ، ھېيلىگەر تۈلكە دېسىمۇ مۇبالىغە بولمايتتى، بىراق ئۇنىڭ چاقچاقلىرى تولىمۇ قىزىق ھەم سىپايە بولغانلىقتىن، ئاچچىقلايلى دېسەكمۇ ئاچچىق-لىيالمايتتۇق. ئۇ بىرقانچە ئېغىز ئۆيىنى بىزگە بېرىپ، ئۆزى خوتۇن ـ باللىرىنى ئېلىپ باشقا جايدا تۇردى. بىزنىڭ ئۆيدە-مىزنىڭ چوڭلۇقى بەش كۋادرات يارد كېلەتتى، سېپىلنىڭ كارىدورى ۋە مەخپىي ئۆيلىرىگە چىققىلى بولاتتى. مانا بۇ بىز-نىڭ كەلگۈسى 11 ئايدىكى ئۆيىمىز ئىدى.

بىز كۆچۈپ كىرىشىمىز بىلەن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ يەرگە كەلگەن تۇنجى كۈندىن تارتىپ يەرلىك ئاھالە بىلەن ئېچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتتۇق. بىز ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئوغلى «برووۋنىڭ» ماركىلىق تاپانچىنى ئويناپ، ئوق چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنى يارىلان-دۇرۇۋاپتۇ. ئوق ئۇنىڭ سول بىلىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپ-تۇ، تەلىيىگە قان تومۇر، نېرۋا ياكى سۆڭەكنى زەخمىلەندۈر-مەپتۇ. ئۇنىڭ يارىسى بىرنەچچە كۈندىلا تولۇق ساقىيىپ كەتتى، بۇ مىللەتنىڭ جېنىنىڭ چىڭلىقىنى بۇنىڭدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي لۇكچۇن ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇ تۇرپان ۋاڭىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى. ئۇ بىزنى ئوردا (orda) غا كۆچۈپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى، بىراق بىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدۇق، چۈنكى بۇ قەدىمىي شەھەر بىزنىڭ خىزمەت ئورنىمىز، لۇكچۇن بىلەن خىزمەت ئورنى ئارىلىقىدىكى 13 مىل يولنى كۈندە ئاتلىق مېڭىشنى زادىلا خالىمايتتۇق. تەكلىپنى رەت قىلىپ، دوستلۇقىمىزغا ئاراز يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، دەرھال لۇكچۇنگە بېرىپ ۋاڭنى يوقلىدۇق.

ئەتىسى رەسمىي ئىش باشلىدۇق، يەرلىك كىشىلەر دەرھال سىزىقچىلىرى كونىچە لاي ھەيكەل بېشى ئېلىپ كەلدى، بىر قانچە دېھقان مېنى قەدىمىي شەھەرنىڭ مەركىزىگە ئېلىپ باردى، بۇ يەردە ئۇلار چوڭ بىر زالدىكى يىلى يېڭىراق بىر نېپىز تامنى يېڭىلا ئۆرۈۋەتكەنىكەن، بۇ تامنىڭ ئارقىسىدا يىلى كونىراق يەنە بىر تام بار ئىكەن. قەدىمىي تامنىڭ ئۆرۈلمەي قالغان قىسمىدا مانى كاھىنلىرىچە كېيىنگەن ئادەمنىڭ قەدىمىي تام رەسىمى بار ئىكەن، بۇ ئادەمنىڭ رەسىمى راست ئادەمدىنمۇ چوڭراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئۆز سالاھىيىتىگە قاراپ تۇرلۇك ئاق تون كىيگەن ئىستىقامەتچىلەر ئوراپ تۇرغانىكەن. بۇ ئىستىقامەتچىلەرنىڭ چىرايلىق پارسچە ئىسمى مەيدىسىگە سوغدى يېزىقىدا يېزىپ قويۇلۇپتۇ. بىزنىڭ بۇ مانى دىنىنىڭ قۇرغۇچىسى مانىنىڭ رەسمى[7] ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە تولۇق ئاساسىمىز بار. بۇ رەسىم بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى. ئەمەلىيەتتە، بۇ تام رەسىمى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا تام رەسىمى بولمايدۇ دېگەن قاراشنى يوققا چىقاردى. بۇ خانا قەدىمىي شەھەردىكى باشقا بىر قانچە ئېغىز ئۆيگە ئىنتايىن ئوخشاش بولۇپ، «پەرھىزخانا» بولۇشى مۇم-

كىن.

ىراق، بىز يەنىلا بەك كىچىككىنە كەپتۇق. ناۋادا بۇ ۇنراق كەلگەن بولساق، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ يۇنانلىشىش مەزگىلىدىكى رەسىملەرنى كۆپرەك ساقلاپ قالغان، مانى ۋەسىقىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قۇتقۇزۇۋالغان بولاتتۇق، بۇ ۋەسىقىلەر دىن تارىخى ۋە تىلنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بىر دېھقان بىزگە بىر نەچچە قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش قىلغان ئەترەت بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى تۈزلەپ زىرائەت تېرىش ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانىنى بۇزغاندا، ئۇيلىمىغان يەردىن توپتوغرا بەش هارۋا كەلگۈدەك مانى نومى قولىيازمىلىرىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ قولىيازمىلار بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان تەتقىقات ئوبيېكتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىستۇرما رەسىم بولاتتى. لېكىن، دېھقان بۇ قولىيازمىلارنى بىدئەتلىك دەپ قورقۇپ، شۇنداقلا مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇنى باهانە قىلىپ، نۇرغۇن نەرسە تەلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ بەش هارۋا قولىيازمىنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا تۆكىۋەتكەن!

مانى دىنى قولىيازمىلىرى بىر نەچچە خىل ئۇسۇلدا تۈپلىنەتتى: (1) ئەنئەنىۋى جىلد شەكلى؛ (2) قاتلىما شەكىل: چوڭ بىر ۋاراق قەغەز قاتلىنىپ هاسىل قىلىنىدۇ؛ (3) ھىندىچە شەكىل؛ (4) ياۋروپاچە تۈپلەش شەكلى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھىندىچە تۈپلەنگەن قولىيازمىلار «پوتخى» (pothi) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈپلەش ئۇسۇلى مۇنداق: تار، ئۇزۇنچاق بىر دەستە ۋاراق ئالدى بىلەن تۆت تەرىپى تەكشى كەسىلىدۇ، بىر تەرىپىگە ئىككى تۆشۈك تېشىلىدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئىككى ياغاچ ياپراقچە بىلەن قەغەز بەتلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىنىدۇ؛ ئاخىرىدا ئىككى تۆشۈكتىن بوغۇش ئۆتكۈزۈپ چىڭ باغلىنىدۇ. ماتېرىيال جەھەتتە، مانى دىنى قولىيازمىلىرى قەغەز، قوي تېرىسى، يۇمشاق خۇرۇم پەلەي ۋە شايىغا يېزىلغان. بىز يەنە تېرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېزىلغان مىسىرچە قولىيازمىلارنىمۇ تاپتۇق، ئۇلار پىرېسلانغان تېرە بولۇپ، تۆشۈكچىلىرى كۆپ ھەم چۆرىسىگە ھەل بېرىلگەنىكەن. بىز يەنە چۆرىسىگە ھەل بېرىلىپ خەت يېزىلغان قۇلۇلە قېپى پارچىسىنى تاپتۇق، بىراق ئۇنىڭ جۇڭگوچە ياكى غەربچە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدۇق.

مانى دىنى نوملىرىنىڭ قولىيازمىلىرى كۆركەم ھۆسنخەتلىرى بىلەن دۇنياغا داڭلىق بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئاسىيادىكى تۇنجى مەدەنىي مىللەت — ئىرانلىقلارنىڭ بىزەك سەنئىتىگە ئامراق تۇغما خاراكتېرىنى نامايان قىلىدۇ. نوم چىرايلىق، كۆركەم مانى يېزىقىدا يېزىلغان، بۇ سۇرىيە يېزىقىنىڭ بىر خىل ۋارىيانتى؛ بەزىلىرى سوغدى ھەرپىنىڭ توم خەت شەكلىدە يېزىلغان، بۇ يېزىق تېخى بايقالمىغان سامىلار يېزىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار، غەربىي موڭغۇللار (ياكى قالماقلار) ۋە مانجۇلار قوللانغان.

تۈركىستاندىكى ھىندىلار بولسا ئەنئەنىۋى «بىتخى» چە ئۇسۇل ياكى جىلدچە ۋە قاتلىما تۇپلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان، بەزىدە ياغاچ تاختىمۇ ئىشلەتكەن. ئۇلار قەغەزنى ئادەتتە ئۇن ۋە ھاكتىن تەييارلىغان شىلىم بىلەن چاپلىغان.

مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەر بەزىدە تۈرك - رۇنىك (runic) يېزىقىنىمۇ ئىشلەتكەن، ئۇ گېرمانلارنىڭ رۇنې (runes)[8] يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق ئاتالغان. بۇ يېزىق تۈرك تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتتى. يۈكسەك ئىلمىي كاللىغا ئىگە مىللەتلا بۇنداق ترانسكرىپسىيە سىستېمىسىنى ئىجاد قىلالايدۇ، بۇ تۈركلەرنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

دانىيە پايتەختى كوپېنھاگېندىكى ئۇلۇغ تىلشۇناس پروفېسسور تومسېن (Vilhelm Thomsen) بۇ خىل ئۆزگىچە ھەم

غەلىتە يېزىقنى يېقىندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېشىپ ئوقۇپ چىقتى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىردىنبىر سېلىشتۇرما نۇسخىسى ئورخۇن تاش ئابىدىلىرى⑨. مەن كېيىنچە بۇ يېزىقتا يېزىلغان قولىيازمىلارنى تاپقاندا، ئەڭ ياخشى ساقلانغان بىر ۋاراقنى ئايرىۋېلىپ، بۇ تالانتلىق تىلشۇناسقا بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، دۆلەتكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلماقچى بولدۇم.

گرۈنۋېدېل ئۈچ جايدىكى خارابىلىقتا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تاپىلىغانىدى، بىراق ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىغان بولساقمۇ، نەتىجە كۆزلىگەندەك بولمىدى، بۇنى بارتۇس ئالدىن ھۆكۈم قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرىنچى قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئەترەت كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى خارابىلىقنى قالايمىقان قېزىشقا باشلىغان، چۈنكى ئۇ يەردىكى نۇرغۇن بۇيۇم ھازىرقى تۇرمۇشتىمۇ خېلى ئەسقاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قانچە 100 يىلدىن بۇيان، قۇم - بوراندىن ھاسىل بولغان سېرىق توپا قاتلىمى ھەيكەل پارچىلىرىنى بېسىپ، ئورگانىك ئوغۇتقا ئايلانغان، شۇڭا يەرلىك ئاھالە ئۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچراتقان.

قىممىتى ھەيكەللىرىنىڭكىدىنمۇ ئارتۇق بولغان كېسەك تامدىكى رەسىملەرمۇ بالا - قازادىن ئامان قالمىغان. مۇسۇلمانلار بۇ رەسىملەردىن نەپرەتلەنگەنلىكتىن، ئۇنى بايقىغان ھامان نابۇت قىلغان، بولۇپمۇ رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ يۈزىنى بۇزۇۋەتكەن. چۈنكى، يەرلىك كىشىلەر رەسىمدىكى ئادەم، ھايۋانلارنىڭ كۆزى ۋە يۈزىنى ئۇچۇرۇۋەتمىسە، ئۇلارنىڭ كېچىسى تىرىلىپ، رەسىمدىن چۈشۈپ، ئادەم ۋە ئۆي ھايۋانلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىقىغا ھېلىھەم ئىشىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار تامدىكى رەسىملەرنى سۇۋاق بىلەن

قوشۇپ قىرىۋېلىپ، ئۇنۇمسىز ئېتىزغا ئوغۇت قىلىدىكەن. چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى قەدىمىي يادىكارلىق-لارنى بۇزىدىغان بۇنداق قىلمىشلارغا پىسەنت قىلمايدىكەن. ئۇ-لارنىڭ ھەممىسى كۆڭزى تەلىماتىغا بەيئەت قىلىپ، بۇددا دىنى-نى پۇقرالارنىڭ دىنى دەپ چەتكە قاقىدىكەن[10]. (بىز قەدىمىي يادىكارلىقلار ئارىسىدىن خەنزۇچە خەت بار تاش ئابىدە تاپقاندىن كېيىنلا، ئۇلار قىزىقىشقا باشلىدى، ئۇلار بۇددا مەدەنىي يادى-كارلىقلىرىنىلا ئېلىپ كېتىشىمىزگە قوشۇلدى.)

تۇرپان ئويمانلىقىدا يېقىلغۇ ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئىبادەتخانا لىملىرىمۇ ساق قالماپتۇ. پولدىكى چىرايلىق چاقچۇق خىشلار يەرلىك ئاھالىنىڭ تېخىمۇ كۆزىنى قىزارتىدىكەن. تېخىمۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا، يەرلىك كىشىلەر شۇ ئەتراپتا پات - پات دەپنە - دۇنيا ئىزدەپ، باھاسى خېلى يۇقىرى بولغان مىس يارماق، ئالتۇن - كۈمۈش ياكى ئۇششاق كۈمۈش ھەيكەل قاتارلىقلارنى تاپقانىكەن.

ئاخىردا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلار خارا-بىلىكلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلاپتۇ. خارابىلىق ئۆزلۈك-سىز قېزىلىپ، قەدىمىي يادىكارلىقلار توشۇپ كېتىلگەنلىك-تىن، شەھەر ئىچىدىكى بوش يەر تەدرىجىي كۆپىيىپتۇ. قەدىمىي يادىكارلىقلار تۈزلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، دېھقانلار يەرنى تۈز-لەپ ئېرىق كولاپتۇ. سۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئورنىنى تول-دۇرغۇسىز زىيانغا ئۇچرىتىپتۇ. نۇرغۇن جايدىكى قەدىمىي يادى-كارلىقلارنىڭ تېمىنىڭ يېرىمى سۇ ئاستىدا قاپتۇ، ئۇنىڭدىكى ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىشىپتۇ.

«خارابە K» دەپ بەلگە قويۇلغان مانى دىنى تاشكېمىرىدە بىر نومخانا سۇدا ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ، بۇ مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى. سېرىق توپىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، بىر ئە-شىكنى تاپتىم. ئىشىك بوسۇغىسىدا بىر راھىبنىڭ شامالدا

قۇرۇپ كەتكەن جەسىدى يېتىپتۇ، كاساياسىدا قان دېغى ھېلىھەم بار ئىكەن. بىز ئىشىكنى ئېچىپ بىر خانىگە كىرىپ، يەردە ئىككى فۇت قېلىنلىقتا بىر نەرسىلەر بارلىقىنى كۆردۇق. سىنچىلاپ قاراپ، مانى نومى قولىيازمىلىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. ئۆگزىدىكى سېرىق توپا قاتلىمىدىن سىڭىپ ئۆتكەن سۇ قەغەزلەرنى ھۆل قىلىپ كاللەك قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ يەرنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسىنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن، بۇ بىباھا قوليازمىلارنىڭ ھەممىسى بىر دۆۋە سېرىق توپىغا ئايلىنىپتۇ! مەن ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ۋاراق ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن قۇرۇتۇپ، بەزى قولىيازمىلارنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولغانىدىم، لېكىن بۇ ۋاراقلار دەرھال ئۇۋۇلۇپ كەتتى، ئۇلاردىكى چىرايلىق يېزىلغان خەتلەر، رەڭگارەڭ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەسىملەرنى غۇۋا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. تاملاردىكى تەڭداشسىز چىرايلىق رەسىملەرمۇ سىڭىپ ئۆتكەن سۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپتۇ. بىز نومخانىنىڭ يېنىدىكى كارىدوردىن نۇرغۇن تاۋار — دۇردۇن تاپتۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارچە، بەزىلىرى جۇڭگوچە بولۇپ، مانى دىنىغا تەۋە تامغا ئاسىدىغان كىگىزمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭغا مانى كاھىنلىرىنىڭ تونىنى كىيگەن ئەر — ئاياللار سىزىلغان.

ئىبادەتخانىدىكى بېغىشلىما رەسىملەر ياپونىيىنىڭ كاكېمونو (kakemono) شەكلىگە تەۋە بولۇپ، بۇنداق كاكېمونو مانى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئائىت رەسىملەردە دائىم چىلىقىدۇ، ئۇ غەربتىن تارقالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە پارچە گۇمبەزلىك تۆت ئىمارەتنى بايقىدۇق. بارتۇس ئۇلارنىڭ بىرىدىن قىممىتى خېلى يۇقىرى مانى قولىيازمىلىرىنى تاپتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىر رەسىم قولىيازمىسىنىڭ بىر تەرىپىگە دىنىي تون كىيگەن مانى ئۆلىماسى سىزىلغان ھەم سوغدى ۋە

ئۇيغۇرچە خەتلەر يېزىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە بىر توپ سازەندە ۋە چىرايلىق بېزەلگەن بىر جىلد كىتاب سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كېيىنكى مەزگىلدىكى سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان بىر قانچە قۇر خەت بار ئىدى، ئۇنىڭدا بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ نام - شەرىپى خاتىرىلەنگەن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بەزى جايلىرى چۇ-شۇپ كەتكەن.

جەنۇب تەرەپتىكى قۇببىلىك ئىمارەت، يەنى بىز ئېيتقان «جەسەت ئۆيى» دىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تېنىمىز شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدى ئىشىكى ئېتىۋېتىلىپتۇ، قۇببىسىمان ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ، ئۇستىگە تاختاي يېپىتىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر ئېغىز ئىبادەتخانا سېلىنىپتۇ، لېكىن هازىر ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ ئېشىپ قالغان پاكار تاملىرىلا قاپتۇ. بىراق، بىز تامدىكى بۇددا تام رەسىملىرىنىڭ ئىزناسىنى يەنىلا پەرق ئېتەلىدۇق، ئاساسلىقى لاما دىنى مەزگىلىدىكى قەھرى بۇتنىڭ رەسىمى ئىدى.

بىز ئىچىدىكى ئاسارئەتىقىلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، پولدىكى تاختايلارنى ئېلىۋېتىپ، ئاستىدا ئۆرۈلگەن قۇببىسىمان ئۆگزىنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. ئويلىمىغان هالدا، ئۇ يەرگە بىر قانچە 100 جەسەت دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ كىيىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىئەجەل ئۆلتۈرۈلگەن بۇددا را-هىبلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ئۇستىدىكى جەسەتلەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ، تېرىسى، چېچى، قۇرۇغان كۆزى، هەتتا جېنىغا زامىن بولغان يارىسىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر باش سۆڭىكى تاكى ئاستىنقى ئېڭەك-كىچە قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىلگەن.

قەدىمىي شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولغان بۇ قېتىمقى قەتلىئام IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن بولۇ-شى مۇمكىن. ئەينى چاغدا جۇڭگو هۆكۈمىتى راهىبلارنى باشقۇ-

رۇش مەقسىتىدە، خرىستىئان، مانى، بۇددا راھىب كاھىنلىرى-
نىڭ دەھرىلىككە قايتىپ، توي قىلىپ بالا - چاقىلىق بولۇپ،
زىرائەت تېرىپ باج تاپشۇرۇشى ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتۆشى
توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇيرۇقتا بويسۇنمىغانلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن[11].

بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەممە يەردە ئوخشاش بولىدۇ، ئېتىد-
قادى مۇستەھكەم تەقۋادار كىشىلەر ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدۇ،
شۇڭلاشقا بۇنداق قەتلىئام پاجىئەسىدىن ساقلىنىش تەس.

## خىزمەت ۋە تۇرمۇش

بىزنىڭ خىزمەت مۇھىتىمىز ئىنتايىن ناچار بولۇپ، قىش
كۈنلىرى شەرقىي شىمالىي تەرەپتىن چىققان سوغۇق شامال
سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتەتتى، ياز كۈنلىرى بولسا تۇرپان ئويمان-
لىقى تونۇرغا ئوخشاپ قالاتتى، ھەرقانداق نېپىز كىيىممۇ ئېغىر
كېلەتتى. بىز قىلچە سايە بولمىغان پېژغىرىم ئاپتاپتا ئىشلەشكە
مەجبۇر ئىدۇق.

پومېرانىيىلىك بارتۇسنىڭ تېرىسى ئاپتاپتا قىزىرىپ كەت-
تى، فرانسۇز قان سىستېمىسىدىن بولغان مەنمۇ نېگىرغا ئوخ-
شاپ قالدىم.

چاڭ - توزان كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلاتتى. ئېغىز -
بۇرنىمىز دائىم دېگۈدەك چاڭ - توزان بىلەن تولاتتى، بولۇپمۇ
3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان بوران پەسلىدە، بوراندا كۆتۈ-
رۈلگەن چاڭ - توزان قارا بۇلۇتقا ئوخشاپ قالاتتى. تۇرپان
ئويمانلىقىدا 10 يىلدا بىر قېتىم يامغۇر ياغىدىكەن. بۇ يەردىكى
ئات «ھارۋا» (araba) لارنىڭ تۆمۈر چەمبەرلىك چاقلىرى ئادەم
بويىدىنمۇ ئېگىز بولۇپ، ماڭغان يولىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ-

كەن، سېرىق توپا قاتلىمىمۇ هارۋا چاقىنىڭ ئىزىشى بىلەن توزغاق بولۇپ كېتىدىكەن.

بىز قىزىشنى باشلىغاندا چاڭ – توزان كۆتۈرۈلۈپ، كەچ-قۇرۇن ئىشتىن چۈشكەندە، كانىيىمىزمۇ چاڭ – توزان بىلەن تولۇپ، تۇكۇرسەك لاي تۇكۇرەتتۇق.

چاڭ – توزان هاۋانى تىنجىق قىلىۋەتسىمۇ، ئاپتاپنى تو-سۇيتتى، شۇڭلاشقا مەن بىرىنچى تۈركۈمدە تارتقان سۈرەتلەر-نىڭ نۇرى يېتىشمەپتۇ. بىز بۇ يەرگە كېلىپ ئالتىنچى هەپتىسى ئۆيىمىزنىڭ سىرتىدا قارلىق تاغ بارلىقىنى كۆردۈم، ئەسلىدە شۇ چاققىچە ئۇنى چاڭ – توزان توسىۋالغانىكەن.

تاملىقىمىز ناهايىتى ئاددىي بولۇپ، دائىم يەيدىغىنىمىز قوي يېغى بىلەن تەييارلانغان گۈرۈچ تاملىقى ئىدى!

يەرلىك كىشىلەر «پولۇ» (palao) دەپ ئاتايدىغان بۇ تاماق-نىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى هەم تەملىك بولسىمۇ، قوي يېغى ياز كۈنلىرى ئۇچاي پۈراپ قالاتتى، تومۇز ئىسسىقتا پۈراپ قالغان بۇنداق تاماقنى يېگەن كىشىنىڭ ئاشقازىنى بىئارام بولات-تى.

بەختىمىزگە يارىشا، بۇ يەردە مېۋە – چېۋە، ئۈزۈم ۋە قۇرۇق مېۋە يىل بويى ئۈزۈلمەيتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ خوتۇنى پىشۇرغان نان تولىمۇ تەملىك ئىدى. نان يەرلىك كىشىلەر «تونۇر» (tonur) ياكى «تانۇر» (tanur) دەيدىغان يەرلىك ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىكەن. ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇنداق ئەنئەنىۋى تونۇر ئۆز نامىغا ئوخشاش مىسسوپوتامىيىدىن كەلگەن. ئۇ ئېگىز-زى يانار تاغ ئاغزىغا ئوخشاش يۇمىلاق ئوچاق بولۇپ، ئىشلەت-كەندە ئالدى بىلەن ئوت قالاپ قىزىتىلىدىكەن، تونۇر ئوبدان قىزىغاندىن كېيىن، خېمىرنى يۇمىلاق قىلىپ تونۇرغا چاپلايدى-كەن، چاپلانغان خېمىر پىشقاندىن كېيىن ئۆزى سويۇلۇپ چۈ-شىدىكەن. نان سويۇلۇپ چۈشكەندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسىنىڭ

خوتۇنى ئۇنى ئېلىپ، ئۈستىدىكى كۆللەرنى سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى تەملىك تائام تەييار بولىدىكەن.

بىراق، چاي ۋە نان بولمىغان كۈنلىرى ئەھۋالىمىز قىيىن بولاتتى. چۈنكى مېۋىنى، بولۇپمۇ ئۆرۈك بىلەن شاپتۇلنى كۆپ يېسەك، ئاشقازىنىمىزغا ياقمايتتى. ئىسسىق كۈنلەردە ئاشقازان كېسىلىنى داۋالاش تەس بولۇپ، ئوڭايلا ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. كونسېرۋا يېمەكلىككە كەلسەك، بىز ئاران بىر نەچچە ساندۇق ساردىنا بېلىقى كونسېرۋاسى ۋە كۆك پۇرچاق پۇدىڭى ئالغاچ كەلگەنىدۇق.

بىز يەنە تۆت باك ئۈزۈم ھارىقى ئالغاچ كەلگەنىدۇق، لېكىن پەقەت ئىچكىمىز كەلمىدى. كېيىن ئېشىپ قالغان ئۈچ باك ھاراقنى 3 - قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىدىكەلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يولغا چىقىدىغان چاغدا سىڭىللىرىم پونسارىدىن ھارىقى (Veuve Cliquot Ponsardin) دىن بىر مۇنچە سوۋغا قىلغانىدى، بۇ ھاراقنى سوۋۇتۇپ ئىچسە، چارچىغان كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. بىر قانچە بوتۇلكا ھاراقنى ھۆل كىگىز بىلەن ئوراپ، شامالLIق يەرگە ئېسىپ قويدۇم، كىگىزنىڭ نېمى كەتمىسىلا، پارغا ئايلانغان سۇ ھاراقنى سوغۇق ساقلايتتى.

بىز ئادەتتە ئەتىگەن سائەت تۆتتە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، كەچ سائەت يەتتىدە ئىشتىن چۈشەتتۇق. ئارقىدىن ئىشچىلارنىڭ پۇلىنى بېرىپ، تاپقان نەرسىلەرنى تىزىملاپ، ئوراپ - قاچىلاپ، ھېسابات قىلىپ، خەت يېزىپ، ئاددىيلا كەچلىك غىزا يەيتتۇق.

ھويلىمىز دائىم يىراقتىن داۋالانغىلى كەلگەن كىشىلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى، ئۇلار ئادەتتە رېماتىزم ۋە بەزگەك كېسەللىنى داۋالاتقىلى كېلەتتى، خىنىن ۋە سالتسىل كىسلاتانىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغانلىقتىن، داۋالانغىلى كېلىدىغانلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، بىزگە بارغانسېرى ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق، ساقايماس كېسەللەر كېلىپ قالسا، ئارمانىمىزغا چۈشلۈق دەرمانىمىز يوق بولۇپ قالاتتى. بۇنداق ئەھۋالغا دۈچ كېلىپ قالساق، زەھەرسىز رېتسىپ يې- زىپ، كۆڭلىگە تەسەللى بولىدىغان گەپلەرنى قىلىپ يولغا سا- لاتتۇق.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن كېسەل كۆرۈۋاتسام، تۇيۇقسىز بىر يىرتقۇچ قۇش ھويلا ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قانداق قۇشلۇقىنى بىلمەكچى بولۇپ سىرتقا چىقتىم، دەرۋازا تۈۋىدە ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقان بىر مومايغا سوقۇلۇپ كەتتىم. مەن: «موما نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟» دەپ سورىدىم ئەجەبلىنىپ. ئۇ: «غوجام، بەش كوي پۇل تاپالمى- دىم» دېدى. مەن يەنە: «نېمە بەش كوي، موما؟» دەپ سورى- دىم. ئۇ: «غوجام، سىز بىخەۋەر، سىز ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى داۋالانغىلى كەلگەنلەر بەش كوي بەرمىگۈچە ھويلىغا كىرگۈزمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولدۇم، بۇ مومايىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ۋەقەنى قايتا سۆزلەتتىم، باشقا بىمارلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ساۋۇتنىڭ قىلىقى مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. مەن كە- مىرىم بىلەن ئۇنى ساۋىدىم. بۇ مېنىڭ يەرلىك كىشىلەرنى تۇنجى قېتىم ئۇرۇشۇم ئىدى. مۇن لوكچۇن ۋاڭىغا ئېيتىپ، ئۇنى «كالتەك» بىلەن دۇمبالىتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ساۋۇت سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ دەر- ھال كۆزدىن يوقالدى. بىزمۇ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتۇق. ئەمدى كۆزۈم ئىلىنىشىغا، ئۆينىڭ سىرتىدا يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلىدە بۇ قۇۋ «تۇلكە» مومىسى، ئانىسى، خوتۇنى، چىرايلىق قىزى زۇۋىدىغان (Zuwidikhan)، جىيەن قىزى ھەم باشقا

بارلىق ئايال تۇغقانلىرىنى يالۋۇرۇشقا باشلاپ كەپتۇ، ئۇلار قۇرۇق ئۈزۈم، قەنت، چاي ۋە باشقا پۇلىغا يارىغۇدەك سوۋغات ئېلىپ، نەۋرىسى، ئوغلى، ئېرى، ئاتىسىنى ئەپۇ قىلىشىمنى ئىلتىماس قىلىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

بۇ غوۋغاچىلار مېنى يەڭدى، ئۇ خاتالىقىنى تۈزەتسە، بۇنىڭدىن كېيىن تەگمەسلىككە ماقۇل بولدۇم.

بۇ ئاياللارنىڭ قورقۇشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاساسى بار ئىدى. ئىلگىرى چوڭ ھوقۇقنى ئىلكىدە تۇتقان ۋاڭ جۇڭگو جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ، ئەمەلىي ھوقۇق مەنچىڭ ئەمەلدارىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، ۋاڭنىڭ ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى قالمىغان بولسىمۇ، تەن جازاسى بېرىش ھوقۇقى يەنىلا بار ئىدى. جازا قورالى كالتەك بىلەن چىۋىق ئىدى. كالتەك باش تەرىپى يالپاقلانغان ئۇزۇن بامبۇك بولۇپ، بىزنىڭ قېيىق ھەيدەيدىغان پالىقىمىزغا ئوخشاپ كېتەتتى. جازالىنىدىغان كىشى يەردە دۈم ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن، دۈمبىسى ئېچىلىپ كالتەكلىنەتتى، بىر كالتەك تەگسىلا گۆشى تىتىلىپ كېتەتتى، 25 كالتەك يېگەن كىشى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلاتتى.

ياش، كېلىشكەن لۈكچۈن ۋاڭى تۇرپاننىڭ تۇنجى ۋاڭى ئىمىن خوجىخاننىڭ 7 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ بوۋىسى بىلەن ئىسىمداش ئىدى. ئىمىن خوجاخان 1760 ـ يىلى ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ بېرلىن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان راست ئادەم چوڭلۇقىدا بىر رەسىمى بولۇپ، مەخسۇس چيەنلۇڭ خان ئۈچۈن سىزدۇرۇلغان. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى — ئۇنىڭ ئېگىز قاڭشىرى بىلەن كۆك كۆزى. بىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يوقالغىنىغا 1000 يىل بولغان توخارلارنىڭ ئىزناسىنى كۆرگەندەك بولدۇق.

بىز دېكابىرنىڭ باشلىرىدا تەكلىپكە بىنائەن لۈكچۈن ۋاڭى-

نىڭ ئوردىسىغا بېرىپ مېھمان بولدۇق، سورۇن تولىمۇ ھەشەمەتلىك بولدى. ئوردىنىڭ تۈۋرۈكلۈك چوڭ زالىدا ئوردا كىيىمى كىيگەن ھوقۇقدار - ئېسىلزادىلەر ئىككى رەت ئولتۇردى، زالنىڭ تۆرىسىدىكى ئېگىز ئورۇندا ۋاڭ ئولتۇردى، بارتۇس بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇردۇق.

بىزنىڭ يېنىمىزغا يوغان چوغدان قويۇلغانىدى، بىراق ياغاچ كۆمۈر تەكشى كۆيمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن ئىس چىقىپ بىزنى تولىمۇ بىئارام قىلدى.

زىياپەت مېۋە - چېۋە بىلەن باشلىنىپ، داستىخانغا ئالدى بىلەن ئۈزۈم، تاۋۇز، ياڭاق، پىستە[12] ۋە تەمى خېلى ئوبدان چاي قويۇلدى. ۋاڭ بىزنى ئەتىۋارلىغانلىقتىن، چېيىمىزغا نۇرغۇن قەنت سېلىندى. ئارقىدىن قوي گۆشى ۋە شورپىسى ئېلىپ كېلىندى، ئاخىردا پولۇ ئېلىپ كېلىشتى. پولۇ قوي يېغى، توخۇ گۆشى، قۇرۇق ئۈزۈم، سەۋزە ۋە بېھى بىلەن تەييارلانغان بولۇپ، قوي يېغى بىقسىپ قالمىسىلا، بۇ ھەقىقەتەن ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ھەم ناھايىتى تەملىك غىزا ئىدى.

زىياپەتتە غىزالىنىشنىڭ قائىدىلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈن - تىن چىقارغىلى بولمايتتى، بۇنىسى مېنى سەل زېرىكتۇرۇپ قويدى. ئاخىرى بۇ سىپايە ئەپەندىلەر قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ «ئۇلۇغ ئاللا» (Allahu akbar) دېيىشتى - دە، ئۆز ئارا كۆپ قېتىم ئامانلىق تىلىشىپ، چىقىپ كېتىشتى.

ئارقىدىن ۋاڭ بىزنى ئىچكىرى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، بىر دەمدىن كېيىن بويلىرى ئېگىز، بەللىرى ئەۋرىشىم بىر توپ قىز سورۇنغا چۈشۈپ ناخشا ئېيتتى. ياندا بىر سازەندە تەڭكەش قىلدى. سازەندە ئات قىلىدىن قىلىنغان كامالچە بىلەن ساتار (si—tār، دەستىسى ئۇزۇن بىر خىل ئىسكىرىپكا) نى ناھايىتى مۇڭلۇق مۇزىكىغا چالدى. بۇ نازۇك، ساھىبجامال ناخشىچىلارنىڭ ناخشا ئېيتىشى ئەرەبلەرنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىلەن ۋارقىرى-

شىغا ئوخشمايتتى، جۇڭگولۇقلارنىڭ چىقىراق ناخشىلىرىغىمۇ ئوخشىمايتتى، كېيىنكىسىگە مەن زادىلا چىداپ تۇرالمايمەن.

مەن ۋاڭدىن بۇ ناخشىچىلارنى قاراغۇجىغا ئەۋەتسە، ئۇلار-نىڭ ناخشىسىنى پاتېفونغا ئېلىۋېلىشىمنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. بىز قاراغۇجىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ناخشىچىلار يەرلىك كىشىلەر «مەپە» (mapa) دەيدىغان، ئۈستى گۈللۈك رەخت بىلەن يېپىلغان هارۋىغا ئولتۇرۇپ كې-لىشتى. بىز تۇرغان ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئۇلارغا كۆپ قېتىم سالام قىلدى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ يۇيۇپ تارىنىشى ئۈچۈن بىر قانچە ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ بەردۇق. بىز ئۇلارنى ئۆز ئۆيىمىزدە كۈتىۋالدۇق. تامغا ئالاھىدە قىزىل يوتقان تېشى ئاستۇق، ئالدى-غا قەن - گېزەك قويدۇق.

ئۇلار دەسلەپتە سەل جىددىيلەشكەنىدى، بىر قانچە رومكا شامپان ئىچكەندىن كېيىن، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

مەن «نەغمە ساندۇق» (nāghma sandūq) نى ئېلىپ، ئۇن ئېلىش مىكروفونىنى توغرىلاپ، بۇ مىكروفونغا قاراپ ناخشا ئېيتىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ دەسلەپتە قورقتى، كېيىن غەيرەتكە كېلىپ، ناخشا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك جاراڭلىق بولغانلىقتىن، مېتال قوبۇللىغۇچ ناخشا نوتىسى بىلەن ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تىترىشىنى ۋاسكوۋكىغا يەتكۈ-زۈپتۇ.

مەن ئىككىنچى ناخشىچىنىڭ بوشراق ئېيتىشىنى ئۆتۈن-دۇم، بىراق ئۇنۇمى بولمىدى. ئۇلار سەل جىددىيلەشكە-لىكتىن، ناخشىنى ئۈنلۈك ئېيتىپ قورقۇنچنى يوقاتماقچى بول-غان. مەن بىر قانچە خەلق قوشىقىنى دىسكىغا ئالغاندىن كې-يىن، ئۇلارنى تەشەككۇر ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇلار رۇ-سىيە «تىللا» (tila) سى ئېلىپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا لۈكچۈنگە قايتتى.

مەن بۇ ۋاسكوۋكالارنى «بېرلىن پسىخولوگىيە ئىنستىتۇ-تى» (Berlin Institute of Psychology) غا بەردىم، ئۇلار ھازىر-مۇ ياخشى ساقلىنىۋاتىدۇ، ئەپسۇسكى بۇ يېقىملىق ناخشىلارنى تەتقىق قىلىدىغان كىشى چىقمىدى. كىشىلەر تېخى ئۇنى ياۋروپا قوشاقلىرى دەپ ئويلىغان.

بىراق، بۇ ئىش بىزگە خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا گەپ - سۆز قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ ناھايىتى تېز تارقىلىدىكەن. شۇڭا، يېقىن ئەتراپتىكى زېمىندار-لار (zamīndārs) نىڭ ھەممىسى ئوردىدىكى ساھىبجامال ناخشى-چىلارنىڭ ناخشىسىنى ئەجنەبىينىڭ «نەغمە ساندۇقى» غا قاچى-لاپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ.

ناخشىنى دىسكىغا ئېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، داۋال-ىشقا كەلگەن بىمارلاردىن باشقا، سالاپەتلىك كىيىنگەن بىر قانچە بوۋاينىڭ قورۇدا مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار ئەدەپ يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن سالاملاشقاد-دىن كېيىن: «ناخشىچىلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقساق بو-لامدۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۇلارنىڭ سۆزى ناھايىتى سەمىمىي بولغانلىقتىن مەن ما-قۇل بولدۇم، بىراق كېيىنچە كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپە-يىپ، نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىۋەتتى.

كېلىدىغانلار بەك كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇچىنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ، چاي ئىچكەچ پاراڭ-لاشتۇق.

«ھەي، دوستلىرىم (Ai dūstlarim ā)! سىلەرگە مەلۇم، شېھىر ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئاللانىڭ كارامىتى، يەنە بىرى شەيتاننىڭ ھىيلىسى!» دېدىم مەن.

ئۇلار: «شۇنداق، تۆرەم (Balī turam)» دەپ جاۋاب بې-رىشتى تەڭلا.

مەن ئۇلارغا: «سىلەرگە مەلۇم، ئاللا ھېكمەت (hikmat) نى پەرەڭلەرگە كۆپرەك بەرگەن» (كۆپچىلىك يەنە: «شۇنداق تۆرەم!» دېدى)، «شۇڭا بىز ئىككى خىل سېھىرنى بىلىمىز، سىلەر ئاللانىڭ كارامىتىدىنلا خەۋەردار (كۆپچىلىك يەنە: «شۇنداق تۆرەم!» دېدى)، مەن سىلەرنى ئويلاۋاتىمەن. ‹نەغمە ساندۇق›، تا شەيتان بار، ئۇ ناخشىنى يېزىۋېلىپ ئېيتىدۇ. سىلەر ناخشا ئاڭلىماقچى بولساڭلار مەن قويۇپ بېرەي، بىراق ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇشۇڭلار كېرەك، شۇڭا بۇنى باشقىلارغا دەپ بېقىڭلار!» دېدىم.

ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ ساقىلىنى سىلاپ ئويغا پاتتى، ئىچىدە پىچىرلاپ بىر نەرسىلەرنى دېدى، بىر - بىرىنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى - دە، باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى چىقىپ كەتتى. بىراق، ئۇلار ئارىدىن ئۈچ مىنۇتمۇ ئۆتمەي قايتىپ كىرىپ: «تەقسىر تۆرەم (Taksir turam!) سىز بىزنى قوغلىماقچى، ئىچىدە شەيتان يوق، ‹نەغمە ساندۇق› سىلەر فرانسىيىلىكلەر ئىجاد قىلغان ماشىنا (makina)، خاپا بولماي بىزگە قويۇپ بەرسىڭىز!» دېدى.

بۇ جاۋاب مېنى ناھايىتى خۇشاللاندۇردى، ئۇ بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق دەلىللەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ناخشا قويۇپ بەردىم، بۇ بوۋايلار ناخشىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى، ئاخىرىدا قانائەتلىنىپ كەتتى.

بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆي ئىگىسىنىڭ زېرەك ئوغلى، بارتۇس «قوي بېشى» دەپ چاقچاق قىلىدىغان بالىغا پاتېفوننى قانداق قويۇشنى ئۆگىتىپ قويدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ناخشا قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا يۈكلەندى، بۇنىڭ بىلەن بىز كۆپ ئارام ئېلىپ قالدۇق.

ئوقۇرمەنلەرنى ئۇ يەرنىڭ قوشاقلىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، بۇ قوشاقلاردىن ئۈچ قوشاقنى

ئەينەن بايان قىلماقچىمەن.

## ئۈچ مۇھەببەت قوشىقى — قاراغۇجىلىق
### زۇۋۇدىخان ئېيتقان[13]

ئۇي ئىگىسى ساۋۇت قىزىنى 15 يېشىدا ئۇز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان بىر دېھقانغا بەرگەن، لېكىن ئۇلار ئەپلىشەلمىگەنلىكتىن قىزىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىۋالغان.

بىر بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ تۇغدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرۇدىغىنى، تېرىسى ئاپئاق بۇ چوكان قارىمۇتۇق، موڭغۇل ئىرقلىق بالا تۇغدى.

ئۇ دائىم بالىسىنى ناخشا ئىڭشىغاچ ئېمىتەتتى. بىزنىڭ شەخسىي ئالاقىمىز قويۇق بولغانلىقتىن، ئۇ ناخشا تېكىستىنى يېزىۋېلىشىمغا يول قويدى. ئۇ ناخشىلارنىڭ ئىككىسىنى قاراغۇجىلىق بىر يىگىت ئىجاد قىلغانىكەن، كېيىن ئۇ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا «مەجنۇن» (magnūn، ئەرەبچە) دەپ نام بېرىپتۇ.

3 ـ قوشاقتا بايان قىلىنغىنى ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى بىر ئەسكەر بىلەن داۋانچىڭدىكى ئەڭ چىرايلىق ئايال قەمبەرخان (Ambar Khan) نىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ئىكەن. داۋانچىڭدا ياقۇپبەگ قوشۇنى قوراللىرى خىل مەنچىڭ قوشۇنى بىلەن ئاخىرقى قېتىم قانلىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرىدا مەغلۇب بولغان، ئاشىق ـ مەشۇقلار شۇ يەردە قازا قىلغان[14].

1 ـ قوشاق

Bārisan bir bir bēsip
daryā suiyidak airilip
wāi
munčima bayring qatarmu

baqmiding bir qairilip
wāi!
Bāryica bāy bīla bardim
yanyuča tāšliq bīlan
nai!
xōšmoyu bandam kotardim
san qara qāšliq bīlan
nai!
yāri ning yāri tōlā
mandin bloak, mandin bolak
wāi!
amdi yār tutmai man — a!
sandim bolak, sandim bolak
yāi!

بارىسەن بىر بىر بېسىپ،
دەريا سۇيىدەك ئايرىلىپ، ۋاي!

مۇنچىمۇ باغرىڭ قاتارمۇ،
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ، ۋاي!

بارغۇچە باي بىلەن باردىم،
بانغۇچە تاشلىق بىلەن، نەي!

خوشمىغۇ بەدنام كۆتۈردىم،
سەن قارا چاچلىق بىلەن، نەي!

يارىمنىڭ يارى تولا،
مەندىن بۆلەك، مەندىن بۆلەك، ۋاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى يار تۇتمايمەن - ئا!
سەندىن بۆلەك، سەندىن بۆلەك يەي!

2 - قوشاق

û kōčada san bolsúng
bú kōčada man bolāi
ábār gūli san bolśang
yúpurmāqi man bolái

ičimdiki rangimni
yārim san bilalmaisan
man koidum bu otlarya
san bolsang čidalmaisan

qara xōğaning suyī
qarangyō bāylardin āqur
qara qāš qawil guğan
yurakka ōtlarni yaqur

korgali kaldingmo yar
koidurgali kaldingmo yar
koyup očkan otini
yanduryali kaldingmo yar

ئۇ كوچىدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچىدا مەن بولاي.
ئانارگۈلى سەن بولساڭ،

يوپۇرمىقى مەن بولاي.

ئۈچىمدىكى دەردىمنى،
يارىم سەن بىلەلمەيسەن.
مەن كۆيدۇم بۇ ئوتلارغا،
سەن بولساڭ چىدالمايسەن.

قاراغۇجىنىڭ سۈيى،
قاراڭغۇ باغلاردىن ئاقار.
قارا چاچ قاۋۇل جۇۋان،
يۈرەككە ئوتلارنى ياقار.

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ يار،
كۆيدۇرگىلى كەلدىڭمۇ يار.
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتىنى،
ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ يار.

3 ـ قوشاق

Dāban čing ning yari qatiq
tāwūzi tatliq
Daban čing da bir yarim bar
Ambar xān ārliq

Ambar xān ning sēči uzún
yarga tagamdō
Ambar xāndin sōrap baqing
Arga tagamdō

www.uyghurkitap.com

ūšaqqină ūncalarim čečilip katti
terip barsang čō
soyai dasam boyum yatmas
ēgilip bar sang čo

ātlaringni haidait ikan
mus dāwàn birlan
bir yàxsinī qinait ikan
bir yāmaṇ birlan

qārisam koranmaidō
Daban čing dikī qōyán
— ağap bir yaman īkan
Ambar xan din airilyan

داۋانچىڭنىڭ يېرى قاتتىق،
تاۋۇزى تاتلىق.
داۋانچىڭدا بىر يارىم بار،
قەمبەرخان ئاتلىق.

قەمبەرخاننىڭ چىچى ئۇزۇن،
يەرگە تېگەمدۇ؟
قەمبەرخاندىن سوراپ بېقىڭ،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

ئۇششاققىنە ئۈنچىلىرىم چېچىلىپ كەتتى،
تېرىپ بەرسەڭچۇ.
سۆيەي دېسەم بويۇم يەتمەس،

ئېگىلىپ بەرسەڭچۇ.

ئاتلارنىڭنى ھەيدەيدىكەن،
مۇز داۋان بىلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن،
بىر يامان بىلەن.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
داۋانچىڭدىكى قورغان.
ھەجەپ بىر يامان ئىكەن،
قەمبەرخاندىن ئايرىلغان.

ئىزاھلار:

① ئاپسۇس: ئىئونىيە (lonian) كىچىك ئاسىيادا، يۇناننىڭ ئەڭ مۇھىم شەھىرى، ئورنى ھازىرقى تۈركىيىدىكى سالجۇق (Selcuk) نىڭ يېنىدا، داڭلىق تارىخىي شەھەر. كېيىنكى بابلاردا ئاپتورنىڭ ئىزاھلىشىچە، ئۈيقۇدىكى يەتتە ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى ئۇنىڭ يېنىدا بولغانلىقتىن، «ئېفسۇس» (Ephesus) نىڭ تۈركچە شەكلى «ئاپسۇس» (Apsūs) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

—— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

② دەقيانۇسنىڭ شەھىرى: خرىستىئانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان رىم پادىشاھى دەقىئۇس (Decius) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. دەقىئۇس (تەخمىنەن 201 —— 251) رىم پادىشاھى بولغان. 249 - يىلى تەختكە چىققان. رىم، يېرۇسالىم ۋە ئانتىئو (Antioch) ئېپىسكوپلىرىنى ئۆلتۈرگەن.

③ ئىدىقۇت شەھىرى: ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىنىڭ نامى، ئۇيغۇرچە «مۇقەددەس، بەختىيار» دېگەن مەنىدە.

④ ئۈيقۇدىكى يەتتە ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى: خرىستىئانلارنىڭ دەسلەپكى رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئېفسۇستىكى ياش ئاقسۆڭەكتىن يەتتە

www.uyghurkitap.com

تىسى پادشاھ دەقىئۇسنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ، بىر غارغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان ھەم بىر ياتقىنىچە 187 يىل ئۇخلىغان.

⑤ ئەسلىسى لاتىنچە «castrum» بولۇپ، «قەلئە، قورغان» دېگەن مەنىدە.

⑥ ستوپا (stupa) : پارسچە قۇببىلىك ئىمارەت، ئاساسىي گەۋدىسى چاسا شەكىللىك، ئۈستىگە يېرىم يۇملاق شەكىلدىن ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ھاسىل قىلىنغان قۇببە يېپىلغان، قالغان يەرلىرى قولۇلە قېپى شەكىللىك كىچىك گۇمبەز بىلەن يېپىلغان. ھىندىچە ستۇپا ئادەتتە كۆپ تەرەپلىك نۇرغۇن قەۋەت بولىدۇ ھەم كىچىك ئۆيى بولۇپ، ئىچىگە ئەۋلىيانىڭ مۇقەددەس سۆڭىكى، قولىيازما، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە تىللا ـ تەڭگە قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار ۋە جەسەت كۈلى قويۇلىدۇ. نۇرغۇن بۇتخانىلاردا يۇقىرىقى ئىككى خىل بىناكارلىق شەكلى بىرلەشتۈرۈلگەن، سەل ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ يەردىكى ستۇپالار چاسا ياكى كۋادرات شەكىللىك بولىدۇ، ئالدى تەرىپىدە قۇببىلىك، چاسا كىچىك ئىبادەتخانىسى بولىدۇ.

⑦ مانى دىنى ئېتىقادى ۋە سەنئىتى ھەمدە مانىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا، «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كلاسسىك سەنئىتى» (Die Buddhistische Spatantike Mittelasiens) نىڭ 2 ـ تومى «مانى دىنىدىكى كىچىك رەسىملىرى» (Die Manichaischen Miniaturen رېيمېر نەشرىياتى، بېرلىن، 1923 ـ يىل) گە قاراڭ.

⑧ رۇنىي يېزىقى: فۇسارك (futhark) يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىمالىي ياۋروپا، ئەنگلىيە، سكاندىناۋىيە ۋە ئىسلاندىيىدىكى گېرمانلارنىڭ يېزىق سىستېمىسى. Ⅲ ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە قوللىنىلغان.

⑨ ئورخۇن تاش ئابىدىلىرى: ئورخۇن تاش ئابىدىلىرىدىكى يېزىق ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ قەدىمىي تۈرك يېزىقى. 1889 ـ يىلى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى ئورخۇن ۋادىسىدا ئىككى ئابىدە تېپىلدى. بۇ ئىككى ئابىدىنىڭ يىللىرى 732 ـ ۋە 735 ـ يىللار.

⑩ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يەرلىك ئەمەلدارلار قەدىمىي يادىكارلىقلارنى بۇزۇشقا ھەقىقەتەن پىسەنت قىلمىغان، ئۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن، ئۆزگە مۇناسىۋەتسىز

بولغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن-
لىكىدىن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئاپتورنىڭ كۆڭزى تەلىماتىغا ئېتىد-
قاد قىلىپ، بۇددا دىنىنى چەتكە قاققان دېگىنى ئۇنىڭ شەخسىي قىياسى،
چۈنكى بۇددا دىنى جۇڭگودا ئەۋج ئالغاندا، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى
مەزگىلىدە ئەدىبلەر بۇددا دىنىنى چەتكە قاقمىغان.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑪ ئاپتور تاڭ سۇلالىسى ۋۇزۇڭ خانىنىڭ خۇيچاڭ 5 - يىلى (845 -
يىلى) پادىشاھنىڭ راھىب - راھىبەلەرگە كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك
قىلغان ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتقان. تارىختا ئۇ، «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى
دەرمەمۇشكىلاتى» دەپمۇ ئاتالغان.

⑫ پىستە (Pistachio) : پەننىي نامى pistachio vera ، سىر دەرىخى
ئائىلىسىدىكى كىچىك يوپۇرماق تاشلايدىغان غولىلۇق دەرەخ. ئېگىزلىكى
ئالتە مېتىر كېلىدۇ، ئەسلىي ئۆسكەن يېرى غەربىي ئاسىيا، قىزغۇچ
قوڭۇر رەڭلىك قاتتىق مېۋە چۈشىدۇ، يەنى ھازىر تەيۋەندە ناھايىتى
كۆپىيىپ كەتكەن ھۇزۇر مېۋىسى.

⑬ بۇ قوشاقلارنىڭ ھەممىسى «تۇرپان رايونىدىكى تەمسىل - قوشاق-
لار» (B. G. Teubner نەشرىياتى، لېيپزىگ، 1911 - يىل) دېگەن
ئەسىرىمىنىڭ قوشۇمچە II دە ئېلان قىلىنغان.

تۆتىنچى باب

# قاراغۇجىدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش (2)



قاراغۇجىلىق زۇۋۇدىخان

# تۇرمۇش خاتىرىلىرى

قاراغۇجىدىكى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا يەنە سۆزلەيمەن.

ئۆيىمىز ناھايىتى ئازادە بولۇپ، دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان پارىچە ئۆيلەرگە ئوخشاپ قالاتتى، تامنى بويلاپ سېلىنغان توپا سۇپا بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى يەرلىرى كاۋاك ئىدى، سىرتىدىن ئوت قالاپ ئىسسىتقىلى بولاتتى. بىراق، بىز كۆمۈر ئىسى چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇ يەرگە ئوت قالىماي، يەنىلا ئوچاقتا كۆمۈر قالىدۇق. تۇرپاندا يەرنى ئازراق كولىسىلا كۆمۈر چىقىدىكەن، يەرلىكلەر ئۇنى «تاشكۆمۈر» (tash Komur) دەيدىكەن. قۇمۇلدا كۆمۈرلۈك تېخىمۇ كۆپ ئىكەن، يەرلىكلەر كېچىلىرى چىلەك ـ جوتۇ ئېلىپ كۆمۈرلۈكتىن كۆمۈر كولايدىكەن، كۆمۈر گەرچە ۋاڭ جەمەتىنىڭ مۈلكى بولسىمۇ، قۇمۇل ئاھالىسى قورقماي كولاۋېرىدىكەن.

قىش پەسلى كېچىلىرى گەرچە كۆمۈر قالىساقمۇ، سوغۇقتا ئادەم ئۇخلىيالمايتتى.

مېنىڭ قاراغۇجىدىكى ئۆيۈم شەھەر سېپىلىنىڭ كونا كارىدورىدا بولۇپ، رەتسىز قەغەز دۆۋىلىرى ئارىسىدا بىر نەرسىلەرنىڭ ئۇيان ـ بۇيان ماڭغان تىۋىشىنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتىم. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ بېرىپ، بىر قانچە كىرپىنىڭ ئۇ يەرگە ئۇۋا سېلىۋالغانلىقىنى بايقىدىم. مەن ئۇلارنى تۇتۇپ بېرلىنغا ئەۋەتتىم. پروفېسسور ماتشې (Professor Matschie) ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا نەسلى يوقالغان كىرپە ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

قاراڭغۇ ئۆيدىكى يەنە بىر خىل ئوماق مېھمان تىنىم تاپماس چاشقانلار ئىدى، ئۇلار تام بۇلۇڭىدىكى تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇيان - بۇيان قارايتتى، يوغان قارا كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئىشەنگەن ھالدا تىكىلىپ قارايتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ھويلىدا كېسەل كۆرۈۋاتاتتىم (ئاپرېل ئايلىرى بولسا كېرەك)، تۇساتتىن قارا قوڭۇررەڭلىك بىر خىل ھاشاراتنىڭ ئاسماندىن پالاق - پۇلۇق قىلىپ چۈشۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە ھويلىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە بىمارلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دەسسەلگەن جەسەتى پۈتۈن ھويلىنى قاپلىدى.

ئۇزۇنلۇقى 4 — 6 دىيۇيم كېلىدىغان بۇ خىل چوڭ موزايىۋېشى ۋە چۇمۇلىلەر زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتىن، يەرلىكلەر ئۇلارغا ناھايىتى ئۆچ ئىكەن، شۇڭا ئۇلارنى ئالدىراپ ئۆلتۈرۈشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكەن.

تۇرمۇشىمىز خېلى قىيىن ئىدى. بىر مەھەل چاي، نان، قوي مېيى بىلەن قورۇلغان گۈرۈچ تامىقى ۋە مېۋىگىلا تايىنىپ جان ساقلىدۇق. بىراق، ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ قوي مېيى ئاسان پۇراپ قالىدىغان بولدى، بىز بۇ ئاساسىي يېمەكلىكىمىزدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇق. مېۋىگە كەلسەك، بولۇپمۇ ئۆرۈك چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن ئانچە ياخشى يېمەكلىك ئەمەسكەن، بىر نەچچىنى يېسىلا ئاشقازان، ئۈچەينى بىئارام قىلىدىكەن.

يەرلىك ئاھالە بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەي بولمايتتى. بەختكە يارىشا، مەن ئوسمانىيە (Osmanli) تۈركچىسىنى ئازدۇر - كۆپتۇر بىلەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پروفېسسور خارتمان

(Professer Hartmann) نىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ گراممانتىكىسى بىلەن ناھايىتى تېزلا تونۇشۇۋالغانىدىم[1].

مەن قاراغۇجىدا خەت يازالايدىغان بىر دېھقاننى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدىم، ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇل مەخدى (Abul Mahdī) ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن دەرس ئۆتەتتى، ئۇ ماڭا دائىم قوش تىللىق (خەنزۇچە ۋە تۈركچە) ھۆكۈمەت ئېلانلىرى (ھۆكۈمەت پەرمان ئېلان قىلىپ مەنئى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار تاملارنى ئۆرۈپ، ئۇ يەردىكى ئېلانلارنى ئېلىۋالاتتى) ۋە تۈركچە خەت - چەكلەرنى ئوقۇپ بېرىپ يازدۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋاڭ ماڭا جۇڭگو جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى، يەنى «لى كىتابى» (Li Kitābī) نى ئەۋەتىپ بەردى؛ تۈرپانلىق بىر دوختۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى، يەنى «تىب كىتابى» (Tibb Kitābī) ئەكىلىپ بەردى. مەن بۇ ئىككى كىتابنى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەرجىمە قىلدىم.

كېيىنچە تىل ئوقۇتقۇچۇم ماڭا بەزى خەلق قوشاقلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ يازدۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەربىي ئىشلارغا ئائىت قوشاق يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئاز بىر قىسمى ياقۇپبەگ ۋەقەسىدىكى مەغلۇب بولغان گېنېرالنى مەسخىرە قىلىدىغان ساتىرا بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشقى - مۇھەببەت شېئىرلىرى ئىكەن، مۇھەببەت بۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقانىكەن.

مەن شۇنداق قىلىپ بۇ تىلنىڭ تاۋۇشلىرى بىلەن تونۇشتۇم، بوشاشماي تىرىشىپ ئۆگىنىپ، «سۆزلەش» ھەم تېخىمۇ قىيىن بولغان «ئاڭلاش» نى ئۆگىنىۋالدىم.

بارتوس تۈركچە ئەڭ مۇھىم ئىبارىلەرنى بىلەتتى. قالغىنىدا يەرلىكلەر بىلەن گېرمان تىلى (Plattdeutsch) ئارقىلىق

ئالاقىلىشاتتى، ئۇنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ بولغانلىقتىن، ھەممىلا يەردە توسالغۇسىز ئالاقىلىشالايتتى. بىز ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ شەھەردىن كېتەر چاغدا، بۇ يەردىكى ياشلار گېرمان دېئالېكتىدا مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايدىغان بولۇپ قالدى.

فېۋرال ئايلىرىنىڭ ئاخىرى قىش كېتىپ، يەر ـ جاھان ئىسسىدى، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلدى، باللارمۇ جۇۋىلىرىنى تاشلاپ، چوقان كۆتۈرۈپ ئويناشقا باشلىدى. ئوغۇللار قىپيالىڭاچ يۈرەتتى، ئۇستىبېشى چاڭ ـ توزان بولۇپ كېتەتتى (ئۇلار يۇيۇنمايتتى، ئېيتىلىشچە بۇنداق قىلسا بالا ـ قازاغا ئۇچرىمايدىكەن)؛ قىزلار بولسا ئۇخلاش كىيىممىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىل كۆڭلەك كىيىۋالاتتى.

بىز باللارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تېرىسى ئاق، قالغانلىرىنىڭ كۆممىقوناقتەك سېرىق ياكى شاكىلاتتەك قوڭۇر رەڭلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق؛ تېرىسى ئاقلار ياۋروپا ئىرقىدىن، تېرىسى توقراقلار بولسا شەرقىي ئاسىيا ئىرقىدىن.

بىز كىچىك دوستلار بىلەن بىللە ئوينايتتۇق، يانچۇقىمىزنى قۇرۇق ئۆزۈم، قەنت ـ گېزەك بىلەن توشقۇزۇۋالاتتۇق. نەگىلا بارساق بىر توپ ئوماق كىچىك باللار بىزنى ئورىۋېلىپ، بىزدىن قەنت ـ گېزەك ئېلىپ يەيتتى. مەن بېرلىندىن ئالغاچ كەلگەن كونا گېزىتتىن قېيىقسىمان بۆك قاتلاپ، ئۇنىڭغا خوراز پېيى تاقاپ، ئۆزۈم ئەڭ ئامراق بالىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن باللارنىڭ ھەممىسى مەندىن شۇنداق بۆك تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا بىر ئوغۇل بالىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا بۆك ياساش ئۇسۇلىنى ئوبدان ئۆگىتىپ قويدۇم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ھەممىسى خوراز پېيى تاقالغان بۆكنى كىيىپ، كوچىدىن مەغرۇر ئۆتىدىغان بولدى.

بىز بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، بىر كۈنى

قازى (Kasi)② بىلەن مەرتىۋىلىك بىر ئاخۇن (Achund) بىزنى يوقلاپ كەپتۇ، ئاخۇن بىزگە: «ئىككىڭلار بويتاق يۈرسەڭلار بولمايدۇ، چوقۇم نىكاھلىنىشىڭلار كېرەك» دېدى. بىز: «بىز توي قىلغان» دېدۇق. ئۇ يەنە: «شۇنداق، ئەمما خوتۇنۇڭلار بىر قانچە 100 چاقىرىم يىراقتا، شۇڭلاشقا بۇ يەردە نىكاھلىنىشىڭلار كېرەك. كەنت باشلىقى بىلەن ئىككىمىز قىزىمىزنى سىلەرگە بېرىشكە تەييار» دېدى. بۇ بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى قانداق قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن ئەھۋالدا رەت قىلىش كېرەك؟ مەن ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن: «دوستلار، سىلەرگە مەلۇم، بۇ يەردە مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ سىنچىلىرى (sinchi) بار، ئۇلار ھەر بىر ھەرىكىتىمىزنى ھەر ھەپتىدە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىمىز (ilchi) گە دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ، باش ئەلچى ئۇنى ئىمپېراتور ۋىلھېلمگە مەلۇم قىلىدۇ. بىزنىڭ قانۇنىمىزدىكى بەلگىلىمە بويىچە، بىرلا قېتىم توي قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، بىزنىڭ بۇ يەردە نىكاھلانغىنىمىزنى پادىشاھىمىز ئۇقۇپ قالسا، پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، قانداق بولىدۇ؟» دېدىم. ئۇلار: «ئۇقمايمىز» دېيىشتى ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ. ئارقىدىن مەن ئەگەر قوش نىكاھلىنىش گۇناھىنى سادىر قىلساق، 25 «دەررە» يەيمىز، دەپ چۈشەندۈردۈم. ئۇلار بۇنداق ياۋايىلارچە قىلمىشىمىزدىن قاتتىق ھەيران بولۇپ، كېتەر چاغدا بىزگە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. قاراغۇجىدا كىشىلەر بىزنى خېلى يۇقىرى قاتلاملىق مۇسۇلمان دەپ قاراپ، بىز بىلەن ھەمىشە ئەرەبچە سالاملىشاتتى، بىزمۇ ئېھتىيات قىلىپ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى سادىر قىلمايتتۇق.

يەرلىكلەر پەيغەمبەر ھەددىسلىرىنى ئانچە چۈشەنمەيدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەجەپلىنەرلىكى، ئۇلار ئېتىقادى ئوخشاش، ئەمما خەنزۇچە سۆزلىشىدىغان تۇڭگانلارغا خەنزۇلاردىنمۇ ئۆچ ئىكەن. ئۇلار قىزلىرىنىڭ خەنزۇ (Khitay)[3] لارغا تېگىشىگە رازىكى، تۇڭگانلارغا تېگىشىگە ھەرگىز يول قويمايدىكەن، تۇڭگانلارنىڭ مەسچىتىگە ھەرگىز ئاياغ باسمايدىكەن، تۈركلەر بىلەن تۇڭگانلار بىر - بىرىنى مۇتلەق كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئىسلام دىنىدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىسىمۇ، تۈركىستاندا بۇ بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ئوڭاي ئەمەسكەن.

بۇ چاغدا لۇكچۇن ۋاڭىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابدۇسەئىد خوجام (Abdu—s—Said Khojam) غا ئەگىشىپ قەشقەرگە كەتكەن لۇكچۇننىڭ مىراپ بېگى مەمەتسېيىت قەشقەردىن قايتىپ كەلدى. ئابدۇسەئىد خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆتمۈشتىكى ۋاڭ - خوجىلارنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى ئىدى، بۇ قانخور جەمەتنىڭ پەرزەنتلىرى بېيجىڭدىكى تۈرمىدە چوڭ بولغاچقا، تۈركچىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئابدۇسەئىد خوجام خەنزۇچىنىلا بىلەتتى، ئەمما قۇرئان ئايەتلىرىنى قىرائەت قىلالايتتى. مەنچىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ تەھدىدى قالمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ زېمىنىدا جان بېقىشىغا قوشۇلغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ مۇرىتلىرىدىن 20 مىڭ سەر (sar) (3 مىڭ 500 فوند ستېرلىڭغا يېقىن) پۇل يىغىپتۇ. ئۇنىڭ قايتىش سەپىرىدە، قاراغوجىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇنى مىراپ بېگى قوغداپ كېتىۋاتقانىكەن.

مەمەتسېيىتنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد سەيىد (Muhammad Sayid) بولۇپ، يەرلىك ئۆرپ - ئادەتتە رۇخسەت قىلىنىغانلىقتىن، قەشقەردە ئىككى خوتۇن ئالغانىكەن، بىراق ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلمەپتۇ. ئۇ يۇرتى قاراغوجىغا كەلگەندە چوڭ خوتۇنى ئايىنسا (Ai—en—nissā، مەنىسى «ئايدەك خو-

تۇن» ) ئۆيگە كىرگۈزمەپتۇ. خوتۇنى ئۇنى قامچا بىلەن ساۋاپ: «ماڭ، قەشقەرلىك خوتۇنۇڭنىڭ يېنىغا بار» دەپ ئىشىكنى تاقىۋاپتۇ، ئۇ كەچقۇرۇن يېنىمغا سولغۇن كېلىپ دەردىنى تۆك-تى. مەن: «دوستۇم، ئەنجان ۋە خوتەندىن شۇنچە كۆپ ئېسىل يىپەك، پاختا رەخت ئېلىپكەپسىز، قىزىل رەخت ۋە چىرايلىق ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەردىن بىر قانچىنى تالالاپ خوتۇنۇ-ڭىزغا سوغا قىلماسىز!» دېدىم. بۇ ئامالىم ھەقىقەتەن ئۇنۇم بېرىپ، ئۇلار ئەتىسى ئەپلىشىپ قاپتۇ.

بۇ ئىشتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى خوتۇنلار تالاغا چىققاندا يۈز ـ كۆزىنى يېپىۋالسىمۇ، ئۆيىدە ئەرلىرىنى باشقۇرىدىكەن.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، بارتۇسنى بۇ يەردە ھەممە كىشى ياقتۇراتتى. ئۇ مىجەزى ئوچۇق، كۆچتۈگگۈر، چىقىشقاق بول-غانلىقتىن، يەرلىكلەر ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى، مېنىمۇ دائىم قاقاقلاپ كۈلدۈرەتتى.

مەن بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «بارتۇس ئەپەندى، بىز ئىچى سۇرۇپ قالغانلارنى داۋالاش ئۈچۈن، بىر قۇتا قۇرۇتۇلغان مالىنا ئالغاچ كەلگەندۇق، قۇتىغا قۇرت كىرىۋاپتۇ. سىز مالىنانى تۆكۈۋەتسىڭىز، قۇتىسىغا نوم قولىيازمىلىرىنى قاچىلارمىز» دې-دىم.

ئەتىسى بارتۇس ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بىر باغلام كونا قولىيازمىنى ماڭا بەردى، مەن بۇ «قەغەز» (Kaghaz)[4] لەرنى نەدىن ئالغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: «دوختۇر ئەپەندى، مەن تۇنۇگۈن مالىنانى تۆكۈۋەتكىلى بېرىپ، بىر توپ قېرىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار قولۇمدىكى نېمە نەرسىلىكىنى سورىدى، مەن كىشىنى ياشارتىدىغان شىپالىق دورا ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇلار ئازراق تېتىپ بېقىشنى دېيىشتى، شۇڭا مەن

نوم قولیازمىسىغا تېگىشىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. نەتىجىدە قاراڭ، ئۇلار شۇنچە كۆپ ئېلىپ كەپتۇ. مەن مالىنانى ئۇلارغا بەردىم. ئۇلار بۈگۈن يەنە كەپتۇ، يەنە ئازراق يېگۈسى بار ئىكەن. ئۇلار مالىنانى قۇرت بىلەن قوشۇپ يەۋېتىپتۇ، يەنە ناھايىتى شىپالىق ئىكەن دەيدۇ» دېدى.

بىز قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يەنە بىر قىزىقارلىق ئىش يۈز بەردى.

مەن ئۆيدە مالىيە كومىتېتىغا ھېساباتىمىزنى ئاتچوت قىلىش ئۈچۈن، ھېساباتىمىزنى رەتلەۋاتاتتىم. ھېساب رەتلەش بەكمۇ باش ئاغرىتىدىغان ئىش ئىدى. ئالدىمدا رۇسىيە قەغەز پۇلى، تەڭگىسى، تىللاسى، جۇڭگو تەڭگىسى، مىس يامىقى، قەغەز پۇلى، يەرلىكنىڭ قەغەز پۇلى، توغرىسىنى ئېيتقاندا شايى پۇل يېيىقلىق تۇراتتى. شايى پۇل كەڭلىكى تۆت ديۇيم، ئۇزۇنلۇقى ئالتە ديۇيم كېلىدىغان، يۇزىگە ماي يالىتىلغان شايى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل تامغىسى بېسىلغان. مەندە يەنە كۈمۈش يامبۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تۆت بۇرجىكى كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، ئېغىرلىقى ئۆلچەنگەن. بۇ پۇللارنىڭ كۆرسى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

مەن ئالدىراشلىقتىن گاڭگىراپ قالغان، بارتۇس ھويلىدا باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەۋاتقاندا، كەنتتىكى ئابرۇيلۇق ئاقساقاللاردىن بىر قانچىسى كەپتۇ. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا: «ئەپەندى، كېتىدىغان بولىۋاتىسىلەر، بۇ يەردە بىر مەھەل تۇردۇڭلار، بىزگە كۆپ ياردەم قىلدىڭلار. نۇرغۇن پۇقرالىرىمىزنى ھەقسىز داۋالاپ قويدۇڭلار. ئەپسۇسكى، قىزلىرىمىزنى ئەمرىڭلارغا ئالمىدىڭلار. سىلەر ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنسانلار، دەرھال كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭلاردىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمىز. ئەمدىكى بىردىنبىر ئارزۇيىمىز، كەلگۈسىدە

پادشاھ ۋىلھېلمىنىڭ ئوردىسىدىن ئادەم كەلسە، بىز ئۇلارنى بېرلىندىكى ئوردا رەسمىيىتى بويىچە ئاتاشنى ئارزۇ قىلىمىز، شۇڭا قانداق ئاتاشنى ئۆگىتىپ قويساڭلار» دېدى. مەن بۇ تەلەپكە قارىتا بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «بىز دەرھال يولغا چىقماقچى، ھازىر بەك ئالدىراش، شۇڭا بېرلىن ئوردىسىدىكى نام - شەرەپ ۋە رەسمىيەتلەرنى سىلەرگە «پالۋانىمىز» (بارتۇس) ئۆگىتىپ قويسۇن» دېدىم.

مەن ئۇلارغا تازىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ئىلتىماس قىلدىم ھەم بارتۇسقا: «بارتۇس ئەپەندى، بۇ ئاقساقاللار بېرلىن ئوردىسىدىكى خان - ۋەزىرلەرنىڭ بىر - بىرىنىڭ نام - شەرىپىنى ئاتاش رەسمىيىتىنى بىلمەكچىكەن» دەپ توۋلىدىم. بارتۇس: «مەن ئۇلارغا دەرھال ئۆگىتىپ قوياي» دەپ جاۋاب قايتۇردى. مەن ھېساباتىمغا قايتا كىرىشىپ كەتتىم، قولۇمدىكى ئىشىمنى بىر ياقلىق قىلىپ بولۇپ قارىسام، سىرتتىكى بۇيرۇق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. قاراڭلار! بارتۇس بۇ 15 ئاقساقالنى ئۈچ كىشىدىن بەش رەت قىلىپ تىزىۋاپتۇ. ئۇلار بىردە ئوڭغا بۇرۇلۇپ تازىم قىلىپ: «خەيرلىك سەھەر! قېرى نان قېپى!» دېسە، بىردە سولغا بۇرۇلۇپ تازىم قىلىپ: «خەيرلىك سەھەر! قېرى ھاراقكەش!» دەپ توۋلايتتى.

بۇ كۈلكىلىك كۆرۈنۈشنى كۆرگەن كىشى قاقاقلاپ كۈلمەي تۇرالمايتتى. بىراق، بۇ ئاقساقاللار ئاخىردا رازىمەنلىك بىلەن قايتىشتى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ، گىرۇنۋېل بۇ يەرگە كەلگەندە، يەرلىك كىشىلەر: «ھاراقكەش، نان قېپى!» دەپ بارتۇسنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئوردا قائىدە - رەسمىيىتىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خىزمەتتىكى نەتىجىلەر

بىز قەدىمىي شەھەردە شەرقىي قوۋۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھەيۋەتلىك پەلەمپەي شەكلىدىكى پىرامىدانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە قەدىمىي يادىكارلىقنى تەكشۈردۇق. مۇنار ئالدىدا 20 نەچچە يارد كېلىدىغان بوش يەر بار ئىكەن، ئۇ يەردىكى قەدىمىي بۇت تەكچىسىگە ئالتۇن ھەل ياكى رەڭدار سىر بېرىلگەن چوڭ بۇتلار قويۇلغانىكەن. بۇت تېنىدىكى ئالتۇن بىزەكلەر قېلىن ئالتۇن ياپراقچىسىدىن چاپلانغان، ھەتتا بەزى تاملارغىمۇ ئالتۇن ياپراقچە چاپلانغانىكەن. بەزى جايلاردىكى ئالتۇن ياپراقچىلارنى كىشىلەر قىلىچ بىلەن ئويىۋاپتۇ، بىراق بەزى جايلاردىكى ئالتۇن ياپراقچىلار بۇ تالان - تاراجدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بىز يەنە ئاستانىنىڭ يېنىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش پەلەمپەي شەكلىدىكى پىرامىدانى بايقىدۇق، ئەمما ئۇنىڭ پەلەمپەيلىرى ئانچە ئېنىق ئەمەسكەن. ئەمەلىيەتتە، «ئاستانە» مۇشۇ پىرامىدا بولغانلىقتىن قويۇلغان نام، چۈنكى پارسچىدا «astana» «ئارام ئالىدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسى» دېگەن مەنىسىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا لوكچۇننىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى سىركىپتىمۇ ئۇلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئەمما پەلەمپىيى يوق پىرامىدا بايقىدۇق. بۇ ئىمارەتنىڭ تەكچىسىدىمۇ بىرمۇنچە بۇت بار ئىكەن.

بىز يەنە سىركىپتىكى پىرامىدادا قارا قۇمدىن ئىشلەنگەن ئالاھىدە قاچىلارنى بايقىدۇق.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ باشقا خارابىسىدىن نۇرغۇن سانسكرىتچە ھۆججەتلەرنى تاپتۇق، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى نابۇت بولۇپ كېتىپتۇ، قەغەزلىرى بەك يىرتىلىپ كېتىپتۇ، ھەربىر پارچە قەغەزدە ھىندى ناگارى (India Nagari)

ھەرپىدىن بىرىلا بار ئىكەن. بۇلار بۇددا دىنىنىڭ بالا - قازاغا ئۇچرىشىنىڭ نەتىجىسى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بىر ئىبادەتخانىدىن بۇ يەردىكى تۆت خىل دىنىنىڭ ۋەسىقىلىرىنى تاپتۇق، قارىغاندا بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، مانى دىنى ۋە زوروئاستىر دىنىنىڭ مۇرىتلىرى بىر ئىبادەتخانىدىن تەڭ پايدىلانغاندەك قىلىدۇ. ناۋادا بۇ پەرىزىمىز توغرا بولسا، يەرلىك دىنلارنىڭ بىر - بىرىنى يەكلىمەسلىك كەيپىياتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خاندانىڭ قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچىنى چۈشەندۈرىدۇ.

گرونۋېدېل «گامما خارابىسى» (gamma، يەنى خارابە T) دەپ نام بەرگەن ستوپا ئالاھىدە دىققەت قوزغايدۇ. بۇ ئېگىز ستوپا ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، ئۇنىڭ ئىچىدە رەسىملەر بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بىز مۇنارنى ئۆرۈشكە پېتىنالمىدۇق. ئەمما، باشقا خارابىلىكلەردىن غەربىي ساسانىي خاندانلىقى ئوردىلىرىدىكى ئەگمە ئىشىكلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان تار، ئېگىز ئەگمە ئىشىكلەرنى كۆردۇق. مەن ئەگمە ئىشىكلەرنىڭ زادى نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى زادىلا ئۇقالمىدىم.

بۇ يەكۈن زىيادە تەكىتلەنمەسلىكى كېرەك بولسىمۇ، بىز يەنىلا خارابىلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى پارسچە، ياكى ھىندىچە ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. جۇڭگولۇقلار ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىگە خېلى ئۇزاق ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردە جۇڭگوچە ئىمارەتلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن.

بىز يەنە قەدىمىي شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئىبادەتخانىدىن قەدىمىي بۇيۇم ۋە ھۆججەتلەرنى تاپتۇق. دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدە، بىر كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبى ۋە كېچىكنىڭ شىمالىدىكى بىر قەدىمىي يادىكارلىق بىزنى قىزىقتۇردى. بىز تامدا يىللارنىڭ

ئۆتۈشى بىلەن شامال ۋە ئاپتاپ تۇپەيلىدىن ئالىچىپار بولۇپ
كەتكەن سۇ بوياق رەسىمنى كۆردۇق، ئۇنىڭغا قولىغا نەيزە
ئالغان، مەيدىسىگە كرېست كەشتىلەنگەن چەۋەنداز سىزىلغاند-
كەن. ئەپسۇسكى، ئاساسىي شەكلى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ،
سۇۋاق سىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغاچقا، ئوخشاشقا زادىلا بول-
مايدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ تام ئالاھىدە ئىكەن، ئۇ ئۆينى ئايلاند-
دۇرۇپ سىلىنغان بولۇپ، تۆت تەرىپىگە بىر قەۋەتتىن ئىچكى
تام سىلىنىپ تام رەسىم توسۇپ قويۇلۇپتۇ. بۇ ئىمارەتنىڭ
مەقسىتى (دۆلىتىمىزدە كونا تام رەسىمنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت
ماي بوياق بېرىلىدۇ) ئەسلىدىكى ئىبادەتخانىنى ئوخشاش دىنىدى-
كى باشقا ئەۋلىياغا تاۋاپ قىلىدىغان يېڭى ئىبادەتخانىغا ئۆزگەر-
تىپ ياسىغان بولۇشى مۇمكىن. مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى ۋە
خرىستىئان دىنى ئىبادەتخانىلىرى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن باشقا
دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يۇقىرىدا مانى دىنىنىڭ رەسىملىرىنى قانداق قىلىپ تام
قوپۇرۇپ توسۇۋەتكەنلىكىنى بايان قىلغانىدۇق. بۇ ئىبادەتخانا
ئەسلىدە خرىستىئان دىنى ياكى نېستورى دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى
بولۇپ، كېيىنچە ئىچىگە تۆت تەرەپتىن تام قوپۇرۇلۇپ، باشقا
دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. بىراق، يېڭى تامنى
ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، كونا تامدىكى رەسىمنىڭ ھېچقانچە قال-
مىغانلىقىنى بايقىدۇق، چۈنكى ئەگىز سۈيى ئىككى تامنىڭ
ئارىلىقىدىن كىرىپ، تام رەسىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەيران
قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما، بىز تام رەسىمگە بىر ۋىزانتىيە كاھىنى-
نىڭ قولىغا ئىسرىقدان ۋە مۇقەددەس سۇ قاچىسى ئېلىپ،
ناھايىتى كىچىك سىزىلغان ۋە قولىغا چىۋىق ئالغان ئۈچ كىشى-
نىڭ ئالدىدا تۇرغان قىياپىتى سىزىلغانلىقىنى ناھايىتى تەستە
پەرقلەندۈردۇق.

بۇ بىر توپ كىشىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئاتنىڭ ئالدى پۇتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، روشەنكى كاھىن رەسمىيەت ئادا قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئېتى ئالدىغا قاراپ كېلىۋاتقان.

بۇ كاھىن بۇددا دىنىغىمۇ تەۋە ئەمەس، بۇنى ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى توندىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ رەسىمگە «پالم سۇنداي»⑤ ماتېرىيال قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ غەربچە ئۇسلۇبنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، گاندارا سەنئىتىدىن كېيىنكى ئۇسلۇب ئىكەنلىكى ئېنىق.

تۇيۇققا بارىدىغان يول ئۈستىدە گرونۋېدېل رۇسچە «خارابە Z»، «خارابە B» دەپ بەلگە قويغان ئىككى خارابىلىك بار ئىكەن.

تۇنجى خارابىلىكتە بىر نەچچە ئېغىز كىچىك ئىبادەتخانا بولۇپ، ئىچىدە بۇت بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىر قانچىسى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. تامدا ئۇيغۇرچە تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىكەن، بىراق كېيىن رېمونت قىلىنغانىكەن.

ئىبادەتخانىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تېمىدا نىرۋانا بۇتىنىڭ ناھايىتى چوڭ تەگلىكى بار ئىكەن، بىراق بۇتنىڭ ئۆزى ۋەيران قىلىنىپتۇ.

تەگلىكنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى قەدىمىي تام رەسىملىرىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۈستى بىر قەۋەت نېپىز سۇۋاپ قويۇلۇپتۇ. سۇۋىقىنى ئېلىۋەتسەك، تام رەسىمى يېڭى ۋاقىتىدىكىدەك ناھايىتى ياخشى تۇرۇپتۇ. رەسىمگە سىزىلغىنى بىر قانچە بىكشۇ ئىكەن، ئۇسلۇبى بولسا رىمچە ئىكەن.

بىز «خارابە B» دەپ بەلگە قويۇلغان خارابىلىكتىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىدۇق، ئۇ يەردىكى كونا تام رەسىمنىڭ ئۈستىگە بۇددا دىنىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى (تانترىزم) دىكى

بېزەك رەسىم (تەخمىنەن XIII ئەسىر ) سىزىلىپتۇ . ئەمەلىيەت-
تە ، ئۇيغۇرلار ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچى تازا زورايغاندا ، قەدىمىي
يادىكارلىقلارنى بۇزىدىغان بۇنداق قايتىدىن ياساش خىزمىتى تازا
ئەۋج ئالغان .

تامنىڭ شەرقىي يېنىدا بىر ئىشىك بار ئىكەن ، ئىشىكنىڭ
ئوڭ تەرىپىدىكى يېڭى تامنىڭ ئىچىدە ئېگىزلىكى بەش فۇت
كېلىدىغان بۇدساتتىۋا بۇتى بار ئىكەن .

بۇت بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ياغاچ قوزۇق بىلەن تامغا
چىڭ مىخلىنىۋېتىلىپتۇ ، بىراق بەك بۇزۇۋېتىلىپتۇ ، بېشى ۋە
مۇرىسى يوق بولۇپلا قالماي ، ئەگىز سۇيى ۋە يامغۇر سۇيى (بۇ
يەردە يامغۇر ئانچە ياغمايدىكەن ، بىراق ياغسا چېلەكلەپ ياغىدى-
كەن ) ئېقىپ چۈشۈپ بۇت بەدىنىنىڭ ئۈستىنكى قىسمىنى بۇل-
غاپ ، رېڭىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىپتۇ .

تەگلىك يېرىم يۇملاق نىلۇپەر تەگلىك بولۇپ ، يوپۇرمىقى
قىزىل رەڭلىك ، چۆرىسى ئاق بولۇشى ، نىلۇپەر چىنىسى ئەسلى-
دە يېشىل رەڭدە سىرلانغان بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ھازىر
تەكتىگە بېرىلگەن ئاق رەڭنىلا كۆرگىلى بولىدىكەن . نىلۇپەر
يوپۇرمىقىنىڭ تەكتىدىكى گىرۋەكلەر گەجدىن ياسالغان ، بۇ
ھەيكەلتاراشلىقنىڭ ئاساسىي ماتېرىياللىرى . بۇتنىڭ پۇتى ياغ-
شى ياسالمىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇتنىڭ ئېغىرلىقى تۆپەيلىدىن
شەكلى سەل ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ، شۇنداقلا خام چاقچۇق چاپلاپ
قويۇلۇپتۇ . بارماقلىرى تەگلىكنىڭ گىرۋىكىدىن چىقىپ قاپتۇ ،
بۇ تېخىمۇ چوڭ سەۋەنلىك .

بۇتنىڭ ئۆزى گاندارا سەنئىتىگە ئىنتايىن ئوخشايدىكەن .
ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى يېپىنچىنىڭ قىرلىرى ناھايىتى ئېسىل سى-
زىقلار بىلەن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ ، شەرقىي ئاسىيا سەنئەتكار-
لىرىنىڭ بۇرمىلانغان كلاسسىك سەنئىتىنىڭ زىيىنىغا تېخى

ئۇچرىمىغانلىقى روشەن . مۇرە ياكى بىلەكتىن ساڭگىلاپ تۇرغان قىرلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . ئۇنىڭ بىلىكى يوق بولسىمۇ ، ئەسلىدە قولىنى ئۇدۇل كۆتۈرۈپ تەلىم بېرىۋاتقان ھالەتتە ئىكەنلىكى روشەن . چوڭ قىرلاردا يېشىل رەڭنىڭ قال-دۇقلىرى خېلى كۆپ ئىكەن ، ئۇ يېپىنچىنىڭ بىر قىسمى بولۇ-شى مۇمكىن . يېپىنچىنىڭ ئېتىكى بۇتنى چىڭ ئورىغان بولۇپ ، ئەگرى سىزىقلىرى ئىنتايىن كۆركەم پۈرمە ھاسىل قىلغان . بۇتقا بېرىلگەن رەڭ تىزغا كەلگۈچە نابۇت بولغان ، بىراق رەڭلەر ئىچىدىكى قوڭۇر رەڭنى يەنىلا پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن . ئۇ ئىككى قات كۆڭلەك كىيگەن . بىرىنچى قات كۆڭلەكتىن ھازىر قىزىل ئۇچ بۇرجەك بىر پارچىسى قالغان بولۇپ ، يېپىنچىنىڭ سول تەرەپتىكى پۈرمىسىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان ؛ ئىك-كىنچى قات كۆك كۆڭلەكنىڭ بىر پارچىسى يېپىنچىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن چىقىپ تۇراتتى .

تامامەن گەندەرا ئۇسلۇبىدا ياسالغان بۇ بۇت مېنى ناھايىتى ئاڭگىرىتىپ قويدى . بىز شۇنى چۈشىنەلمىدۇقكى ، نېمە ئۇچۇن يۇناننىڭ كلاسسىك سەنئىتى بۇ بۇدتا ئەينەن نامايان بولىدۇ - يۇ ، رەسىملەرگە شەرقىي ئاسىيا ئۇسلۇبى سىڭدۈرۈلۈپ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇنان ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان بۇتلار يالغۇز بۇلا ئەمەس . تۇنجى قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىدىكىلەر يۇنان ئۇسلۇبىدا ياسالغان بۇت بېشىنى بايقاپتۇ ، بىزمۇ باشقا جايدا خېلى كۆپ ئۇچراتتۇق . ۋەھالەنكى ، تام رەسىملىرىدىكى بۇت ، بۇت كاساياسىنىڭ قىرلى-رىغا قارايدىغان بولساق ، يۇنانچە ئۇسلۇپ بۇرمىلانغان ، بۇتنىڭ بەش ئەزاسىمۇ جۇڭگونىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى رەسىملىرى-دىكى شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ يۈز شەكلىگە ئوخشىتىپ ياسال-غان . ھەيكەل بىلەن تام رەسىمنىڭ يىلى ئوخشاش بولسىمۇ ،

نېمە ئۈچۈن ئۇسلۇبدىكى پەرق شۇنچە چوڭ بولىدۇ؟

بىز ئەينى چاغدا بۇنى زادىلا بىلەلمىدۇق، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇتلار قېلىپتا قۇيۇلغان.

3 ـ قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، بىز قىزىلدىكى ئۈش ئۆرنىمىزدا پلاستېرىدىن ياسالغان قېلىپنى بايقىدۇق، بارتۇس شور چوققىدىكى ئۈش ئۆرنىمىزدىمۇ بۇنداق قېلىپتىن ئوتتۇزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قازدى.

بۇ قېتىمقى بايقاش بىزگە ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەردى. ئەسلىدە بۇتلار بۇ قېلىپلاردا تەكرار قۇيۇلغان، قېلىپ بۇزۇلسا ياكى كونىراپ كەتسە، كونا قېلىپنىڭ شەكلىدە ئەينەن ياسالغان، شۇڭا بۇ بۇتلارنىڭ ياسالغان ۋاقتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولسىمۇ، بىر قېلىپتىن چىققاچقا شەكلى ئەينەن بولغان⑥.

تۈركلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ بىرىكىشى بىلەن قان سىستېمىسى مۇرەككەپلەشكەن، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك قارىشىمۇ تەدرىجىي ئۆزگەرگەن. IX ئەسىردىكى بۇتلارنىڭ باش قىسمىدىن قارىغاندا، ئۇ چاغدىكى قېلىپلار شەرقىي ئاسىيا شەكلىگە ئۆزگەرگەن بولۇپ، كۆزى پولتىيىپ چىققان، قاش ـ كىرپىكى تۈزرەك، قاڭشىرى پەسرەك، تېپىك يۇنانچە چېچىمۇ شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ يىرىك تۈز چېچىغا ئۆزگەرگەن. ساسانىي خاندانلىقى يۇنانچە مەدەنىيەت رايونىغا بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ قويغاچقا، ئاز ساندىكى باي سودىگەر ۋە راھىبلارلا جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەگىپ ئايلىنىپ كەلگەن. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي ئاسىياغا بارىدىغان يول راۋان بولغاچقا، شەرقىي ئاسىيالىقلار، تۈركلەر ۋە خەنزۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ كېلىپ، قان سىستېمىسى شالغۇتلىشىش ئەھۋالى بار-

غانىسىرى ئومۇملاشقان .

رەسسام ناۋادا شالغۇت شاگىرت ئالسا ، ئۇنىڭ رەسىمخانى-سىدا تەبىئىيكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى رەسىم سىزىلىدۇ . بۇ ، رەسىم ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ھەيكەلتاراشلىق ئۇسلۇبىدى-كى ئۆزگىرىشتىن تېز بولۇشىنىڭ سەۋەبى . بىز بەزى تام رە-سىملىرىنىڭ قەغەزدىن ياسالغان نەقىشلىق ئەندىزە ئارقىلىق سىزىلغانلىقىنى بايقىدۇق . ئۇنىڭدىن باشقا (تام رەسىم سىزىش-تىن باشقا ) ، كاناپ ، بوماريا رەختى⑦ ، شايى ، قەغەز ۋە كاردون قەغەزگە سىزىلغان رەسىملەرمۇ بار ئىكەن . ئۇنىڭ چارىسى مۇنداق : ئاۋۋال رەسىم چۇشۇرۇلگەن موملانغان قەغەز تامغا ياكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماتېرىياللارغا رەسىمنىڭ ئىزناسىنى چىقى-رىش ئۈچۈن چاپلىنىدىكەن ، ئارقىدىن موملانغان قەغەزدىكى ئىزنا چېكىلگەندىن كېيىن تامغا چاپلىنىدىكەن ، ئارقىدىن ياغاچ كۆمۈر قاچىلانغان كۆپ تۆشۈكلۈك خالتىنى ئۇنىڭ ئۈستىدە دومىلىتىپ ، تامغا ئىز چۈشۈرگەندىن كېيىن رەڭ بېرىدىكەن . رەسساملار ناھايىتى پىششىق كەتكەچكە ، ئەندىزىگە قارىمايلا رەڭ بېرئۈېرىدىكەن . ئۇلار ئۆزلىرىگە ناھايىتى تونۇشلۇق بوت ۋە ئارخاتلارنىڭ رەسىمىگە رەڭ بېرىشتە ، جۇڭگولۇق ھۆسنخەتچى-لەردىن قېلىشمايدىكەن .

«خارابە Z » ۋە «خارابە B » دەپ بەلگە قويۇلغان ئىككى ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ئىككى قەبرىستانلىق بولۇپ ، پارىسچە گۇمبەزلىك ئىمارەت ئىكەن ، ئۇ يەردە بۇ ئىمارەتلەر ھازىرمۇ پارىسچە «گۇمبەز » (gumbaz) دېيىلىدىكەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئىمارەتنىڭ ئۆگزىلىرى قوش گۇمبەزلىك ئىكەن⑧ .

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبرىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىزلار ھازىرمۇ كېيىۋاتقان بىر خىل بۆكنى تاپتۇق . بۆك قانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويالغانىكەن، روشەنكى بۆكىنىڭ ئىگىسى دەسلەپتە بالا ـ قازادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قەبرىگە كىرىۋالغان، بىراق ئاخىردا يەنىلا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. بۆكىنىڭ تىكىلگەن ۋاقتى بۇددىزم مەزگىلى ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭغا بۇددا رىۋايەتلىرىدىكى قۇش «گارۇدا»⑨ نىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىكەن.

## ئىزاھلار:

① ئوسمانىيە تۈرك تىلى ھازىرقى تۈركىيە تىلىنىڭ ئەسلىسى بولۇپ، ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ غەربىي تارمىقىغا مەنسۇپ، شەرقىي تۈرك تىلى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ، ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا مەنسۇپ، ئىككى خىل تىل ئىنتايىن يېقىن، سۆزلۈكلىرىنىڭ 70% كە يېقىنى ئوخشاش، گرامماتىكىسىمۇ يېقىن، بۇ ئىككى خىل تىلنى قوللىنىدىغانلار ئۆزئارا سۆزلىشەلەيدۇ.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

② قازى: مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان چوڭ موللىسى، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ سوتچىسى.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

③ رۇسىيىلىكلەر جۇڭگولۇقلارنى Khitai دەيدۇ، بۇ يەردە ئاپتور خەنزۇلارنى كۆزدە تۇتقان.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

④ تۈركلەر ۋەسىقە ۋە قەدىمىي ئەسەرلەرنى ئەرەبچە «خەت» (chatt) ياكى پارسچە «قەغەز» (kaghaz) دېگەن ئىبارە بىلەن ئاتايدۇ.

⑤ «پالم سۇندايى» پاسخا بايرىمىدىكى يەكشەنبە كۈنى؛ خرىستوسنىڭ يېرۇسالېمغا كىرگەنلىكىنىڭ خاتىرە كۈنى.

⑥ جەنۇبىي شىنجاڭدا ماتېرىيال بولغۇدەك تاش چىقمىغانلىقتىن، لاي قېلىپقا ھايۋانات يۇڭى، زىرائەت تالاسى ياكى پاخال ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ. غەربىي رايوندا بەزىدە پلاستېرمۇ ئىشلىتىدۇ. يۈز، قولاق، ھالقا، بىلەك، پۇت، ئالقان ۋە تەننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئايرىم ـ

ئېرىم قېلىپتا قۇيۇلىدۇ. بۇ بۆلەكلەر قۇراشتۇرۇلۇپ بۇت ياسىلىدۇ، ئانچە قېلىن بولمىغان قىسمى ئىچىگە قومۇش ئېلىنىپ لاي بىلەن تولدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. ھەرقايسى بۆلەكلەر پوروپكا ياكى پاخال ئارغامچا بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇتنىڭ ئادەتتە يېرىم تەرىپى ياسىلىدۇ، ئارقىسىغا بىر قەۋەت قارا لاي چاپلىنىپ، يۇلغۇن شېخىدىن ياسالغان مىخ بىلەن تامغا مىخلىۋېتىلىدۇ. ئالدى يۈزى سىلىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلانغان يەرلىرى تۈزلىنىدۇ، بۇتنىڭ پۈتۈن تېنىگە يېپىشقاق توپا بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت پلاستېر بېرىلىدۇ، ئاندىن سۇ بوياق بىلەن رەڭ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاخىردا ئالتۇن ياپراقچە چاپلىنىدۇ.

⑦ بوماريا (boehmeria) تالاسىدىن ئىشلەنگەن ماتېرىيال.

⑧ ۋىللارد (U. Monneret de Villard) يازغان «بېزەك ئىمارەت ۋە سەنئەت» (Architettura Arti decorative، مىلان، 1921) دېگەن كىتابىنىڭ «پارسچە قوش قەۋەت گۈمبەز ئۆگزىنىڭ خارابىسى» (Origine della doppia Cupola persiana) دېگەن قىسمىدىن پايدىلىنىلدى.

⑨ «گارۇدا» (garuda): زەر قاناتلىق قۇش دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ھىندى رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، گارۇدا قۇياش ئىلاھى مىنىدىغان قۇش بولۇپ، شەكلى سارغا ئوخشايدىغان زەر قاناتلىق قۇش.

بەشىنچى باب

# سىڭگىم ئېغىزى، بېزەكلىك، چىكان كۆلى ۋە تۇيۇق تاشكېمىرلىرى



ئۈرۈمچىنىڭ بىر كوچىسى، ئوتتۇرىسىدىكى جازا قورالى

# سىڭگىم ئېغىزى تاشكېمىرلىرى

بىز قوچو قەدىمىي شەھىرىدىكى بىر قانچە ئىبادەتخانىدىن تام رەسىملەرنى بايقىدۇق، بارتۇس ئىنتايىن ناچار كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاجايىپ تەڭداشسىز تېخنىكىسىغا تايىنىپ، تام رەسىملەرنى ھەرىدەپ ئالدى.

ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك تەڭگە پۇل تاپاتتۇق، كۆپ قىسمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ، بەزىلىرىنىڭ يىلى ئۇزاقراق بولۇپ، ساسانىي خانىدانلىقى مەزگىلىگە تەۋە ئىدى. ئۇلاردىن باشقا قەشقەردىكى مۇسۇلمان ئىسيانچى بەگلەر مەزگىلىدىكى تەڭگىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن سىرت قىممىتى زور گۈللۈك يىپەك رەخت، كاناپ ۋە ئاق كەندىردىن توقۇلغان رەخلەرنى، شۇنداقلا 24 خىل گرافا بىلەن يېزىلغان نۇرغۇن نوم قولىيازمىلىرىنى تاپتۇق.

ئەمما، بۇ نەتىجىلەر ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولمىدى. قوچو قەدىمىي شەھىرىنى ئاختۇرۇپ بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە 2 ـ ئاي كىرىپ ھاۋا ئىسسىشقا باشلىغانلىقتىن، قاراغۇجىنىڭ شىمالىدىكى سىڭگىم ئېغىزىغا يۆتكەلدۇق. تۈركلەر بۇ يەرنى سىڭگىم «ئېغىزى» (ariz)① دەيدىكەن، بۇ سىڭگىمنىڭ «ئېغىزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، شىمال تەرەپتىكى سىڭگىم دېگەن كىچىك بىر يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن.

سۇيى تېز ئاقىدىغان قاراغۇجا دەرياسى بۇ جىلغىنىڭ سىرىق تۈپرىقىدىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ سىرلىق، خىلۋەت جىلغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى تىك قىيالىق ئىكەن، باھار كېلىپ قارلار ئېرىگەندە، ئەگىز سۇيى تاش - تۇپراقلارنى جىلغىغا ئېقىتىپ چۈشىدىكەن. يەر شارائىتى خەتەرلىك بولسى-مۇ، جىلغىنىڭ سول تەرىپىدە، يەنى غەربىي تەرىپىدە بىر رەت تاشكېمىر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئوڭ تەرەپتىكى ئېگىز جايدا ھىندىچە ستوپا مۇنارى بار ئىكەن، بۇ مۇنارلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا دەريانىڭ گىرۋىكىدە ئىكەن.

ستوپا مۇنارىنىڭ ئىچىدە جەسەت كۈلى، يالغان گۇل، ئارخات رەسىمى ۋە نۇرغۇن نوم كۆچۈرۈلمىلىرى بار ئىكەن. بىز دەريانىڭ قايرىلغان يېرىدىكى بىر ستوپا مۇنارىدىن بۇد-دىزمنىڭ سانسكرىتچە كلاسسىك قولىيازمىلىرىنىڭ پارچىلىرى-نى، بۇ پارچىلار ئىچىدىن مانى دىنى نومىنىڭ ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بىر ۋاراق كۆچۈرۈلمىسىنى تاپتۇق. بۇ بىزنى ھەقىقە-تەن ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

دەريانىڭ سول قىرغىقىدا 12 بۇددا ئىبادەتخانىسى بىلەن ساڭرام خارابىسى (ئۇلار VIII — XI ئەسىرگە تەۋە) بولۇپ، كۆپ قىسمى كېسەكتىن سېلىنغانىكەن، بىراق قېزىلغان بەزى بۇتخانا ئالدىدا سۇپا ۋە باشقا ئىمارەتلەر بار ئىكەن. كېسەكتىن سېلىنغان بۇتخانىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مۇداپىئە ئەسلىھە-سى سۇپىتىدە قېلىن دەرۋازا ۋە راۋاق ياسىلىپتۇ. پۈتكۈل جىلغا سەل سىرلىق، ئەمما رومانتىك تۇس ئاپتۇ.

بىز بۇ بۇتخانىلاردىن نوم ساقلاش غارىدىن ئىككىنى تاپ-تۇق، ئۇنىڭ بىرىنى بارتۇس بىر چوڭ بۇتخانىنىڭ ئېتىكاپخانى-سىدىن تاپتى، بۇ غار ئىككى تاغار كۆممىقوناق سىغقۇدەك چوڭلۇقتا ئىكەن. بۇ نوم قولىيازمىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەدىمىي تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان بولۇپ، نومىنىڭ مەزمۇنى

ئاداشقان قوزا بىلەن ساداقەتمەن مۇرتتىنىڭ مايتىرى بۇددا
(Maitreya Samiti) غا يولۇقۇپ قالغانلىقىغا ئائىت ھېكايە ئى-
كەن. جىلد ئاخىرىدىكى خاتىمىدە توخارچىدىن تۈركچىگە تەر-
جىمە قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلىپتۇ ھەم ئاپتورنىڭ نام - شەرىپى
بېرىلىپتۇ.

بىز كېيىنچە باشقا جايلاردىن نومنىڭ ئاتالمىش توخارچە
ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ پارچىلىرىنى تاپتۇق، بۇ «ئەسلىي نۇس-
خا» نىڭ خاتىمىسىدە سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى
كۆرسىتىلىپتۇ.

2 - نوم ساقلاش غارى مەن «10» دەپ بەلگە قويۇلغان
ساڭرامغا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا جايلاشقان كىچىك
ئىبادەتخانىدىن تېپىلدى، غاردا بۇددا دىنىغا ئائىت ھېكايەت -
رىۋايەتلەرنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ساقلانغانىكەن.

ئۇلاردىن باشقا، بىز يەنە مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى نوملىرى-
نىڭ قولىيازمىلىرىنى خېلى كۆپ تاپتۇق، ئەمما بىر ئىش بىزنى
ناھايىتى بىئارام قىلدى. ئەينى چاغدا بىز جىلغا ئېغىزىدىكى
«يۇلتۇزلار بۇددا كېمىر» (6 - نومۇرلۇق بۇددا كېمىرى)
دېگەن جاينى قېزىۋاتاتتۇق. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا ئىككى
قېرى ئايالنىڭ قالايمىقان دۆڭلەرنى قېزىپ بىر نېمىلەرنى ئىز-
دەۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ دۆڭلەر قارىماققا سېرىق توپا دۆۋى-
سىدەك قىلىسمۇ، قېزىپ ئاچقاندىن كېيىن سارىدا مۇنارى ئى-
كەنلىكىنى بايقىدۇق. نەتىجىدە ئۇلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا
بىر قىسىم ياكسا باش ھەيكىلى، نۇرغۇن توخارچە قولىيازما ۋە
سانسكرىتچە بۇددا نومى قولىيازمىلىرىنى قېزىۋالدى، بىز ھېچ-
نېمە تاپالمىغانلىقتىن ئۇلارنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا مەج-
بۇر بولۇپ، 100 ۋاراق كەلگۇدەك ئوبدان ساقلانغان قولىيازمى-

نى توققۇز شىلىڭغا سېتىۋالدۇق.

قاراغۇجىدىكى قەدىمىي شەھەر بىلەن سىڭگىم ئېغىزىدا تاپقان نەرسىلىرىمىز ئاز بولمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزگە ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئارزۇ قىلغىنىچىلىك ئەمەس ئىدى. كوزىۇل پىشېل (Pischel) پات - پات خەت يېزىپ ئۇرغۇن قولياز-ما، ھەيكەل ۋە تام رەسىم تاپقان - تاپمىغانلىقىمىزنى سوروشتۇ-رەتتى. ئۇ بىزنىڭ ئۇرغۇن نەرسىنى قولغا چۈشۈرىدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشەنگەنىدى، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنى ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

گرۇنۋېدېل مۇرتۇقتىكى چوڭ بۇتخانىنى قازماي، ئۆزىگە قالدۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلدى، بىراق ئۇنىڭ زادى كېلىش - كەلمەسلىكى توغرىسىدا ھەربىر پارچە خېتىدىكى گېپى ئوخشىمايتتى، بىردەم يولغا چىققىلى تۇراتىمەن دېسە، بىردەم تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم دەيتتى. شۇڭا، خىزمەت سەپىرىمنى ئورۇنلاشتۇرالمىدىم. ئۇ ئاخىرى خەت ئەۋەتىپ، كېلىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا مەن قۇرۇق يول يۈرمەسلىك ئۈچۈن، مۇرتۇق خارابىسىگە بېرىپ، چوڭ بىر تام رەسىمنى ھەرىدەشنى قارار قىلدىم، شۇڭا دەرھال يولغا چىقتۇق.

## بېزەكلىك - بېزەك شەھەر

مۇرتۇقتا بارماقچى بولغانلار سىڭگىم ئېغىزىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، مۇرتۇق دەرياسىنىڭ سىڭگىم جىلغىسىغا قۇيۇلىدىغان جايغا كەلگەندىن كېيىن، دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى سېرىق توپىلىق دۆڭگە چىقىپ، ئۇ يەردىكى چىغىر يولنى بويلاپ

ماڭسا، مۇرتۇق كەنتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بېزەكلىك چوڭ
تىپتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى (تۈركچىدە بېزەكلىك
دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى — بېزەك شەھەر) غا بارغىلى بولاتتى.
بىز بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا باردۇق، ئەمما بۇ يەردە
بىرەر ئېغىز ئۆينىمۇ كۆرمىدۇق، پەقەت بىر بۇتخانىنى تاپتۇق،
ئۇنىڭ ئالدىغا تام سېلىنغانىكەن، تامنىڭ بەزى يەرلىرى تېخى
ئۆرۈلۈپ كەتمەپتۇ. تامنىڭ رولى بۇتخانىنى توسۇپ، ئۇنى
ساياھەتچىلەرگە كۆرسەتمەسلىك ئىكەن. روشەنكى، بۇ بۇتخانى-
دىكى راھىبلار بۇددا سوكخاراتىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ، جاھان
غوۋغالىرىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ
بارچە تىرىشقان.

ئارقىدىن يول بارغانسېرى كېڭىيىپ، تۆپتۈز قۇملۇققا
تۇتاشتى. قۇملۇقنىڭ ئارقا تەرىپى ئېگىز - پەس، غەلىتە تۆپى-
لىك ئىكەن، بىز بۇتخانىنى تۆپىلىكنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپمۇ
كۆرەلمىدۇق. چۈنكى، بۇتخانا ئورۇنلاشقان سۇپا قۇم بارخانىسى
گىرۋىكىدىن 10 يارد تۆۋەن، دەريا قېنىدىن 10 يارد ئېگىز
كېلىدىغان ئات تاقىسى شەكىللىك دەريا قولتۇقىنىڭ قىرغىقىغا
جايلاشقانىكەن. ساياھەتچىلەر دەريا قولتۇقى قىرغىقىغا ناھايىتى
يېقىن كەلمىگۈچە، بۇ بۇتخانا ئىمارەتلىرىنى كۆرەلمەيدىكەن.

بۇ ئىمارەتلەرنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىدە ئەسلىدە بىردىن
قۇببىلىك ئىمارەت بار ئىكەن، بىراق ھازىر باش تەرىپىدىكى
بىرسىلا قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ ۋەيران بوپتۇ، بىراق
يەنىلا مېڭىپ چىققىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ سۇپىغا چىققىلى بولى-
دىغان تار پەلەمپىيى بار ئىكەن. ئىلگىرى بۇ ئىمارەتنىڭ ئۈستى
تەرىپىدە بۇ تاشكېمىرلەرگە كىرىدىغان ئېغىز بولۇشى مۇمكىن.

ئاساسىي سۇپا ئىمارەتلەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ،

شىمالىي چېتىدە چوڭ بىر بۇتخانا بار ئىكەن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئېتىكاپ بار ئىكەن. دەريانى بويلاپ جەنۇبقا ماڭغاندا بىر رەت ساۋرام بار ئىكەن، ئۇلار ئارقا تەرەپتىكى تۆپىلىكنىڭ سېرىق توپا قاتلىمىدىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇم بېسىۋېلىپ، يىل - ئايلار-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ قالغان گۈمبىزى ۋە تام بۆلەكلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ ئىمارەتلەر شەك - شۈبھىسىزكى، ياغاچ قۇرۇلما بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن باشقا سىڭگىم ئېغىزىدىكى ئىمارەت-لەرگە ئوخشاش، بەزى ئىمارەتلەر ئىككى خىل قۇرۇلمىنىڭ بىرلەشمىسى بولۇپ، ئالدىنقى زالى كېسەكتىن سېلىنغانىدى.

ھازىر 100 گە يېقىن تاشكېمىر بار ئىكەن، ئەمما جەنۇب تەرەپتىكى تاشكېمىرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى پادىچىلار ماكان قى-لىۋاپتۇ، كېمىردىكى تام رەسىملىرىمۇ ئىستا قارىداپ كېتىپتۇ. شۇڭلاشقا، پۈتۈنلەي قۇم بېسىۋالغان تاشكېمىرلەردىنلا ئازدۇر - كۆپ-تۇر بىر نەرسە تاپتۇق. بىز بۇ ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن، پادىچىلار ۋەيران قىلغان تاشكېمىرلەرنى تازىلاپ رەتلەپ، لاگىر قىلىشنى قارار قىلدۇق.

بۇ چاغدا، تۇرپاندىكى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خەۋەرچىسى پىشېلنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئېلىپ كەپتۇ، پىشېل خېتىدە نەتىجىلىك قايتىشىمىزنى سەمىمىي ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېي-تىپتۇ. بىز ھازىرغىچە باشقىلار ئېغىزغا ئالغۇدەك نەتىجە قازى-نالمىدۇق. بىراق، بىر كۈنى بېشىمىزغا تەلەي قۇشى قوندى. ئۇ چاغدا بىز چوڭ بىر كېمىرنى قېزىپ، چوڭ زالنىڭ ئىشىكى-گە كەلگەندۇق، زالدىكى تام رەسىملىرى تامامەن چۈشۈپ كې-تىپ ۋەيران بوپتۇ، پەقەت ئىزناسىنىلا ئاران پەرقلەندۈرگىلى بولىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ زالنىڭ ئەتراپىدىكى دەھلىزلەر ھېلىھەم بار ئىكەن، بىراق تام قۇم بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. مەن سول تەرەپتىكى كارىدورنىڭ ئۈستىگە كۈچەپ چىقتىم، قۇم دۆۋىسى ئېغىرلىقىم تۈپەيلىدىن ئىككى تەرەپكە سىيرىلىپ بۆلۈنۈشكە باشلىدى، مەن قۇم دۆۋىسىنى تۈزلەش ئۈچۈن، ئورنۇمدا توختىماي ماڭدىم.

توساتتىن، گويا سېھىر ئىشلەتكەندەك، ئوڭ - سول تەرەپتىكى تاملاردا كۆركەم، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تام رەسىملىرى كۆرۈندى، ئۇنىڭ رەڭلىرى رەسسام خۇددى ھېلىلا سىزغاندەك نۇر چاقناپ تۇراتتى.

مەن خۇشاللىقىمدىن قىن - قىنىمغا سىغماي، قالپىقىمنى ئېلىپ پۇلاڭلاتتىم ھەم يەنە بىر تەرەپتە ئىشلەۋاتقان بارتۇسنى كېلىپ كۆرۈشكە چاقىردىم. بىز بىر - بىرىمىزنى تەبرىكلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. بىز بۇ تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتەلىسەك، تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولاتتۇق.

بىز قۇملارنى ئېھتىيات بىلەن تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، كارىدورنىڭ ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامدا بىر تەرەپتە بىردىن راست ئادەمدىنمۇ چوڭراق راھىب رەسىمى بارلىقىنى كۆردۇق.

سول تەرەپتىكى كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىمۇ سېرىق تونلۇق ھىندى راھىبىنىڭ رەسىمى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بىراخمى يېزىقىدا يېزىلىپتۇ. ئوڭ تەرەپتىكى كارىدورنىڭ ئوڭ تېمىدا بىنەپشە تون كىيگەن شەرقىي ئاسىيا راھىبىنىڭ رەسىمى، سول تېمىدا سېرىق تون كىيگەن ئۈچ ھىندى راھىبىنىڭ رەسىمى بار ئىكەن.

بۇ راھىبلارنىڭ باش تەرىپىدە كىچىك نام تاختىسى بار ئىكەن. ھىندى راھىبىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ھىندىچە، شەر-

قى ئاسىيا راھىبلىرىنىڭ ئىسمى ــ فامىلىسى خەنزۇچە ياكى
ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلىپتۇ.

قىزىقارلىقى شۇكى، تۇركلەرنىڭ كۆچى تازا زورىيىپ پەل-
لىگە چىققاندا، بۇ بۇتخانىلارنى ياسىغان تۇركلەر ئادەم ھەيكىلى-
نىڭ يۈزىنى قېلىپتا قۇيۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىغان،
بەلكى ئۇلارنىڭ يۈزىنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشقا — مۇنداقچە
ئېيتقاندا، شەخسلەرنى رېئال تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنغانلىقىنى دە-
لىللەيدىغان روشەن ئىسپات بار ئىدى.

بۇرۇنراق مەزگىلدىكى ھىندى ــ ئارىئان رەسىملىرىدە
شەخسلەر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئىپادىلەش سىنىقىنى ھەرگىز
كۆرگىلى بولمايتتى. ھىندى ــ ئارىئان رەسىملىرىدىكى ئادەم-
نىڭ بەش ئەزاسى تامامەن بىر قېلىپتىن چىققان بولۇپ،
X ، Y ياكى Z چەۋەنداز دەپ بىر قۇر خەت يېزىپ قويۇلاتتى.
سۇپەت جەھەتتە دەسلەپكى ئەسەرلەر كېيىنكى ئەسەرلەردىن
كۆپ ئۈستۈن تۇرغانلىقتىن، دەسلەپكى ئادەم رەسىملىرىنىڭ
ئىندىۋىدۇئاللىقى كەمچىل بولغان بۇ يېتەرسىزلىكى ئالاھىدە
دىققەت قوزغايتتى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ خىل سەنئەت
ئۇسلۇبلىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەسەرلەر-
نىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

بىز كارىدوردىكى قۇملارنى داۋاملىق تازىلاپ، 13 فۇت
ئېگىزلىكتىكى تامدىن يىللىرى ئوخشاشمايدىغان چوڭ تىپتىكى
بۇتتىن 15 نى تاپتۇق، ئۇزۇنراق سىرتقى تامنىڭ ھەربىرىدە
ئۈچتىن، كارىدورنىڭ يېنىدىكى قىسقىراق ئىچكى تامنىڭ ھەر-
بىرىدە ئىككىدىن بار ئىكەن. مەزمۇنى: ھىندىلارنىڭ ئەنئەنىۋى
رىۋايەتلىرىدە زىكرى قىلىنغاندەك ياسانغان ھىندى شاھزادىسى
بىلەن يولۋاس تېرىسى يېپىنغان، پۇتىغا چىمالتا ئورىغان براخ-

ماننىڭ بۇددا ئالدىدا تازىم قىلىۋاتقانلىقى، ئەنئەنىۋى كىيىم كىيگەن يەرلىك تەقۋادارنىڭ تاۋاپقا كەلگەنلىكى ئىكەن، كېيىن-كىسى بۇ تام رەسىملىرىنىڭ قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەپ-تۇ.

رەسىمدە يەنە بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان پارسلار بولۇپ، بېشىغا پۆپۈكلۈك بۆك كىيگەن ياكى ياغلىق چىگكەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇرنى ئىلمەك، چېچى قىزغۇچ قوڭۇر، كۆزى زەڭگەر ياكى كۆك ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، رەسىمدىكى چېچى قىزىل، كۆزى كۆك ياۋروپالىقلارنىڭ رەسىمى ئالاھىدە دىققەت قوزغايتتى. بۇ كىشىلەر بۇ يەردىن تېپىلغان نوملاردا دائىم يولۇقىدىغان مەلۇم ئارىئان تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىدۇق. كېيىنچە ئۇنىڭ توخار تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدۇق. بۇ سېرىق چاچلىق كىشىلەرنىڭ بەلۋېغىنىڭ ئاستىدا ئىككى تال ئىشتانباغ بولۇپ، يۇمشاق قونچىلىق ئۆتۈكىنىڭ ئېغىزىغا باغلانغان، بۇنداق ياسىنىشنىڭ مىللەتشۇناسلىقتا ئىپادىلىگەن ئالاھىدىلىكىنى تەڭرىتاغلىرى بويىدىن موڭغۇل ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلاردىكى قەبرىلەردىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقى بىلەن قىرىمدىكى ئېپتالىتلار قەبرىلىرىدىلا مۇشۇنداق ياسىنىشتىكى تاش ھەيكەللەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بۇ قەبرىلەرنىڭ يىلى جەنۇبىي رۇسىيىدىكى «قورغان» (kurgans، رۇسچە مەنىسى قەبرە) لارنىڭكىگە ئوخشاش مىس قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ. مېنىڭچە، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى بۇ قەبرىلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرى ھىندى - ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈش يولىنى كۆرسەت-

كەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىرخىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ رەسىمى بىرلا قېتىم بايقالدى. ئۇنىڭدا سىمېتلار ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولۇپ، سۇرىيە ئىرقىدىكى نېستورى مۇرتىلىرى ئىكەنلىكى مۇقەررەر. ئۇلار تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاغ قاپتىلىدا نۇرغۇن تاشكېمىر قازغان، رەسىمدىكى كىشىلەر روشەنكى، كېيىنچە بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلغان نېستورى مۇرتىلىرى ئىدى.

بۇ رەسىملەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تام رەسىمگە بىر كۆلچەك سىزىلغان، كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا شاخلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن فىكۇس دەرىخى بولۇپ، دەرەخنىڭ يېنىدا ئەجدىھا قوغداپ تۇرغان، دەرەخنىڭ ئۇچىدا بولسا شەپقەتچى مەبۇدەنىڭ نېلۇپەر سۇپىسى بار ئىدى.

رەسىمدىكى نىلۇپەر سۇپىنىڭ بىر قىسمى يوقالغان، بىراق كۆلچەكنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئالتە قولى بار بەتبەشىرە يالماۋۇزدىن ئىككىسى بولۇپ، تىزلىنىپ رەھىم تىلەۋاتقان چوشقا باشلىق ۋە پىل باشلىق ئىككى جىننى ھەيۋە قىلىپ قورقىتىۋاتقان. كۆلچەكنىڭ سول تەرىپىگە ھاسا تۇتقان، ئاپچىقلىنىپ يەرگە تېپىۋاتقان براخمان ۋە يېنىدا يولۋاس تېرىسى يېپىنىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغان مۇرىت سىزىلغان.

بۇ رەسىمنى كۆرگەن كىشى تام رەسىمدە براخماننىڭ شەپقەتچى مەبۇدە بىلەن سۇترا يەشمىسى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ، بەختكە قارشى مەغلۇپ بولغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان، دەپ قىياس قىلماي قالمايدۇ.

تام رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ھىندى دىنى ئەۋلىياسى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى رە-

سىملەردىن ھېچنېمە قالماپتۇ. چوڭ زالنىڭ سول تەرىپىدىكى تام رەسىمىدە ئاق تۇلپار مېنىپ ئوۋغا چىققان پادشاھ سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن باھادىرلار ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار بار ئىكەن. پۈتۈكچى دۈۋەت - قەلەم تۇتۇپ بولۇڭدا تۇرۇپتۇ.

چوڭ زالنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر غەلىتە رەسىم بار ئىكەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى: گارۇدا (ھىندى رىۋايەتلىرىدىكى ئادەم تەنـ-لىك، قۇش باشلىق، قانات - تىرناقلىرى قارا غەلىتە مەخـ-لۇق) كىچىك بالىنى ئېلىپ قاچقانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى قوغـ-لىغان. بالا قۇتقۇز ۋۇۋىلىنغان، گارۇدانى بولسا ئوقياچىلار بىـ-لەن سالمىچىلار تۇتىۋالغان.

بۇ رەسىملەرنىڭ ماتېرىيالى لېئوكارېس (Leochares)[2] نىڭ «گانومېدې بىلەن بۈركۈت» (Ganymede group)[3] دېگەن ئەسىرىنىڭ شەرقىي ئاسىياچە كۆچۈرۈلمىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنـ-نىش ئاساسىمىز بار.

ئاخىردا، رەسىمنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگەن تۆت چوڭ تەڭرىقۇت ھەم ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ تۇرغان دوزاخ ئالۋاستىسى سىزىلغان.

چوڭ زال ئىشىكىنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىدىكى تاملاردا ئۇيغۇر - تۈرك ئەمىر - ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىمى بار ئىكەن. خان جەمەتىدىكى ئەر - ئاياللار ئىككى تەرەپتە تىزىلىپ تۇرۇپـ-تۇ، ئادەم رەسىمىنىڭ يېنىدىكى نام تاختىسىغا ئۇيغۇرچە يېزىلـ-غان ئىسىم - فامىلىلەرنى ھېلىھەم پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن. ئەسلىدە ئۇستى - ئۇستىگە دەستىلەنگەن ئۈچ قاتار ئادەم رەسىـ-مى بار ئىكەندۇق، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە خاننىڭ رەسىمى (ھەقىقىي ئادەمنىڭ يېرىمىچىلىك

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ) ، يەنە بىر تەرىپىدە خانىكەنىڭ رەسمى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىككىدىن ئەر - ئايال بار ئىكەن، ئۇلارنىڭمۇ ئۈستىدە ئۈچتىن ئەر - ئايال بار ئىكەن. ئەپسۇسكى، ئەڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ ئەر - ئايالنىڭ رەسمى 2 - قەۋەتتىكى ئىككى ئەر - ئايالنىڭ رەسىمدەك ئوبدان ساقلانماپتۇ. بىز بارلىق چارە - ئاماللارنى قوللىنىپ، بۇ ئادەم رەسىملىرىنى مۇۋەپپەقى- يەتلىك ھەرىدەپ ئالدۇق، شۇنداقلا كېمە، ھارۋىلاردا 20 ئاي يول يۈرۈپ، بېرلىن مۇزېيىغا بىخەتەر ئېلىپ باردۇق. ئۇلار مۇزېينىڭ كۆرگەزمە زالىنى لىق تولدۇردى. بۇ بىر پۈتۈن تاشكېمىر تام رەسىمىنى بېرلىنغا يۆتكەپ كەلگەن ئاز ساندىكى مىساللارنىڭ بىرى.

تۇرپانغا قارىغاندا تاغلىق رايوندا ھاۋا ئوبدان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بىز كۈن چىقىش بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، كۈن ئول- تۇرغاندا ئارام ئالاتتۇق، چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ كاشىلىسى ئازراق ئىدى. لېكىن، يەنىلا ئىككى قېتىم خاپىلىق تارتتۇق.

تاشكېمىرلەرنىڭ ئارقىسىدىكى تاغ چوققىلىرىدىن قار كۆ- رۈنۈپ تۇرسىمۇ قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە ياكى غەربكە پاتقاندا، تاغ چوققىلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىزىل رەڭ ئالاتتى. تاغ باغرىدا قىر - بۆلۈڭلىرى چوقچىيىپ تۇرغان قارا رەڭلىك قۇم بارخانلىرى، ئۇنىڭ پەس تەرىپىدە ئالتۇندەك چاق- ناپ تۇرىدىغان سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىك بار ئىدى.

بىراق، ئاي چىقىشى بىلەن تاغ بىلەن سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىكنىڭ رەڭگىدە دراماتىك ئۆزگىرىش بولاتتى. تاغ چوق- قىلىرى زەڭگەر رەڭ ئالسا، قارا رەڭلىك قۇم بارخانلىرى سۇس ماشرەڭ بولۇپ قالاتتى. سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىك ئاينىڭ خىرە نۇرىدا رەڭگىنى تۈرلۈك ئۆزگەرتىپ، گاھ قىزىل، بىنەپ-

شەرەڭ ئالسا، گاھ كۆك، قارا رەڭگە ئۆزگىرەتتى. بۇنداق رەڭگارەڭ سىمپونىيىنى ئۆمرۈمدە بۇ يەردىن باشقا جايدا مۇتلەق ئۇچراتمىغان.

بىز بۇنداق ئايدىڭ كېچىدە بىر كۆنلۈك ئەمگەكتىن قاتتىق چارچىغان بولساقمۇ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمايتتۇق، چۈنكى كۈندۈزدىكى تەجرىبە ۋە تەسىراتلار ئۇيقۇمىزنى قاچۇراتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ جاھان تىنجىغاندا، ئېرىق سۈيىنىڭ جىلدىرلاشلىرى گويا مەسخىرە كۈلكىسىگە ئوخشاپ قالاتتى. بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ ۋە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش تېخىمۇ تەس بولسىمۇ، بۇ ئاجايىپ گۈزەللىك ئىچىگە بىر خىل سىرلىق چۆلسىرەش كەيپىياتى يوشۇرۇنغاندى. بىز دەرھال بۇ يەردىكى تاشكېمىرلەردە چىرايى بەتبەشىرە ئالۋاستىلارنىڭ كەم بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۇق. بىر قېتىم مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن - ئۇزۇن كېچىدە گويا كۆھقاپنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، جىن - شاياتۇنلار بوشىنىپ چىققاندەك، كىشىنى شۈرۈكەندۈرىدىغان چۇقان - ھۇۋلاش ساداسى كۆتۈرۈلدى. بىز چۈچۈپ كارىۋاتتىن چۈشۈپ، قولىمىزغا مىلتىقىمىزنى ئېلىپ سىرتقا چىقتۇق، تاقىسىمان جىلغىنىڭ ھەممىلا يېرىنى بۆرىلەر توپى قاپلاپتۇ، ئۇلار ئايغا قاراپ توختىماي ھۇۋلايتتى، بۇنى كۆرۈپ تېنىمىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

مالايلىرىمىز دەرھال ئالدىمىزغا كېلىپ: «ئەپەندى، قورقماڭ، ئۇلار كىشىگە زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ» دەپ تەسەللى بەردى. دەرۋەقە، بىز بىر قانچە پاي ئوق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېدۇق، بۆرىلەر توپى تارقىلىپ كەتتى. بۇنداق

ئەھۋال كېيىن يەنە بىر قېتىم يۈز بەردى، بىراق ئۇ چاغدا قىلچە قورقمىدۇق.

بۇرە بۇ يەرنىڭ غەربى ۋە شىمالى، بولۇپمۇ شىخەنزە ۋە سۇيلەي (ماناس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) رايونى، شۇنداقلا مارالۋېشى ۋە لوپنۇر ئەتراپىدىكى يولۋاسلارغا ئوخشاش كىشىگە زەخمەت يەتكۈزمەيدىكەن.

مەن بۇرىنىڭ ئادەم يېگەنلىكىگە ئائىت ۋەقەنى بىرلا قېتىم ئاڭلىدىم. بۇ ئىش قاراغوجىدىكى 12 ياشلىق بەختسىز قىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنىكەن (پاجىئەلىك كەچۈرمىشنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بۇ قىزنى بىز تونۇيتتۇق). ئۇ 60 ياشلىق بوۋايغا تېگىشكە مەجبۇرلانغانلىقتىن، قومۇلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، لوكچۇنگە قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ، نەتىجىدە يېرىم يولدا بۇلاق يېنىدىكى قارىياغاچ تۈۋىدە ئارام ئېلىۋېتىپ ئۇخلاپ قالغاندا، بۆرىلەر توپىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىمىنىڭ پارچە - پۇراتلىرىنى ۋە ئۆتۈكىنى تېپىپتۇ، ئۆتۈكىنىڭ ئىچىدە پۇتىنىڭ يېرىمى قالغانىكەن.

بېزەكلىكتىكى ئىشلىرىمىز بىر ياقلىق بولغاندىن كېيىن، تىزىمغا ئات تېپىپ يارىلاندۇرۇپ قويغانلىقتىن، 10 كۈنگىچە ئات مىنەلمىدىم، يول ماڭغاندا ھاسا تايانمىسام بولمىدى. كەچۈرۈن تۈرك تىلىنى مەشىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا ئىنتايىن تونۇشلۇق بولغان پارسچە، ئەرەبچە، گېرمانچە، لاتىنچە، گرېكچە ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىكى ماقال - تەمسىل، شېئىر - قوشاقلار ئېسىمگە كىرىشۋالغاچقا، ئۇلارنى قەغەزگە ھۆسنخەت قىلىپ يېزىپ ئۆيۈمنى بېزەپ قويدۇم، ئىشىك بېشىغا «باندىت ئۇۋىسى» دەپ يېزىپ قويدۇم.

نەتىجىدە ھۆسنخەت چاپلانغان ئۆيۈم ئۆي ئىگىسىنىڭ پۇل

تاپىدىغان دەسمايىسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن-
لەرگە بېلەت سېتىپتۇ، ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەنلەر ئىچىدە ياپو-
نىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسىرلەر لاگېرىدىن قېچىپ چىققان گېرما-
نىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال لېيتېنانتى بار ئىكەن.

لۇكچۇن ۋاڭى تېزىمنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەستلىك
ئارغىماقىمنى مەپە سۆرەشكە بېرىشىمنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ ئات
تولا سوكۇلداپ مىنگەن كىشىنى بىئارام قىلىدىغانلىقتىن، ئۇ-
نىڭ ئۇستىگە ۋاڭ ماڭا ئايغىر بەرمەكچى بولغانلىقتىن، مەن
ماقۇل بولدۇم. مەن ئارغىمىقىمنى ئايغىرغا تېگىشىۋالغانلى-
قىمدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم، ۋاڭ ناھايىتى بەستلىك بىر
ئات ئەۋەتىپتۇ، ئۇنى كىشىلەر «چوڭ ئات» (chong at)
دەيدىغان بولدى. ئۇ يۇگۇرۇك ئات بولۇپ، يورغىسىمۇ[4] بار
ئىدى. ئۇ يورغىلىسا باشقا ئاتلار يۇگۇرمىگۇچە يېتىشەلمەيتتى،
ئىلگىرىكى سوكسوك بوز ئېتىمغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى
ئېتىم ئىسمى - جىسمىغا لايىق بۆشۈك ئىدى. ئىلگىرى تولىمۇ
جاپا بىلىنىدىغان ئۇزۇن سەپەر ئەمدى راھەت بىلىنىدى. بىز
تۇرپاندا تۇرغان مەزگىلدە مەن شۇ ئاتتىن ئايرىلمىدىم ھەم ئۇنى
مىنىپ ھىمالايا تاغلىرىدىن ئۆتتۇم. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن
150 رۇپىيىگە سېتىۋەتتىم.

جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ ئات بېقىش تېخنىكىسى بىزنىڭ-
كىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. ھەربىر ئۆتەڭگە بارغاندىن كې-
يىن، مۇلازىم ئاتنى يېتىلەپ، ئۆتەڭ قورۇسىدا بىر سائەت
سوۋۇتىدىكەن، ئارقىدىن ئىگەرنى ئېلىۋېتىپ، بېشىنى پەس
قىلىۋالماسلىقى ئۇچۇن، ئاتنى قوزۇققا باغلاپ قويىدىكەن، يې-
رىم كېچە بولغاندا ئاندىن سوغۇرىدىكەن، بىدە - بوغۇز (كۆپ
قىسمى قارا تېرىق) بېرىدىكەن. ماڭا بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك

تۆيۇلدى، بىراق مالىيىمنى قايىل قىلالمىدىم. ئۇلار ئاتنى بۇرۇن سوغۇرۇپ قويسا، ئۇنىڭ پۇتى ئىششىپ تۆگىشىدىغانلى- قىغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن. ئات ھېرىپ ماڭالماي قالسا، ئاتنىڭ بۇرنىدىن بىر پارچە كۆمۈرچەك ئېلىۋېتىدىكەن. ئەمما، بۇ چارىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ماڭا قاراڭغۇ.

## چىكان كۆلى تاشكېمىرلىرى

مۇرتۇقنىڭ يېنىدا، يەنى بېزەكلىك كەنتى بىلەن سىڭگىم ئېغىزىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ئارىلىقىدا، تاغنىڭ غەربىي تە- رىپىدە چىكان كۆلى دېگەن كىچىك مەھەللە بار ئىكەن. بىز مۇرتۇقتا تۈنجى بارغاندا يول ئۈستىدە ئۇ يەرنى بايقىغان ھەم ئىزغىرىن سوغۇقتا، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن ئىشلىگەنىدۇق. بۇ مەھەللە كۆل بويىدىكى تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان قاتار تاشكې- مىرلەردىن ھاسىل قىلىنغانىكەن. بىز كۆل بويىدىكى قۇملۇقتا بۇددا ئىمارەتلىرى خارابىسىنى بايقىدۇق. ئۇ يەرنى قېزىۋىدۇق، خارابىلىقنى سۇ بېسىپ بۇزۇۋېتىپتۇ، لېكىن يەنىلا شەپقەتچى مەبۇدەنىڭ باش ھەيكىلى، نوم قولىيازمىسى ۋە بىرمۇنچە كەشتى- لەرنى قۇتقۇزۇۋالدۇق. بىز يەنە جىلغىدىكى تاشكېمىرلەردىن بىرمۇنچە رەسىم ۋە تام رەسىملەرنى ئېلىپ كەتتۇق. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى نابۇت بولغان بولسىمۇ، VII ئەسىردىكى ئاسارئەتى- قىلەر ئىكەنلىكىنى يەنىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇسلۇب جە- ھەتتە، تۆيۇقتىكى تام رەسىملىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئۇلار تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئەڭ قەدىمىي رەسىملەر ئىدى. بىز گۇمبەزنىڭ ئىچىدە، يەنى تورۇسىدا گىرەلىشىپ كەتكەن بېزەك

كاتەكچىلەرنى كۆردۇق، ئۇلار قىزىل ۋە كېرىشتىكى بېزەك كاتەكچىلىرىدەك تاشقا ئويۇلغان بولماستىن، تورۇسقا سىزىلغا-نىدى. بۇنداق بېزەك كاتەكچىلەر باميان (ئافغانىستان) ۋە كەشمىردىكى دىنىي ئىمارەتلەردە بايقالغان. ئىراق، كەشمىر تاشكېمىرلىرىنىڭ تورۇسىدىكى بېزەك كاتەكچىلەر يۇنان سەنئى-تىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى روشەن.

تورۇس بېزەك كاتەكچىلىرى دەسلەپتە ياغاچ لىملىق ئىما-رەتلەردە قوللىنىلغان، بۇنداق ئىمارەتلەر ئەرمىنىيە، ئافغانىس-تان، كەشمىر ۋە لاداقتا هازىرمۇ خېلى كۆپ. ئۇ كېيىن بۇددا تاشكېمىرلىرىدە قوللىنىلغان، شۇنداقلا تۇركىستان ئارقىلىق جۇڭگو ۋە كورىيىگە تارقالغان. جۇڭگودا ئۇ رەڭلىك سىزما بېزەككە ئايلانغان؛ كورىيىدە بولسا، خۇددى غەربتىكىگە ئوخ-شاش يەنىلا تاشقا ئويۇلىدۇ.

## تۇيۇق تاشكېمىرلىرى

قاراغوجا قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن 13 مىل يىراقلىقتا بىر جىلغا بار ئىكەن. جىلغىنىڭ پەس تەرىپى كەڭرەك بولۇپ، يۇقۇرىلىغانسېرى تارىيىدىكەن، ئۇ ئېگىزلىك-تىكى گىياھ ئۇنمەس چۆلگە تۇتىشىدىكەن، بۇ يەردە ماڭغان كىشىنىڭ تېنىنى سۇر باسىدىكەن. جىلغا شىمالغا سوزۇلۇپ تاغقا تۇتاشقاندىن كېيىن غەربكە قايرىلىدىكەن، ئارقىدىن يەنە غەربكە بۇرۇلىدىكەن، ئاخىردا هارۋىمۇ پاتمىغۇدەك دەرىجىدە تارىيىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردىن هارۋىلىق ئۆتكەن كىشى دەريا قىنىدا مېڭىۋاتقاندەك هېسسىياتقا كېلىدىكەن.

بۇ يەرنى تۇيۇق (Tuyuq ، پىچاق بىلەن كەسكەن يەر دېگەن مەنىدە) دېيىش ھەقىقەتەن مۇۋاپىق ئىكەن! جىلغىنىڭ كەڭ يېرىدە دەريا سانسىز ئېرىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ سۇلار سېرىق توپىلىقنى مۇنبەت ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپتۇ. تۇيۇق كەنتىنىڭ ئاھالىسى ئۈزۈم تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بۇ يەردىن چىقىدىغان «تۇرپان ئۈزۈمى» نىڭ ئۇرۇقى يوق، تەمى تاتلىق بولۇپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى قۇرۇق ئۈزۈم بولىدىكەن. 115 كۇنلۇك يىراقلىقتىكى بېيجىڭدىمۇ بۇ يەرنىڭ قۇرۇق ئۈزۈمى تالىشىپ سېتىۋالىدىغان تاۋار ھېسابلىنىدىكەن.

بۇ يەردە ئۈزۈمدىن باشقا يەنە ئۆرۈك، شاپتۇل، قوغۇن، تاۋۇز چىقىدىكەن، ئۇلاردىن باشقا يەنە بىر خىل قاتتىق نەشپۈت بولۇپ، پىشىپ مەي بولغاندا يېگىلى بولىدىكەن، تەمى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن.

دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدا زامانىۋى مەسچىت «ئۇيقۇدىكى يەتتە ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى» قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇ مەسچىتنى كۆرگىلى بارسام، بىر كىشى ماڭا بۇ زامانىۋى مەسچىتنىڭ كەينىدىكى ياردا بۇددا كېمىرى بارلىقىنى ئېيتتى.

باشقا نۇرغۇن جايلاردىكىگە ئوخشاش، مۇسۇلمانلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇدىكى يەتتە ئەۋلىيا رىۋايىتىنى پىششىق بىلگەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنىنىڭ دەسسىشى مۇقەررەر ئىش بولغان. ئەپسۇسكى، مەن تاشكېمىرغا كىرەلمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئىشىكىنى نۇرغۇن بايراق بىلەن ئېتىۋېتىپتۇ. بۇ بايراقلارنى ياقۇپبەك قوشۇنى 1860 ـ ، 1870 ـ

يىللىرى ئىسيانچى تۇڭگانلاردىن تارتىۋالغانىكەن .

جەنۇبىي شىنجاڭ ، ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىدىن بۇ يەرگە تاۋاپ قىلىشقا كېلىدىغانلار ھازىرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھىندىستانلىق بىر تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ ئەخمىقانە دىنىي ئەسەبىيلىكى مېنى بەك ئاۋارە قىلغانلىقتىن ، لۇكچۇن ۋاڭىدىن ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشنى ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم .

ئۇيغۇرلار يەتتە ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى قاراغۇجىنىڭ يېنىدا بولغاچقا ، بۇ قەدىمىي شەھەر يەنە «ئېفېسۇس» (Ephesus) نىڭ تۈركچە شەكلى «ئاپسۇس» (Apsus) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىكەن .

دەريانىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر قاتار تاشكېمىر بار ئىكەن ، ئۇلۇق قىرغاقتا چوڭ تېپتىكى سارىدا مۇنارلىرى بار ئىكەن ، ئارقىسىدا ئېگىزلىكىدىن كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرغۇدەك سۇپا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىلگىرى چوڭ بىر تاشكېمىر ساقلام بار ئىكەنتۇق . بىراق ، 1916 - يىلى يەر تەۋرىگەندە ئۆرۈلۈپ ۋەيران بوپتۇ .

سول تەرەپتە ، يەنى مەسچىتنىڭ قارشىسىدا بىر تۆپىلىك بولۇپ ، ئۈستىدە بەزى خارابىلىكلەر بار ئىكەن . بىراق ، بىز تاغ ئېتىكىگە كېلىپ ، ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان چۇنچىلەرنى كۆردۇق . چۇنچىنىڭ تېمىدا ھاۋا ئۆتۈشىدىغان نۇرغۇن تۆشۈكچە بار ئىكەن . ئۇنىڭ ئىچىدىكى دەرەخ شاخلىرىغا ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر ئېسىلىدىكەن ، ھاۋا ناھايىتى قۇرغاق ۋە ئىسسىق بولغانلىقتىن ، ئۈزۈم ناھايىتى تېز قۇرۇيدىكەن ھەم تەمىنى يوقاتمايدىكەن .

دەريا ئېقىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە تېخىمۇ كۆپ تاشكېمىر-

www.uyghurkitap.com

لەر كۆرۈندى، بىراق ھەممىسى ئۆرۈلۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئاساسىي ئىمارەت جىلغىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا، تاغ چوققىلىرى بىلەن دەريا سۈيى غەربكە بۇرالغان جايدا ئىكەن.

مەن بارتۇسقا سىڭگىم ئېغىزىنى قېزىشنى تاپشۇردۇم، ئەمما سىڭگىم ئېغىزىنىڭ ھەممە يېرىنى قېزىپ بولغانلىقتىن، قانچە قازغان بىلەن بىرەر نەرسە تېپىشىمىز تەس ئىدى، شۇڭا مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈيقۇدىكى يەتتە ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسىنىڭ «ئىمامى» (lmaum)[5] بىلەن بىللە قېزىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بىر خارابىنى تەكشۈرۈشكە ماڭدىم.

دەرۋەقە، تاغ جىلغىسىدىكى چوڭ ئىمارەتتىن خەزىنە تاپتىم. ئىستىقامەت خانىسىنىڭ ئىشىكىدە تورۇستىن چۈشۈپ تاملارنى ۋەيران قىلىۋەتكەن تاش يولنى توسۇپ يېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ پارچىلىنىدىغان بۇ يۇمشاق تاشنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ پارىسچە ھۇجرىدا[6] نوم قولىيازمىلىرىنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. بىرى بۇ نوملارنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، كىتاب ئۇنىڭ كۆيمەيدۇ، دېگەن قەدىمىي ھەقىقەت بۇ يەردە ئىسپاتلىنىپتۇ. شۇڭا، بالا ـ قازاغا ئۇچرىغان بۇ قولىيازمىلار، بولۇپمۇ جۇڭگو كىتابلىرىنىڭ چەت گىرۋەكلىرىلا كۆيۈپتۇ. VIII ، IX ئەسىردە يېزىلغان بۇ قولىيازمىلارنى توپتوغرا ئىككى تاغارغا قاچىلىدىم، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېقىنراق مەزگىلدە يېزىلغان قولىيازمىلارمۇ بار ئىدى.

مەن قولىيازمىلارنى ئالدىراش تاغارغا قاچىلاۋاتسام، بارتۇس بۇ خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن مېنى ئىزدەپ كەپتۇ.

بىز بۇ يەردىن يەنە ئىنتايىن چىرايلىق كەشتە، يۇمىلاق ياغاچتىن ياسالغان سارىدا قۇتىسى تاپتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە

قىزىل، سېرىق ۋە كۆك رەڭلىك سىزما رەسىم يېپىلغانىكەن.

بۇ ئىمام مەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇچراتقان، ئەرەبچىنى ئوقىيالايدىغان ھەم چۈشىنەلەيدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

مەن مىسىردا نەشر قىلدۇرغان «مىڭبىر كېچە» (Arabian Nights) دېگەن كىتابتىن بىرنى ئېلىۋالغاندىم، بىراق ئۇنى سوۋغا قىلغۇدەك كىشى تاپالمىغان. مەن بۇ كىتابنى ئىمامغا سوۋغا قىلدىم، ئۇ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى.

مەن بۇ كۇنلەردە ھەر كۇنى كەچتە يەرلىك مۇھىم شەخسلەرنى چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇردۇم.

مەسچىتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇرام تاشلار ئارىسىدا بىر بۇلاق بار ئىكەن. جىلغىنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا يۇرەكنى ياشارتىدىغان بۇلاق سۈيى ئەڭ ياخشى ئىچىملىك ئىدى.

بارتۇس ناھايىتى تېز يېنىمغا قايتىپ كەلدى، بىراق باشقا ساڭرامىلاردىن ھېچنېمە تاپالمىدۇق. پەقەت مەسچىتنىڭ يېنىدىكى سارىدا مۇنارىدىن بىر ئاز ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى تاپتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر توپ ئاق رەخت بار ئىدى، مەن كاناپ رەخت بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان، سىنچىلاپ قارىساق بوخمېرىيە ئىكەن.

تۇرپان ئويمانلىقىدا يامغۇر ئاز ياغىدىكەن، قارا يامغۇر بولسا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىكەن. بىراق، يەرلىك كىشىلەر يامغۇر يېغىشىنى زادىلا ئارزۇ قىلمايدىكەن. چۈنكى بۇ يەردە يامغۇر يېغىپ قالسىلا، چىلەكتىن تۆككەندەك يېغىپ، ئېرىق، ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ، زىرائەتلەرنى سۇ بېسىۋېلىپ، ئېغىر زىيان بولىدىكەن. مېۋە، ئاشلىقلار كۆكىرىپ قېلىپ،

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ كۆپ زىيان بولىدىكەن .

بىز تۇيۇقتا تورۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە هاۋا تۇيۇقسىز تۇتۇلدى ، ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى . هەش - پەش دېگۈچە دەريا سۈيى ئۆلغىيىپ ، يېرىم سائەتتىلا كەلكۈن دەريا قېشىدىن تېشىپ كەتتى ، بىر سائەتتە دەريا قىنىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى ، قىزغۇچ كەلكۈن سۈيى پۈتۈن جىلغىنى قاپلىدى .

بىز ئۇ چاغدا قولىيازمىلارنى رەتلەپ ، ساندۇققا قاچىلاۋاتاتتۇق . توساتتىن ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدىن سۇ تامچىلاپ ، سېرىق پاتقاق سۇ تەرەپ - تەرەپتىن ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى . بىز هۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ساندۇقلىرىمىزنى قۇرۇق يەرگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولدۇق . ئىمام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسچىتنىڭ خىزمەتكارلىرى بىللەن بىللە يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن ئۆگزىنى ئوڭشىدى ، بىراق ئۇ كارغا كەلمىدى . ناۋادا يامغۇر ناھايىتى تېزلا توختاپ قالمىغان بولسا ، نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سۇغا چىلاشقان بولاتتى .

بۇ يامغۇر ناھايىتى تېزلا توختىغان بولسىمۇ ، زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولدى . دەريا سۈيى ئۆلغىيىپ ئەتراپنى سۇ باستى ، تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن تاش ، پاتقاق ئېتىزلارنى كۆمۈۋەتتى .

قاراغۇجىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 10 مىل يىراقلىقتا ئىككى بۇتخانا — چوڭ - كىچىك هاسار شەهىرى (Hasar Shahri ، مەنىسى زەمبىرەك شەهىرى ، hasar ئەرەبچىدىكى hisar ) بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېدىرلىق ئىكەن ، ئېيتىلىشىچە بۇ يەردە بەزىدە ئات - تۆگە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن .

بۇ يەردە گۆهەر ئىزدەيدىغان رادىل (Radil) ئىسىملىك بىر بوۋاي بىزگە ئىنس - جىن يوق بۇ جايدا يۈز بەرگەن گۆهەر

ئىزدەشكە ئائىت قىزىقارلىق ئىشنى سۆزلەپ بەردى . بۇ بوۋاي بىز ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسىدىنمۇ ھېلىگەر ئىكەن ، شۇنداقلا ئوخشاشلا چىۋەر ۋە قىزىقچى ئىكەن ، بىراق بەك سەت چاقچاق قىلىدىكەن .

ئۇ چاغ قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان ئىيۇن ئايلىرى بولسىمۇ ، بىز باشقا 10 كىشى بىلەن بىللە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، قەدىمي بۇتخانا خارابىسىغا كەلدۇق . بەختكە قارشى ، بۇ يەرگە نۇرغۇن چايانمۇ كېلىپ ماكانلىشىپتۇ .

سۇنى ناھايىتى يىراقتىكى كارىزدىن ئېلىپ كېلەتتۇق (سۇنى ياغاچ چېلەككە ئېلىپ ، ئېشەككە ئارتىپ ئېلىپ كېلەتتۇق ) ، سۇ توشۇش ۋەزىپىسىنى مىراپنىڭ ئوغلىغا يۈكلىدۇق .

بىز يېرىم كۈن ئىشلەپ ، بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەرگە خېلى كېيىن تارقالغانلىقىنى بايقىدۇق . سائەت بىردە توساتتىن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك قۇم - بوران كۆتۈرۈلۈپ ، تىنچىق ھاۋادا چىديالماي قالدۇق . بىراق ، بىزنىڭ ئىچىدىغان سۈيىمىز قالمىدى ، مىراپنىڭ ئوغلى ئېشەكنى ھەيدەپ يېڭىلا يولغا چىققان . بوران توختىمىغىچە قولىمىزدىكى ئىشنى توختاتماي بولمايتتى ، بىراق ئىشنى توختاتساقلا ، ئۇسساپ گېلىمىز قۇرۇپ كېتەتتى . تەلىيىمىزگە بوران قاتتىق چىققان بولسىمۇ ، تېزلا توختىدى . ئۇزاق ئۆتمەي مىراپنىڭ ئوغلى قايتىپ كېلىپ ، كۆپچىلىككە يولدا ئېشىكىنىڭ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى .

بارتۇس ئەترەت بىلەن بىللە لۈكچۈنگە ماڭدى ، مەن قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ قاراغوجىغا باردىم . بۇ قېتىم ساۋۇتنىڭ قورۇسىدىكى 80 فۇد چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقنىڭ سۈيى ناھايىتى تاتلىق بىلىندى !

كىچىك ھاسار بۇتخانا خارابىلىقىدا پارچە گۈمبەزلىك ئى-

مارەت، ھىندى سارىدا مۇنارى ۋە يېرىم - يارتا تاملار بار ئىكەن، چوڭ ھاسارغا بارمىدۇق، ئۇ يەرگە قىشتا بېرىش مۇۋاپىق ئىكەن. چۈنكى ئۇ چاغدا مۇز ئېلىۋېلىپ، ئېرىتىپ ئىچكىلى بولىدىكەن.

كېيىن گرۈنۋېدېل بارتۇسنى چوڭ ھاسارنى قېزىشقا ئەۋەتىپ بىر مۇنچە نەرسە تېپىپتۇ، بىراق كۈتكىنىدەك بىرنەرسە چىقماپتۇ.

6 - ئايدا يەنە بىر تۈركۈم ساندۇققا قاچىلانغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئەۋەتىشىمىزگە توغرا كەلدى. سەپەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈرۈمچىدىكى رۇسىيە كونسۇلىدىن باش ۋالىنى بىزگە ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچى تېپىپ بېرىشكە قايىل قىلىشنى ئىلتىماس قىلدىم. بىزنىڭ سېمپالاتىنسكتىن ياللىغان گېرمان قان سىستېمىسىدىن بولغان رۇسىيىلىك مالىيىدىمىز⑦ قاراغۇجىدىكى ناچار خىزمەت مۇھىتىغا چىدىيالماي، سىبىرىيىگە قايتىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، مەن ئۇنى ئېلىپ يولغا چىقتىم، مىراپ ماڭا ھەمراھ بولدى.

بىز كىنىدىك ئۆتىڭىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھارۋىنى ئوڭشاش ئۈچۈن سەپىرىمىزنى ۋاقىتىنچە توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق. مەن ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئويلىمىغان يەردىن بىر توپ كىيىكنى كۆرۈپ قالدىم، بىراق ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېگىز بىر تامدا ئاق، قىزىل تەڭگىسى بار، قارا ئۇزۇن تۇمشۇق قۇشنى كۆردۈم.

داۋانچىڭدىكى بۇ ئۆتەڭدە، بىز بۇ قېتىمقى جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىمىزدە تۇنجى قېتىم ئوغرىغا ئۇچرىدۇق. مەن چىرايلىق كېيىنگەن، ئېگىز بويلۇق بىر ئورۇق يىگىتنىڭ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئەن-

جانلىق بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇ قوزۇقتا ئېسىپ قويغان كارابىن مىلتىقىم ۋە كۈمۈش ساپلىق پىچىقىمنى توختى-ماي سىلاپ قوياتتى. مەن مالىيىمنى ئۇنى نەرسىلىرىمدىن يە-راق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدۇم.

بىز بۇ ئۆتەڭدە ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق، ئىككى ئېغىزىدا مالايلىرىمىز ياتتى، بىر ئېغىزىنى ئۆزۈمگە قالدۇر-دۇم. مەن كىچىك قۇتامنى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇۋالدىم، ئۇنىڭ ئىچىدە 6 مىڭ رۇبلىلىق تىللا® بار ئىدى، ئۇنى ئۇرۇم-چىگە بارغاندا جۇڭگو پۇلىغا ئالماشتۇرماقچى بولغانىدىم. شۇ كۈنى كەچتە تاتلىق ئۇخلاۋاتسام، ياش گېرمان مالىيىم ئىۋان (lwan) مېنى ئويغاتتى، ئۇ چىراغ كۆتۈرگىنىچە كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ: «ئوق چىقىرىڭ! ئوق چىقىرىڭ! ئەپەندى، ئوغرى!» دېدى ئاۋازىنى تىترىتىپ.

مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، بىرۋۇنىڭ تاپانچامنى ئې-لىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مالايلار ياتقان ئۆيگە كىردىم، ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى قالايمىقان، ئىگەر ـ جابدۇق، كىيىم ـ كېچەك-لەر يوقاپ كېتىپتۇ! ئوغرىنىڭ زادى نەدىن كىرگەنلىكىنى ئۇقالماي، خوجايىننى ئويغاتتۇق. نەتىجىدە ئۆتەڭنىڭ دەرۋازى-سى سولاقلىق، ئاتلار ئېغىلدا بولۇپ، ئوغرىنىڭ دەرۋازىنى بۇزۇپ كىرگەنلىكىدىن ئەسەرمۇ يوقلۇقىنى بايقىدۇق. باشقا يولۇچىلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ئوغرىلانماپتۇ.

نەتىجىدە بۇنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي، مالايلارنىڭ ئۆيىگە قاي-تىپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى تامنىڭ چوڭ تېشىلگەنلىكىنى بايقىدۇق. ئەسلىدە ئوغرى، تامنى تېشىپ كىرگەنىكەن. بۇ ئوغرىلار تامنى ھۆلدەپ پىچىقى بىلەن يوغان تۆشۈك تېشىپ شۇ يەردىن كىرگەنىكەن. ئۇلارنىڭ بوشاپ قالغان پولدىكى ئاياغ

تىۋىشى مىراپنى ئويغىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولى چاققان بولغانلىقتىن، قاراڭغۇدا قېچىپ كېتىپتۇ. مەن تام تۆشۈكى ئارقىلىق كوچىغا چىقىپلا قالپىقىم سېلىنغان ياغاچ ساندۇقنى تاپتىم، ئۇنىڭ سەل نېرىسىدا كاجى كىيىمىم تۇرۇپتۇ. ئوغرىلار بۇ نەرسىلەرنىڭ كېرەكسىزلىكىنى بايقاپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا قىلچە ئىز قالدۇرماپتۇ.

ئوغرىلار ناۋادا ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن تۇتۇش قىلغان بولسا، كىچىك پۇل قۇتامنى ئوڭايلا ئوغرىلىۋالغان بولاتتى. بۇ پۇللار ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن، بىز تام تۆشۈكىنى چوڭ ئۇستەل بىلەن ئېتىپ، پوسقا ئادەم قويدۇق، ئارقىدىن ساراي ئىگىسى بىللە ئۆينى ئاختۇرۇشقا كىرىشتۇق. بۇنداق ئۆتەڭلەرنىڭ ئادەتتە تۆت تەرىپىدە ئېگىز تام، ئالدى تەرەپتىكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەرۋازىسى بولىدۇ، كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن دەرۋازا چىڭ تاقىلىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر قاتار ياتاق بولىدۇ. بەزى بىر كىشىلىك ئۆيلەرنىڭ قورۇغا ئېچىلغان ئىشىكى بولىدۇ. قالغانلىرى كۆپ كىشىلىك ياتاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىشىك بولىدۇ. ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسى ھويلىغا قارايدۇ، ئېغىل تام تۈۋىدە ياكى دەرۋازىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇلاردا ئات، ئېشەك ۋە تۆگىلەر تۇرىدۇ.

بىز دەرۋازىنى چىڭ تاقىدۇق، بۇ چاغدا باشقا يولۇچىلارمۇ ئويغىنىپ، ئوغرى تۇتۇشىمىزغا ھەمدەم بولدى. نەتىجىدە بىر ئۆيدىن ئاياللارنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرى، مارجان، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە قىممەت باھالىق يىپەك رەختلەرنى تاپتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەتكەن نەرسىلەر ئىكەن. مەن ئالدىدا تىلغا

ئالغان ھېلىقى يىگىت مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى. بىز يەنە ئۇ تاشلاپ كەتكەن ئىككى ئاتنى تاپتۇق، ئۇنىڭ بىرى تورۇق ئارغىماق ئىكەن، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ساراي ئىگىسى بىزگە ئۇنىڭ سارايدىن چۈشتىن كېيىنلا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ يىگىتنىڭ ئوغرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ ئوغرىلىق قىلغاندىن كېيىن زاڭ ماللارنى دوستىنىڭ يوشۇرۇپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلىپ، ھېچنېمە ئۇقمىغاندەك سارايغا قايتىپ كەلگەن. مەن ئات، كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەتلەرگە خەت يېزىپ چاپلىغاندىن كېيىن، بۇ زاڭ ماللارنى شۇ يەرنىڭ ئامبىلى (amban)[9] غا تاپشۇرۇپ بەردىم. كېيىن بۇ تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى، چۈنكى ئوغرى تۇتۇلمىدى.

ئامبال ئات ۋە باشقا زاڭ ماللارنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىپ، باش مۇپەتتىشكە تاپشۇرۇپتۇ، باش مۇپەتتىش ماددىي زىيىنىمىزنى تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن، بىزگە سېخىيلىق بىلەن 50 تەڭگە (تەخمىنەن 8 - 9 فوندستېرلىڭغا تەڭ) بەردى، بۇ بىزنىڭ ئەمەلىي زىيىنىمىزدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى.

قايتىش سەپىرىمىزدە ئىشلىتىدىغان ئات - ئۇلاغ تەييارلىغاندىن كېيىن يولغا چىقتۇق.

داۋانچىڭنىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ ئۆرلەپ كېتىپتۇ، بەختىمىزگە يارىشا ئۇ يەردىن ساق - سالامەت ئۆتتۇالدۇق. بىراق، بوۋاق كۆتۈرۈۋالغان بىر تۈرك ئايال ئېشەكلىك ئۆستەڭنىڭ سۈيى چوڭقۇر يېرىگە كىرىپ قاپتۇ، ناۋادا ئۇزۇن پاچاق تۇڭگان مالىيىم ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلاپ، خەتەرلىك پەيتتە ئۇنى تارتىۋالمىغان بولسا، ئۇلار سۇدىكى بېلىقلارغا يەم بولاتتى. بۇ ئايال ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق قۇتۇلۇپ

قالدى، بىراق ئېشەكنى ئۇلۇغ سۇ ئېقىتىپ كەتتى.

داۋانچىڭنىڭ يېنىدا ياقۇپبەگ قوشۇنى 1877 - يىلى 4 - ئايدا تارمار قىلىنغان. كىچىككىنە كوچىلاردا ئويۇن قويۇپ پۇل تاپقان، كېيىنچە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ خان بولىۋالغان بۇ ئاجايىپ شەخس بۇ يەردىن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي كورلىدا ۋاپات بولغان. بەزىلەر ئۇنى خوتەن ۋاڭى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن دېسە، يەنە بەزىلەر مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلگەن دېيىشىدۇ.

مەن يولغا چىقىش ۋاقتىدا بارتۇستىن تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بۇيلۇق كەتتىنىڭ يېنىغا جايلاشقان خونچا مەھەللىسىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىدىم. ئۇ تەلىپىمنى ئورۇنداپ، ئۇرۇلۇپ كەتكەن تاملار ئارىسىدىن خرىستىئان قەسىدىسى قوليازمىلىرىنى تېپىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە V ئەسىردە پەھلەۋى (Pahlavi)[1] تىلىدا يېزىلغان زەبۇر، تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئەۋلىيا گېئورگى رىۋايەتلىرى» (Georgios Legand) ھەم شەرقتىكى ئۈچ خاقاننىڭ ئەۋلىيا بوۋاقنى تاۋاپ قىلغانلىقىغا ئائىت قەسىدە بار ئىكەن، لېكىن قىممىتى يۇقىرىراقلىرى نېستورى ئىنجىلى ھەرپىدە يېزىلغان ئىنجىل ئايەتلىرى قوليازمىسى ھەم بۇ قوليازمىلاردا ئىشلىتىلگەن تىل بولۇپ، كېيىن بېرلىندىكى ئاندرېي (F. C. Andreas) بىلەن موللېر ئۇنىڭ سوغدى يېزىقى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. بۇلاردىن باشقا، «نىسېيە كرىد» (Nicene Creed)[1] مەتتەي ئىنجىلىنىڭ بىر قىسمى، ئايال ئېمپېراتور خېلېنا (Empress Helena) نىڭ كرىستنى تاپقانلىقىغا ئائىت رىۋايەتنىڭ قوليازمىسى ۋە باشقا ئىنجىل ۋەسىقىلىرى بار. قوليازمىلارنىڭ بىر بېتىدە بىر قۇر يۇنانچە يېزىق بار ئىكەن، كېيىن ۋىلامىۋۋىتز -

موللېندورف (U. van. Wilamowitz — Moellendorf) نىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، ئۇلار IX ئەسىردە يېزىلغانىكەن، بۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىدا IX ئەسىردىكى يۇنان يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ قولىيازمىلار ئىچىدىن بىر مۇنچە سۇرىيە يېزىقىدا پۈتۈلگەن ئىبادەت قائىدىلىرى ۋە نېستورى ئايەتلىرىنىڭ قولىيازمىلىرىنى تېپىپتۇ.

مەن داۋانچىڭدىن يولدا ئازراقمۇ توختىماي قاراغوجىغا قايتىپ كەلدىم. مەن ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە قاراغوجىغا كەلگەندە، بارتۇسمۇ تەڭ دېگۈدەك قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېتى ئاغرىپ قالغانلىقتىن، تاپقان ئاسارەتىقىلىرىنى ئىككى چاقلىق ئات هارۋىسىغا سېلىپ، خونچا مەهەللىسىدىن توختىماي يول يۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. بىز ناهايىتى چارچاپ كەتكەن بولساقمۇ، ئاسارەتىقىلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ ئوراپ - قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن دەم ئالدۇق.

ئىزاهالار:

① ئاغىز (ariz): تۈركچە ئېغىز دېگەن مەنىدە، ئادەتتە ئېغىز (eyiz) مۇ دېيىلىدۇ.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاهاتى

② لېئوكارېس: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يۇنان ئويمىكارى، ئۇنىڭ «گانومېدې بىلەن بۈركۈت» دېگەن ئەسىرى هازىر ۋاتىكاندا ساقلىنىۋاتىدۇ.

③ گانومېدې يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى ناهايىتى چىرايلىق بالا، كېيىن زېۋس ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قىلىپ، ئۇنى ئولىمپىك تېغىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر بۈركۈتنى ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن.

④ يورغا ئات: ئىككى پۇتىنى تەڭ كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئاتنى كۆر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ستىدۇ.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑤ ئىمام: laum ، immam بىلەن ئوخشاش. بىرىنچى، سۈننىي مەزھەپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي داھىسى ۋە ئۆلىماسى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشىغا باشچىلىق قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، شىئە مەزھەپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلاھ ئالاھىدە ئىقتىدار ئاتا قىلغان داھىيسى.

⑥ ئىستىقامەت ئۆيى تىك تۆت بۇلۇڭلۇق ئۆي بولۇپ، ئىچىدە كاڭ بار، كاڭدا ئۆزۈنچاق تاش كارىۋات بار، تۆت تامنى ياقىلاپ كەڭ تاش سۇپا چىقىرىلغان (لىۋەن «liwan» دەپ ئاتىلىدۇ)، مىسىر ئۆيلىرىدىكى سۇپىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمان قىسمى مىسىردىكى «durqáah» قا ئوخشايدۇ. بىناكارلىق ئۇسلۇبى پارسچە بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پارسلاردىن ئۆگەنگەن — لانې (C. F. Lane) يازغان «زامانىۋى مىسىرلىقلار» 5 ـ نەشرى، لوندۇن، 1860 ـ يىلى.

⑦ ئۇ گېرمان قان سىستېمىسىدىن بولغان رۇسىيىلىكلەرگە ۋەكىللىك قىلالىغان بولسا، رۇسىيىلىكلەرنىڭ يۈزى تۆكۈلگەن بولاتتى. ئۇ رۇسىيىلىكلەرنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدۇ، ئەمما ئۆزى تومپاي دېھقان. ئۇ كاتولىك مۇرتى بولۇپ، جەمەتى ئوپپېنخېم (Oppenheim) غا ئولتۇراقلاشقان. بۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ رۇسىيىدە ئولتۇراقلاشقىنىغا بىر يېرىم ئەسىر بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمىسچىسىدا يۇرتىنىڭ تەلەپپۇزى يەنىلا بار ئىدى. ئۇ قاراغۇجىغا بېرىپ، تۆگىنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىدە: «ئەپەندى، ئەپەندى، قاراڭ! بۇ قانداق تۆگە؟! قاراڭ ئۇنىڭ بوينى بىلەن بېشىنىڭ ماس كەلمىگىنىنى، قاراڭ، ئۇنىڭ لوككىسىنى! پاچاقلىرىمۇ خاتا ئۇلىنىپ قاپتۇ؛ تەڭرى ھەرگىز بۇنداق غەلىتە مەخلۇق ياراتمايدۇ، پەقەت رۇسىيىلىكلەرلا ياسايدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن رۇسىيىلىك ھۈنەرۋەنلەرنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

⑧ تەخمىنەن 650 فوند ستېرلىڭ.

⑨ ئامبال (amban) : بۇ ambal بولۇشى كېرەك، ھاكىم دېگەن مەنىدە.

—— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى.

⑩ پەھلەۋى تىلى: ھازىرقى پارس تىلىنىڭ مەنبەسى.

⑪ نىسپىيە كرىد: كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، ئەنگلىيە دۆلەت دىنىي جەمئىيىتى ۋە خرىستىئان پروتېستانتلىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بىردىنبىر ئېتىقاد خىتابنامىسى.

ئالتىنچى باب

# قۇمۇلغا سەپەر ۋە تۇنجى قېتىم قەشقەرگە بېرىش



شايادىكى بىر مەسچىد

# قۇمۇل بوستانلىقى

8 ـ ئاينىڭ بېشىدىكى قاتتىق ئىسسىققا چىداش تەس ئى-
دى، ئۇتتەك ئاپتاپتا تېرىلىرىمىز چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىچى-
شىپ كېتەتتى، شۇڭا سالقىن بىر جاينى تېپىپ سالقىنداشقا
مەجبۇر بولدۇق. تەڭرىتېغىنىڭ ئاخىرلاشقان جايىدىكى قۇمۇل
بوستانلىقىدا ھاۋا بىر قەدەر سالقىن دەپ ئاڭلاپ، جەنۇبىي
شىنجاڭغا ئەڭ يېقىن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تۇتىشىدىغان
رايوندىكى بۇ تۈرك شەھىرىگە بېرىپ، بۇددا دىنى خارابىلىقلىرى-
نى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدۇق.
قۇمۇلغا بېرىشتا بىپايان چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلەتتى، گىياھ ئۈنمەس تاقىر تاغ تىزمىلىرى شېغىل ۋە قۇم
بارخانلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتكەندى.
بۇ چۆللۈكتە دائىم قاتتىق بوران چىقىپ تۇرىدىكەن.
دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا يېقىن جايلاردا بۇلاق بولۇپ،
بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا بۆك ـ باراقسان ياپىيېشىل رەۋەن (rhubarb)
ئۆسۈپ كەتكەندى.
يول بويىدىكى چوڭ بىر قارا تاش بۇ يەردىكى قۇم بورانىنىڭ
قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۈنسىز ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇزاقتىن بۇ-
يان، بوران قۇم ـ شېغىللارنى تاشقا ئۇرۇپ ھەسەل ھەرىسى
كۆنىكىگە ئوخشاش نۇرغۇن توشۇك ئېچىۋەتكەندى. پاختەكلەر
توشۇكنىڭ ئىچىگە ئۇۋا سېلىۋالغان بولۇپ، خېلى يىراقتىنلا
ئۇلارنىڭ ئەنسىز سايراشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. مەن بۇ
قۇشلارنىڭ نېمە يەيدىغانلىقىنى بىلمىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ قاناتـ-
لىرى كۈچلۈك بولۇپ، يىراقتىكى ئېتىزلىقلارغا بېرىپ ئوزۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۇق تاپاتتى. بىز يەنە بۇ ئېگىز - پەس تاغلىق رايون ۋە گىياھ ئۈنمەيدىغان چۆللۈكتە توپ - توپ بولۇپ يۈرگەن، 8 چىلتارسىمان مۈڭگۈزلۈك بۆكەنلەرنى بايقىدۇق.

دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ئىنتايىن پاسكىنا، كونا ۋە ئاددىي ئىدى. بۇ دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدا بىز جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم چۈسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق.

لۈكچۈن ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ قېيناتىسى قۇمۇل ۋاڭى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تۇخۇم، سۈت، قوي گۆشى، مېۋە - چىۋە ئەۋەتمىگەن بولسا، بىز تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا دۇچار بولاتتۇق. سەپەر 12 كۈن داۋاملاشتى، مەنزىلگە يېقىن جايدىكى بىر ئۆتەڭدە تۇيۇقسىز گېرمانىيە بايرىقى ئېسىلغان بىر ھارۋىنى كۆردۇق. بىز ئاتلىرىمىزنى تېزلىتىپ بېرىپ قارساق بايراقتا «كارلوۋتىز چەكلىك شىركىتى» (Carlowitz & Co) دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردۇق. بىز ياقا يۇرتتا كونا دوستلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلغاندۇق، لېكىن ھارۋىدىكىلەر چوڭ بىر چەت ئەل شىركىتى ياللىغان جۇڭگولۇقلار بولۇپ، ئۇرۇمچىدە شۆبە شىركەت قۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر ئىكەن. ئۇلار بىزگە ناھايىتى تەكەللۇپ قىلدى، بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى ھەم بىزگە ھەمراھ بولۇپ بايىلا ئايرىلغان ئۆتەڭگە قايتىپ، تاماقتا بىز بىلەن بىللە بولدى. بۇ تۇڭگانلار پادىشاھ ۋىلھېلمنىڭ 8 - ئايدا ماراكەش توغرىسىدا قىلغان سۆزىنى بىلىدىكەن، ئۇلار پادىشاھ ۋىلھېلمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ماراكەش سۇلتانىنى تەختتىن چۈشۈرۈۋەتمەسلىك توغرىسىدا گەپ قىلغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ.

ئۇلار شاڭخەيدىن كەلگەنىكەن، شاڭخەيدىن بۇ يەرگە كېلىشتە ئاز دېگەندە 115 كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ خەۋەردىن شاڭخەيدە خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن خەۋەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ

كەڭ زېمىندىكى تارقىلىش سۈرئىتىدىن بەكمۇ ھەيران قالدىم.

بىز 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇلغا يېتىپ باردۇق ھەم سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان ئىزغىرىن شامال چىقىۋاتقان سەھەر سا- ئەت تۆتتە شەھەرگە كىردۇق.

بىز تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ ۋالىينى (darogha) زىيارەت قىلدۇق، ۋالىي بىزنى قىزغىن كۈتىۋالدى. لېكىن، بىز بۇ يەردە پارس ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قولللىنىلغانلىقتىن ۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى مېھمانلارنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى كېيىن بىلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنىلا پارستىكىگە ئوخشاش ئۇردا مۇزىكانتى كونا چىققاندا ناغرا چېلىپ قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىكەن، كۈن پاتقاندا نەي چېلىپ ئۇزىتىپ قويىدىكەن.

ئەتىسى مەن تاشقى كۆرۈنۈشى ھۆججەتكە ئوخشايدىغان جۇڭگوچە نام كۈۋاھنامىسىنى ۋاڭ مەھكىمىسىگە كىرگۈزدۈم، ۋاڭ دەرھال مېھماندار (Mihmandar) دىن باغاق ئەۋەتىپ، بىز- نى ئىككى كۈندىن كېيىن ۋاڭ مەھكىمىسىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن شەھەردە ئەركىن ھەرىكەت قىلالى- دۇق. شەھەردىكى ۋاڭ قەبرىستانلىقى بىزنى ئەڭ قىزىقتۇردى. بۇ ۋاڭ قەبرىستانلىقى XVIII ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، قەبرە، مەسچىت ۋە خاتىرە تېشى بار ئىدى. مەسچىت بۇ رايوندىكى ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، خىش بىلەن سېلىنغان، سىرتى- غا ئوچۇق يېشىل چاقچۇق چاپلانغان. مەسچىتنىڭ ئىچىدە پارس- چە 72 ياغاچ تۈۋرۈك، تاملاردا گۈل نەقىشلىرى بار ئىدى، ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەن بولۇپ، كۆزنىڭزنى ئۇزەلمەي قالى- سىز. دەرۋازىدا نەقىشلىق ئىككى پارچە گرانىت تاش بولۇپ، بىرىگە پارس يېزىقىدا، يەنە بىرىگە تۈرك يېزىقىدا مەسچىتنى ياساش سەۋەبى ھەم ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرگە بولغان تىلەكلەر ئو-

يولغان . مەن نەقىشلىك تاشتىن نۇسخا چۈشۈرۈپ بېرىشكە «موللا » (Mullah) ① تەكلىپ قىلدىم ھەم كونجۇت يېغى سېتىۋېلىشقا 10 يۈەن ئىئانە قىلدىم . بۇ 35 شىللىڭغا تەڭ ئىدى .

بىز يەنە مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ياغاچ قورۇلمىلىق خان قەبرىسىنى كۆردۇق . قەبرە يېرىم جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى ئارىلاشما قورۇلۇش ئىدى . يەرلىكلەر بۇ ۋاڭ قەبرىستانلىقىنى قومۇلدىكى «ئالتۇنلۇق» (Altunluk ، ئالتۇن بار جاي دېگەن مەنىدە ) دەپ ئاتايدىكەن . قەبرە يېنىدا يەنە قىرائەتخانا بار ئىكەن . مەسچىتكە بېرىلگەن سەدىقىلەرنىڭ بىر قىسمى ۋاڭ قەبرىستانلىقىنى رېمونت قىلىشقا ، يەنە بىر قىسمى قىرائەتخانىنىڭ كۈندىلىك چىقىمىغا ئىشلىتىلىدىكەن .

ئەتىسى سەھەردە بىز ۋاڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلىشقا باردۇق . لۈكچۈن ۋاڭى ئوردىسىغا ئوخشاش بۇ ۋاڭ ئوردىسىمۇ چاسا خىش بىلەن قوپۇرۇلغانىكەن ، ئۆيلىرى ئىنتايىن كەڭتاشا بولۇپ ، بەزىلىرى ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىكەن . تاملارغا خوتەننىڭ رەڭدار گىلەملىرى ۋە بۇخارانىڭ ئىنتايىن چىرايلىق يەپەك كەشتىلىرى ئېسىلغانىكەن ، يەنە قىممەت باھالىق خوتەن قاشتېشى ۋە جۇڭگونىڭ فار - فور قاچا - قۇچىلىرى بار ئىكەن . تام مەشىنىڭ ئۈستىدە فرانسىيىنىڭ تام سائىتى بار ئىكەن ، يەنە تېخى رۇسىيىنىڭ باھاسى ئەرزان ، غەلىتە كىرسىن لامپىسىمۇ بار ئىكەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، مېھمانخانىدىكى تامدا بىر كاككۇك سائەت بار بولۇپ ، پات - پات سايراپ تۇرىدىكەن .

شاھ مەخسۇت ۋاڭ (Shah Maksûd) چىقىشقاق ، ئەقىللىق ئادەم ئىكەن . ئۇ بىزنى ئىنتايىن تەكەللۇپ بىلەن كۈتىۋالدى . زىياپەتتە مەن ئۇنى ۋە كويئوغلى لۈكچۈن ۋاڭىنى خەنزۇچە ۋە مانجۇچىنى ئوبدان بىلىدىكەنسىلەر ، دەپ خۇشامەت قىلدىم . شۇ كۈنى ئۇلار بىزنى ئېسىل ھاراقلار بىلەن مېھمان قىلدى . ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ ۋاڭنىڭ ئوردىسىدا رۇسىيە

هاراقلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ شامپانلىرىنىڭ بارلىقىدىن بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئۇ بىزگە ئۇزلۇكسىز ھاراق تۇتتى، ئۆزىمۇ ھاراقنى قالتىس كۆتۈرۈدىكەن، لېكىن مەن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى سۈرەتكە تارتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ كەسكىن رەت قىلىپ: «بۇ يەردە سۈرەت تارتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېدى.

كەچتە بىزنى خەنزۇچە ۋە مۇسۇلمانچە كاتتا زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلدى. بىز باشتا جۇڭگوچە چۆپ ۋە گۆش، پىياز ۋە سامساق قىيمىلىق مانتا يېدۇق، مەن ھوردا پىشۇرۇلغان مانتىنى ئۆزرە ئېيتىپ يېمىدىم، لېكىن بارتۇس خېلى كۆپ يېدى. ئارقىدىن كاۋاپ، ياڭيۇ ئارىلاشتۇرۇلغان قوي گۆشى شورپىسى، كالا گۆشى شورپىسى، شورپا ۋە گۆش، ئاخىرىدا پولۇ تارتىلدى، تاماقلار ھەقىقەتەن تەملىك ئىدى. تاماقتىن بۇرۇن ئادەتتە چاي قويۇلىدىكەن، مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە قوغۇن بىلەن ئۈزۈم ئەڭ تاتلىق ئىكەن. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تاماققا مەسئۇل بىر ئەمەلدارى يەردە ئولتۇردى، ۋاڭ، بىز ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى جۇڭگوچە ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. بىزنىڭ ئالدىمىزغا خۇش پۇراق 80 دانە قوغۇن قويۇلدى، تاماققا مەسئۇل ئەمەلدار ھەربىر قوغۇننى تىلىپ تېتىپ بېقىپ، ئاندىن 10 داننى تاللىۋېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىدىكەن. بىز بەك كۆپ يېدۇق.

بۇ يەرنىڭ قوغۇن قېقى داڭلىق ئىكەن، بېيجىڭ شۇنچە يىراق بولسىمۇ، ئەمەلدارلار ھەر يىلى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي قوغۇن قېقىنى ئوردىغا سوۋغا قىلىدىكەن. قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ھاۋا ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولغاچقا، تىلىۋېتىلگەن قوغۇنلار ناھايىتى تېز قۇرۇيدىكەن، شۇڭا يىراقلارغا ئاپىرىلىپ سېتىلىدىكەن.

ۋاڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ قۇمۇل-

نىڭ شەرقىي شىمالىدىن 16 مىڭ يىراقلىقتىكى يازلىق ئۇردى-سى ئارا تام (Ara — tam) نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. يازلىق ئوردا جۇڭگوچە ۋە پارسچە ئۇسلۇبتا بىر باغچىنىڭ ئىچىگە سې-لىنغانىدى. كۆن كەچ بولاي دېگەندە بىر كۆن سەپەر قىلىپ ھېرىپ كەتكەچكە، باغچىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدىكەن. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇتخانا خارابىلىرى بار ئىكەن. باغچىنى ئوراپ تۇرغان تاقىر تاغقا چىققاندىن كېيىن، بىز يەنە ئىككى بۇتخانىنى بايقاپ دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەت-تۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تاغلىق رايوندا دائىم قار چۈ-شۈپ تۇپراق نەملىشىپ كەتكەچكە، بۇ رايوندىكى نۇرغۇن ھەي-كەللەر ۋە ئاسارئەتىقىلەر تۇتۇقلىشىپ كېتىپتۇ.

بىز يەنە بىر خارابىلىق بار خوتۇن تام (Khotun — Tam) نى تەكشۈرۈش ـ تەكشۈرمەسلىك توغرىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، مەن بېرلىندىن ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىنى② تاپشۇرۇۋالدىم. تې-لېگراممىدا گرۈنۋېدېلنىڭ تۈركىستانغا كەلمەكچى بولغانلىقى ھەم مېنىڭ قەشقەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىشىم ئېيتىلغا-نىدى.

## قەشقەرگە سەپەر

بۇ خەۋەر مېنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. چۈنكى ئارا تامدى-كى ۋاقتىمدا قاسىم (Kasim Achond) ئىسىملىك تاشكەنت (رۇسىيىگە قاراشلىق تۈركىستانغا جايلاشقان) لىك بىر سودى-گەر مېنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ شاجۇ (دۇنخۇاڭ) دىن قەش-قەرگە كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ ماڭا شاجۇنىڭ يېنىدىكى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى دەپ ئاتىلىدىغان جايدا بىر راھىبنىڭ 1900 ـ يىلى تام بىلەن توسىۋېتىلگەن بىر نومخانىنى بايقىغانلىقىنى، نومخا-

نىدا ھېچكىم ئوقىيالمايدىغان نۇرغۇن نوملارنىڭ بارلىقىنى، بۇ
ئورۇندىن يەنە نۇرغۇن رەسىم ۋە برونزا ھەيكەللەرنى تاپالىد-
قىنى، ئۇنىڭ تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن ھۆججەتنى موڭ-
غۇل خانلىقىنىڭ ۋەلىيئەھدىگە سوۋغا قىلغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ-
نىڭ ھېچكىم ئوقىيالمايدىغان ھۆججەتلەرنى ماڭا سوۋغا قىلماق-
چى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقتىم. بۇ
يەردىن يولغا چىقىپ قورقۇنچلۇق قۇملۇقتىن ئۆتۈپ 17 كۈندە
ئاران شاجۇغا بارغىلى بولسىمۇ، مەن يەنىلا بېرىپ تەكشۈرۈپ
كۆرمەكچى بولدۇم.

لېكىن، مەن بۇ يىپ ئۈچىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر
تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، چۈنكى مەن ئىلگىرى يەرلىكلەر
ئېيتىپ بەرگەن بىر تاش ئابىدە (sgraffito) نى كۆرۈپ بېقىش
ئۈچۈن، بېرىپ ـ كېلىشىگە 24 كۈن سەرپ قىلىپ، ئاتالمىش
تاش ئابىدىنىڭ تىكلەپ قويۇلغان بىر پارچە تاش ئىكەنلىكىنى
بىلگەنىدىم، تاش شامال، ئاپتاپ ۋە سۇنىڭ يالىشى تەسىرىدە
خەت ئويۇپ قويغاندەك ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. ساددا يەرلىك-
لەر چەت ئەللىكلەرگە ياخشچاق بولۇش ئۈچۈن، ماڭا دائىم
يالغان ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. بارتۇسمۇ مۇشۇنداق ئىشقا
يولۇققانىدى. ئۇنىمۇ بىرسى تۇرپاننىڭ ئەتراپىدا 8 ـ 10 كۈن
ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ يول باشلىغۇچى ئىتىمۇ ھېرىپ
ئۆلۈپ قالغان، باشقىلارنىڭمۇ ھېرىپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن
بولسىمۇ، خارابىلىقنى تاپالمىغان.

شۇنىڭ بىلەن، مەن بۇ يىپ ئۈچىدىن گۇمانلىنىشقا باشلى-
دىم. بۇ يەردىن قەشقەرگە 1250 مىل كېلەتتى. گرۇنۋېدېل
10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قەشقەرگە كېلەتتى، ئەمما ھازىر
8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغانىدى. مەن بىر قارارغا
كېلەلمىدىم. 34 كۈن سەرپ قىلىپ شاجۇدىكى دۇنخۇاڭ مىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيلىرىگە بېرىپ - كېلەلىشىمنى بىلەلمىدىم. ئەلۋەتتە، بىز بەلكىم ۋاقىتنى 24 كۈنگە قىسقارتىشىمىزمۇ مۇمكىن، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، بېرىپ - كېلىشكە 24 كۈن كەتسە، شاجۇدا بىر ھەپتە تۇرساق يەنىلا بىر ئاي ئۆتۈپ كېتەتتى.

شۇڭا، مەن شاجۇغا سەپەر قىلسام، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەردە گرۇنۋېدېل بىلەن ئۇچرىشالمايتتىم. قاسىمنىڭ ئاخباراتى ئاڭلىماققا كۆپتۇرۇۋېتىلگەندەك بولغاچقا، توغرىلىقى-دىن گۇمانلاندىم.

قاياققا بېرىشنى بىلەلمىگەچكە، تەڭگە تاشلاپ بېكىتىشنى قارار قىلدىم. مەن جۇڭگونىڭ بىر تەڭگىسىنى تاشلاپ، ئىچىمدە باش سۈرىتى بار تەرەپ ئۈستىگە قارىغان بولسا شاجۇغا بېرىشنى ئويلىدىم، نەتىجىدە رەقەم بار تەرەپ ئۈستىگە قارىغانىدى، شۇ-نىڭ بىلەن مەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلى-دىم. قۇمۇل ۋاڭى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئاتلىق تۇرپانغا قايتتۇق. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ قېزىپ چىقىرىلغان بايلىقلار ئار-تىلغان تۆگە كارۋىنىمىزنى ناھىيە ئامبىلى ئۇرۇمچىگە يەتكۈزۈپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز تۇرپاندا يەنە بىر تۆگە كارۋىنى تەشكىللىدۇق ھەم ئىنتايىن رومانتىك، لېكىن قاقاس جىلغىنى بويلاپ، تۇرپاندىن توقسۇن ئارقىلىق كورلىغا كەلدۇق. بۇ يولنىڭ ئايغىر بۇلاق يېنىدىكى جىلغىسى ئادەتتىن تاشقىرى قاقاسلىق، خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى يامغۇر ياغسىلا يامغۇر سۈيى جىلغىغا يىغىلىپ، قۇدرەتلىك كەلكۈن شەكىللەندۈرۈپ پۈتكۈل جىلغىنى بېسىپ كېتەتتى. جىلغىدا ئادەم ۋە چارۋىلار كەلكۈنگە ئۇچراپ قالسىلا تۈگەشمەي قالمايتتى.

بىز جىلغىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر پوچتا ئەمەلدارى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ خوتۇنىنى ئېلىپ ئاقسۇغا كېتى-ۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ ھارۋىغا قاتقان ئېتى ھېرىپ مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. نازاكەتلىك، شۇنداقلا ئىنگلىز تىلىنى بىلى-

دىغان بۇ ئەمەلدار نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ئات ئۆتنە بېرىۋېدۇق، ئۇ بىزدىن بەكمۇ مىننەتدار بولدى.

كورلىدا بىز رۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بىر خادىمىنىڭ (aksakal) ③ ئۆيىدە تۇردۇق. ئۇ فەرغانىدىن④ كەلگەن بولۇپ، كورلىغا ئەۋەتىلگەن رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى تۈرك ئىدى. ئۆي بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، ئۆگزە قومۇش بىلەن يېپىلغان، ئۆي ئىچى ۋەيرانە ئىدى. كەچتە يەنە پولۇ يېدۇق، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ساھىبخان قۇرۇق بوتۇلكىغا قاچىلانغان شامنى ياندۇردى. قۇرۇق بوتۇلكا ماڭا تونۇشتەك كۆرۈندى. مەن بارتۇسقا بوتۇلكىنى ماڭا سۇنۇپ بېرىشنى ئېيتتىم. بوتۇلكىغا قاراپلا بەك ھەيران قالدىم، بوتۇلكىنىڭ ماركىسىدا بوۋامنىڭ شىركىتىنىڭ نامى تۇراتتى: «ئالبېرت. لېكوك چەكلىك شىركىتى» (A. LeCoq & Co. ,London). ئەسلىدە بۇ بوتۇلكا بوۋامنىڭ پىۋا شىركىتىنىڭ بوتۇلكىلىرى ئىكەن.

بوۋام لېكوك بېرلىندىكى داڭلىق خۇگېنو (Huguenot)⑤ مەزھىپى جەمەتىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇ قەلەمنى تاشلاپ ئەلەم بىلەن شۇغۇللانغانىدى. 1820 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ترېۋېس (Trèves) تىكى «رېينلاند خۇسسار 2 ـ بىڭتۇەنى» (Second Rhineland Hussav Regiment) دە تۇرغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇرۇش بولمىغانلىقتىن، ئۇ ھەربىيلىكتىن بوشاپ يۇرتىغا قايتقان ھەم ترېئېرلىق بىر قىز بىلەن توي قىلغان. ئۇنىڭ قول ئېلىكىدە بار بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايتتى، ئىلگىرى ئېلتۋىل (Eltville)، رېين دەرياسى ساھىلىدىكى كېمپتون (Kempton—on—the—Rhine) ۋە مائىن دەرياسى ساھىلىدىكى فرانكفورت (Frankfort—on—the—Main) لاردا تۇرغان.

1833 ـ يىلى فرانكفورتتا توپىلاڭ پارتلايدۇ، گىيىسسېن (Giessen) دىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار شەمشەرلىرىنى ئوينى-تىپ، ئارا ۋە دان سوققۇچ كۆتۈرۈۋالغان ۋىلبېل (Vilbel) لىق دېھقانلاردىن بولۇپ تەخمىنەن 60 كىشى داغدۇغىلىق ھالدا فرانكفورتقا بېرىپ نامايىش قىلىپ، شۇ جايدا مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولى-دۇ. بەختكە قارشى ۋەزىيەت كونترولسىز قىلىپ، قانلىق توقۇ-نۇش پارتلايدۇ، كىشىلەر مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىلىدۇ، بوۋام-نىڭ ئىككى جىيەن ئوغلى (بىرى 17 ياش، يەنە بىرى 19 ياش بولۇپ، گىيىسسېندا ئوقۇۋاتتى) بوۋامنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كې-لىپ، كېيىم ئىشكاپىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالىدۇ، ساقچىلار ئاختۇرغىلى كېلىپ ئۇلارنى تاپالمايدۇ. ئۇلار كېيىم ئىشكاپىدا 10 كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندىن كېيىن بوۋام ئۇلارنى مالايەك ياساندۇرۇپ، شۋېتسارىيىگە ئەۋەتىۋېتىدۇ. بوۋامنىڭ فرانك-فورتتا جىنايەتچىلەرنى يوشۇرغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆز-لەر تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، يەنە بىر تەرەپتىن بوۋام گېرمانى-يىدە تۇرۇپ زېرىككەنلىكتىن لوندونغا كېلىدۇ، ئۇ جايدا ئۇ مۆتىۋەر بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن دوست تۇتىدۇ. ئەمما، بىر كۈنى سەھەردە ئۇ كېزىت ئوقۇۋېتىپ، پۇللىرىنى ئامانەت قويغان بانكىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئۇقى-دۇ، ئۇ بىردىنلا يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق يالاڭ تۆشكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئەنگلىيىلىك دوستلىرى ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. چوڭ بىر پىۋا زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى (ئۇنىڭ ئوغلى كېيىن سىر بولىدۇ) بوۋام بىلەن بىللە ئوقەت قىلماقچى بو-لۇپ، ئۇنى رۇسىيىدىكى پىۋا زاۋۇتىنىڭ سودىسىنى ئۆتكۈزۈۋې-لىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، شۇ جايدا يەرلىكلەر ئۇچۇن ئىچىتىلگەن بىر خىل ئالاھىدە يېڭى مەھسۇلاتنى ساتماقچى بولىدۇ.

بوۋامنىڭ سودا قىلىش جەھەتتە ھېچقانداق تەجرىبىسى بول-
مىسىمۇ، يەنىلا ۋارشاۋاغا بارىدۇ. ئۇ يەردە بوۋامنىڭ ئاقسۆ-
ڭەكلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن ئانا تەرەپ تۇغقانلى-
رى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەيت-
تى. بوۋامنىڭ ئانىسى بېرلىنلىق ماي بوياق رەسسامى،
شۇنداقلا مىس ئويما رەسسامى دانىئېل ھودوۋىچكى
(Daniel Chodowiecki) نىڭ كەنجى قىزى ئىدى. ھودوۋىچكى
جەمەتى پروتېستانت دىنى مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان پولشا
ئاقسۆڭەكلىرى ئىدى، لېكىن پولشادا دىنغا قارشى ئىسلاھات
ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىققانلىقتىن، ئۇلار گېرمانىيىگە كۆچۈپ
كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

بوۋام سودىگەر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماي، ئۇ ۋارشاۋا-
دىكى تۇغقانلىرىنى ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلغان.
مول كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ داڭلىق قارا
پىۋىنى ئەپچىقىشنى بۇيرۇغان. نەتىجىدە مېھمانلار قارا پىۋىنى
تەمى ئاجايىپ ياخشىكەن دەپ ماختىشىپ كەتكەن، بوۋاممۇ تۇن-
جى تۈركۈمدىكى زاكازقا ئېرىشكەن.

ئارقىدىن بوۋام ساينىت پېتېربورگقا بارغان ھەم بانكىر
جېفرېمېۋ (Jefremew) نىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن پىۋا سودى-
سى قىلىپ بېيىپ كەتكەن. بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇ كاتتا
بايغا ئايلانغان. ئۇ پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭ شېرىكلىرى سىللېم (Messr Ssillem) بىلەن تورنبول
(Messrs Turnbull) يەنىلا لېكوكنىڭ كونا ماركىسىنى ئىشلى-
تىپ داۋاملىق تىجارەت قىلغان، ئۇلارنىڭ سودىسى شۇنداق
يۈرۈشۈپ كەتكەن، ئۇرۇش پارتلىغاندىلا تىجارىتىنى توختاتقان.

دادام شۇ ۋاقىتتا بوۋامنىڭ بانكىسى ۋەيران بولغانلىقتىن
ئوقۇشتىن توختاپ سودا قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ گۇاڭدۇڭ
ئۆلكىسىگە تۇنجى بولۇپ كەلگەن بېرلىنلىق ئىدى. ئۇ گۇاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇڭدا دوستى كارلوۋىتز (Mressrs von Carlowitz) ۋە خار-
كورت (Mressrs von Harkort) بىلەن «كارلوۋىتز چەكلىك
شىركىتى» نى قۇرغان. بۇ شىركەت ناھايىتى تېزلا خەلقئاراغا
داڭلىق چوڭ شىركەت بولۇپ قالغان.

بوۋامنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى تەجرىبىلىرى خۇ-
گوئېنوت مەزھەپى مۇرتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۇتمەس - تۈگە-
مەس ھاياتىي كۈچنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

ئەمما، ھازىر سۈيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر بىز داۋاملىق قۇم-
لۇقتا قايتايلى!

ئاۋات كورلا باغراش كۆلىنىڭ بويىغا جايلاشقان، قاراشە-
ھەر دەرياسى بۇ كۆلگە قۇيۇلاتتى. كۆلنىڭ سۈيى بەك سۈزۈك
ئىدى. كۆلدە نۇرغۇن چوڭ بېلىقلار بار بولۇپ، كۆپ قىسمى
كارب بېلىقى ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئادەمدەك چوڭلۇقتىكى
بەدبەشىرە چوڭ ئېغىز قۇلۇلىخور بېلىقمۇ بار بولۇپ، كۆلگە
ئاز بولمىغان ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان.

ماتروسلۇقتىن كېلىپ چىققان بارتۇس بېلىق تۇتۇش خۇ-
شاللىقىنىڭ قىزىقتۇرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. مەنمۇ قار-
ماققا يەمچۈكنى ئېلىپ بېلىق تۇتتۇم. بېلىق قارماققا ئېلىندى،
لېكىن قارماقنىڭ دەستىسى سۇنۇپ كەتتى. ئېنىقكى، سەپەردە
بىر كىم قارماقنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنى بۇزۇپ قويغا-
نىدى. بارتۇسنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. ئۇ بىر قاداق گۆشنى
يەمچۈك قىلىپ چوڭ بېلىقتىن بىرنى تۇتتۇالدى. ئۇ بېلىقنى
قىرغاققا ئەپچىققاندا، تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەر ئۇنى ماخ-
تىشىپ كەتتى. بۇ بېلىق بەش قاداق كېلەتتى. قاسراقلىرى
پاقىراق سىلىق بولۇپ، قوڭۇررەڭ، ئاق دانچىلىرى بار ئىدى،
ئامورسوم بېلىقىغا ئوخشايتتى. بارتۇس بەزى بېلىقلار زەھەر-
لىك دەپ ئاگاھلاندۇرغىنىمغا قارىماي بېلىقنى پىشۇرۇپ يېدى.
ئۇنىڭ دېيىشىچە، بەك مەززىلىككەن، لېكىن مەن تۇركلەرگە

ئوخشاش بېلىق يېمەيتتىم[6].

پوتكۆل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى جايدىكى خەلقلا دائىم بېلىق يەتتى، بىرى بارچۇقنىڭ ئەتراپى بولۇپ، تارىم دەرياسىدا بېلىق كۆپ[7] ئىدى، يەرلىك دولانلارنىڭ (Dolans) دائىملىق تامىقى ئىدى؛ يەنە بىرى، لوپنۇر ئەتراپى بولۇپ، بېلىق يەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ئىدى. ئۇلار بېلىقنى يېڭى ۋاقتىدىلا تازىلاپ پىشۇرۇپ يەيتتى ياكى قۇرۇتقاندىن كېيىن يەيتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بېلىق يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان دولانلار ۋە لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى تۈركلەر يات مىللەت، دەپ قارايتتى.

باغراش كۆلى يەنە سانسىز سۇ قۇشلىرىنىڭ ئارامگاھى ئىدى. بۇ يەر ئاق قۇلارنىڭ كۆپىيىدىغان جايى ئىدى. خۇرۇم جۇۋىلارنىڭ جىيەكلىرىدىكى ئاق قۇ ماموقى جۇڭگودا بازىرى ئىتتىك مال ئىدى. ئاق قۇ ۋە غازلار كۆل يۈزى ۋە قىرغاقتا ئارام ئالاتتى. بىز ياۋا غازلارنىڭ رەتلىك تىزىلىپ چەكسىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرەتتۇق. كۆلدە يەنە ئاق قاقىرنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى، لېكىن ئۇنى يىراقتىنلا كۆرەلەيتتۇق. ھەر قېتىم ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇپ ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا، ئۈركۈپ كەتكەن ئاق قاقىرلار ئۇچۇپ كېتەتتى.

كورلا ئەتراپىدا شورچۇق تاشكېمىرلىرى بار ئىدى، كېيىن بىز گرۇنۋېدېل بىلەن بىللە بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈپ، قاراشەھەر ئەتراپىدا قەدىمكى تاش قەلئە بارلىقىنى بايقىدۇق، لېكىن ئۆيلەرنىڭ ئىزىمۇ قالمىغانىدى. سېپىل بىلەن قورشالغان خارابىلىق ئىچىگە ھازىر نەچچە يارد ئېگىزلىكتە قومۇش ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

بىز كورلىدىن ئاتلىرىمىزنى ئېزىلتىپ كۈچاغا كەلدۇق ھەم شەھەردە تۆت كۈن دەم ئالدۇق. بۇ يەرگىمۇ بەزى قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تارقالغانىكەن. بىز كۈچادا دەم ئالغان ۋاقتى-

تىن پايدىلىنىپ يېقىن ئەتراپتىكى قۇمتۇرا ۋە قىزىلقاغا مىڭئۆيلەرنى زىيارەت قىلدۇق. كېيىن بىز باي ۋە زامىتاي ئارقىلىق ئاقسۇغا كەلدۇق. بۇ يەردە بىز شۇ جاينىڭ دوتىيىنى زىيارەت قىلدۇق.

ھەممىمىز بىللە ماڭغانلىقتىن سۈرئىتىمىز بەك ئاستا بولۋاتاتتى. شۇڭا، مەن ئەتىسى سەھەردە بىر مالاينى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەرگە يۈرۈپ كېتىشنى قارار قىلدىم. يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە بىر دېھقان ماڭا 15 ـ 20 دانە شىرنىلىق شاپتۇل سوۋغا قىلدى. بۇ ئاق شاپتۇل بەكمۇ تاتلىق بولۇپ، خۇش پۇرىقى بۇرۇنغا ئۇرۇلاتتى، چوڭ ـ كىچىكلىكى مۇشتۇمچىلىك كېلەتتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل شاپتۇلنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىسا ھەم تاتلىق، ھەم خۇش پۇراق مېۋە بېرىدىغان شاپتۇل كۆچىتى ئۈسۈپ چىقىدىكەن.

## ئىزاھلار:

① موللا: مەسچىت ئىمامىنى كۆرسىتىدۇ.

② چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېيجىڭ بىلەن قەشقەر ئارىسىغا تېلېگراف سىمى ئورناتتى، بىراق ئىركەشتام (Irkeshtam) دىكى سىم لىنىيىسىگە ئۇلاشنى قەتئىي رەت قىلدى. ستولبا ناھايىتى ياخشى يول باشلىغۇچى بولۇپ، بىراق بەزىلىرى بوراندا ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. بەزىلەر ستولبىنى ئېيىقنىڭمۇ ئۆرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، چۈنكى ئېيىق تېلېگرافنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازىنى، ئۇۋا سېلىۋالغان ھەسەل ھەرىسىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىدىكەن.

③ بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئاق ساقاللىق بوۋاي»، كۆچمە مەنىسى «ئاتامان»، «ئىش باشقۇرغۇچى»... بۇ يەردە كونسۇلخانىدىكى خادىم كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن، كونسۇلخانا خادىمى دەپ ئېلىندى.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى.

④ فەرغانە: ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى فەرغانە ئوبلاستى-

ننىڭ مەركىزى.

⑤ خۇگېنو مەزھىپى: XVI ئەسىردە ياۋروپادىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدە فرانسىيىدە باش كۆتۈرگەن ھەم ئۇزاق مۇددەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يېڭى دىنىي مەزھەپ.

⑥ تۈركلەر موڭغۇل دالاسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى سۈت ۋە ئۇنىڭدىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، دانلىق زىرائەت ھەم كالا، قوي گۆشى ئىدى. سۈ مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئانچە ئۇچراشمىغان، شۇڭا ئۇلارنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، شەرىئەتتە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يېيىش ھەققىدە قاتتىق بەلگىلىمە بار بولۇپ، قاسىرىقى، سۇزگۈچى بار، ئالىقان چوڭلۇقىدىكى بېلىقنىلا يېگىلى بولاتتى.

— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

⑦ بارچۇقتىن ئۆتىدىغان دەريا، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قەشقەر دەرياسى.

www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# قەشقەر سەپىرى ـ گرۇنۋېدېل بىلەن ئۇچرىشىش ۋە 3 ـ قېتىملىق سەپەرنىڭ باشلىنىشى



خالماتخان ، فەرغانىلىك تۈرك

# قەشقەرگە بېرىش

مەن مالىيىم مىراپ بىلەن بىللە ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئۈچتە ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ يول ئالدىم، 14 كۈنلۈك يولنى توققۇز كۈندە تۈگەتتۇق.

مىراپ كۆپنى كۆرگەن بولۇپ، قوشاق ـ تەمسىلرى زادىلا تۈگىمەيتتى، شۇنداقلا قىزىقچى ئىدى. مەن يول ئۈستىدە ئازراق نەرسە ئۆگىنىۋېلىش مەقسىتىدە، ھەر كۈنى كەچتە ئۇنى كۈندۈزى ئېيتقان تەمسىل ـ ھېكايىلىرىنى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن قايتا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتۇم. ھەممىشە مەن يېتىپ بولغان، ئۇمۇ كارىۋىتىمنىڭ پەس تەرىپىدە يەرگە ئورۇن سېلىپ بولغاندا، ئۇ توساتتىن پىخىلداپ كۈلۈپ: «ئەپەندى، يەنە بىرسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى» دەيتى ـ دە، ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىن قەلەمنى ئېلىپ ماڭا سۇناتتى، بۇنىڭ بىلەن تەمسىللەر قامۇسىدا تۈركچە «ۋوكس پوپۇلى» (vox populi)① دىن بىرى كۆپىيەتتى.

يول ئۈستىدە ئېتىمنىڭ تۇيىقىغا تاش كىرىۋېلىپ ئاقساپ قالدى. مىراپ مەخپىي رېتسىپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يول بويىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان قەلەندەردىن بىر كوي پۇلغا پىت سېتىۋېلىپ، ئاتنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ قويدى. شۇنىسى ئاجايىپكى، ئاتنىڭ تۇيىقىدىكى تاشنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىم ئاقسىمىدى.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئات دۇمبىسىدىكى يېغىرنى داۋالاشتىمۇ ئاجايىپ چارىسى بار ئىكەن. ئۇلار يېغىرغا يەتتە ياشلىق

ئوغۇل بالىنىڭ سۆيدۈكىنى سۈركەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن يېغىر سىرلىق يوسۇندا ساقىيىپ كېتىدىكەن! بۇنىڭدا چوقۇم بالا سۆيدۈكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇل بالىنىڭ سۆيدۈكىنى ئىشلىتىش كېرەك ئىكەن. يول ئۈستىدە بىز بېرلىندىن ئالغاچ كەلگەن ئالىي دەرىجىلىك ئەنگلىيە ئېگىرىگە قارىغاندا تۈركىيە ئېگىرىنىڭ ئات دۈمبىسىنى يېغىر قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكى ناھايىتى تېزلا ئىسپاتلاندى.

بىز توختىماي يول يۈرۈپ، 15 ـ ئۆكتەبىردىن بۇرۇن قەشقەرگە يېتىپ باردۇق، مەن گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە دىپلوماتلىرى يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ، ئەنگلىيە كونسۇلى جورجىي ماكارتنېي (George Macartney) نى يوقلاپ باردىم ھەم ماكارتنېي ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم[2]. بۇ مەزگىلدە بارتۇس بۇ جاينىڭ ناھايىتى ئاستا ماڭىدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋىسى بىلەن بارلىق يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئېلىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئىچى كۆچلۈك بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالىمىغانلىقتىن، بىزگە بىر قانچە كۈندىن كېيىنلا يېتىشىۋالدى.

بىزنى تەقەززا قىلغىنى شۇكى، گرۇنۋېدېل 15 ـ ئۆكتەبىر يېتىپ كېلەلمىدى، ھەتتا ئاي ئاخىرىغىچە قارىسى كۆرۈنمىدى. بىز ئۇنىڭ رۇسىيىگە قاراشلىق تۈركىستاندا يۈك ـ تاقلىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، يولدا ھايال بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن كەيپىياتىمىز بىراقلا سۇسلىشىپ كەتتى، شاجۇ مىڭئۆيىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىنى بىھۇدە قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىزدىن قاتتىق ئېچىندۇق[3].

ۋەھالەنكى، ئالدىرىغاننىڭ پايدىسى يوق، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەي بولمايتتى. جاپالىق قېزىش ۋە يول ئازابىدىن

كېيىن، ياۋروپاچە ئۆيدە دەم ئېلىش ھەقىقەتەن ناھايىتى راھەت ئىش ئىدى.
بىراق، ئالدى بىلەن مەدەنىي تۇرمۇشقا قايتىدىن ماسلىشىشىمىزغا توغرا كەلدى. ماكارتنېي خانىم مېنى ئىنگلىزچە كارىۋات قويۇلغان، ئازادە بىزەلگەن ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە، جەننەتكە كىرگەندەك تۇيغۇغا كەلدىم. بىراق، كارىۋاتتا بىردەم ياتقاندىن كېيىن دېمىم سىقىلىپ كەتتى. كېيىن يەنىلا بىر پارچە كىگىزنى كۆتۈرۈپ سىرتتىكى بالكونغا چىقىپ ئورۇن سېلىپ، ئېگەرنى ياستۇق قىلىپ، جۇۋىنى يېپىنىپ ياتتىم. شۇنداق قىلىپ بۇ كىچىك ئۆيگە خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاران كۆندۈم.
بىز قەشقەردە پروفېسسور گرۇنۋېدېلنى مانا مۇشۇنداق كۈتتۇق. ماكارتنېي ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن ھاردۇقىمىز خېلى چىقىپ قالدى، بىراق گرۇنۋېدېلنىڭ كېچىكىشى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى.
مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىراپىنىڭ ھېكايە - تەمسىللىرىنى بىر قۇر رەتلىگەندىن كېيىن گېرمانچىغا تەرجىمە قىلدىم. بۇ كىتابنى كېيىنچە تېئۇبنېر (Teubner) نەشرىياتى لېيپزىگدا «تۇرپان قوشاق - تەمسىللىرى» (Songs and Proverbs of the Turfan Oasis) دېگەن نامدا نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىكى بەزى تەمسىللەر ئافغانىستاندىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رىۋايەت، ھېكايىلەرمۇ ئافغانىستان ۋە پەنجاب (Punjab) نىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئەسلىدىلا بىر تۇتاش بولغان بۇ ئۈچ رايوندا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
بىز ئاتۇشنىڭ يېنىدىكى ئۈچبۇرھان قەدىمىي شەھىرىنىڭ

ئۈچ جايىدىكى تاشكېمىرنى قازماقچى بولدۇق. بۇ تاشكېمىرلار تىك ياردا بولۇپ، ئەسلىدە تاشكېمىر ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان ياغاچ يول بار ئىكەنتۇق، ئەمما ھازىر يوق ئىكەن. بارتۇس ئۆزىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، يۇقىرىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، تاشكېمىرگە كىردى. بىراق، تاشكېمىردە ئازراق پارچە - پۇرات تام رەسىملەر بولۇپ، يەنمۇ ئىلگىرىلەپ ئاختۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوتەي بىزنىڭ ئۇ يەرنى قېزىشىمىزغا قوشۇلمىدى، شۇڭا بۇ خارابىلىقنى قېزىش ھەرىكىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇق.

## 3 - قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىشنىڭ باشلىنىشى

1905 - يىلى 5 - دېكابىر رۇسىيە چېگرىسىدىن قايتىپ كەلگەن پوچتىكەش گرۈنۋېدېلنىڭ ئەتىسى يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقتۇق. دەرۋەقە كۆن قايىرلىغان چاغدا، ئۇ پاكار قېرى ئاتقا مىنىپ، پىيادە ماڭغان سۇرئەتتە شەھەرگە كىردى. ئۇنىڭغا تۆگە كارۋىنى ھەم پروفېسسور موللېرنىڭ ياردەمچىسى پېتېر ئەپەندى ھەمراھ بولۇپ كەپتۇ. پېتېر خەنزۇچىنى ئازراق بىلگەچكە، گرۈنۋېدېل ئۇنى ھەمراھلىققا تاللىغانىكەن. يامان يېرى، گرۈنۋېدېل ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلى خېلى ئېغىر ئىكەن، شۇڭا ئامالسىز قەشقەردە ئۈچ ھەپتە ئارتۇق تۇردۇق. گرۈنۋېدېلنىڭ ھالىدىن شۋېتسىيىلىك مىسسىيونېر خەۋەر ئالدى.

بىز مىلاد بايرىمىنى ماكارتنېيلار ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈپ، شۇ كۈنى كۈچاغا قاراپ يولغا چىقتۇق. گرۈنۋېدېل ئېغىر كې-

سەل بولۇپ ئات مىنەلمىگەچكە، مەن سامان بېسىلغان ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىسى تېپىپ، سامانىنىڭ ئۈستىگە ماتراس سېلىپ، ئاپتاپ توسۇيدىغان لەمپە ياساپ، ئۇنى ھارۋىغا ياتقۇزدۇم. بىراق، ئۇ ياتقانسېرى بىئارام بولۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئېدىرلىقنى كېسىپ ئۆتكەن يولدىن ئۆتكەندە، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئېرىقلار كۆپ بولۇپ، ھارۋىنى بەك سىلكىۋېتەتتى - دە، ھارۋىنىڭ چاقى بىر يارد چوڭقۇرلۇقتىكى ئېرىققا چۈشەتتى (تەلىيىمىزگە ھارۋا چاقىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى يارد كېلەتتى). ئالدى بىلەن ھارۋىنىڭ بىر چاقى «تاق!» قىلىپ ئېرىققا چۈشەتتى، ئارقىدىن يەنە بىر چاقىمۇ چۈشەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال بىر چاقى، ئارقىدىن يەنە بىر چاقى ئېرىقتىن چىقاتتى. ھارۋىدىكى كىشى ئۇيان سىلكىنىپ، بۇيان سىلكىنىپ زادىلا ئارام ئالالمايتتى.

شۇڭلاشقا، يولىمىز زادىلا ئاۋۇمىدى، ھەر كۈنى گرۈنۋېدېل پېتېرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېرىم كېچىدە ياكى سائەت بىردە يولغا چىقاتتى، بىز بولساق ئەتىگەن سائەت تۆتلەرگىچە ئۇخلاپ ئاندىن يولغا چىقاتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا يېرىم يولدا ئۇلارغا يېتىشىۋالاتتۇق - دە، داۋاملىق مېڭىپ قونالغۇغا بېرىپ، ئوت قالاپ، غىزا تەييارلاپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتۇق.

يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئەترىتىمىز 8 - يانۋار مارالۋېشىنىڭ يېنىدىكى تۇمشۇققا كەلدى، ئۇ يەردە ئۆتەڭنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى بۇددا خارابىلىقىنى ئىزدىگەن بولساقمۇ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدىن سەل كېيىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن پروفېسسور پېللىئوت بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ يەرنى كەڭ دائىرىدە قېزىپ نۇرغۇن نەرسە تېپىپتۇ. ئۇ يەنە گانداراچە تاشكېمىرلەر تۈركۈمىنى بايقاپتۇ.

يول ئۈستىدە مالىيىم مىراپ كوچانىڭ يېنىدىكى قىزىلغا يېقىن تاغلىق رايوندا ياۋروپالىقلار زادىلا ئاياغ بېسىپ باقمىغان بىرمۇنچە قەدىمىي تاشكېمىر بارلىقىنى، ئورنى چەت بولغانلىقتىن، يەرلىك كىشىلەرمۇ ئانچە ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، ياپونىيىنىڭ ئوتانى كوزى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1902 - ياكى 1903 - يىلى ئۇ يەرنى قازغانىكەن، بىراق يەر تەۋرەپ كەتكەنلىكتىن، قورقۇپ قېچىپ كەتكەنىكەن.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بارتۇس بىلەن دەرھال يولغا چىقتىم. بىز بىر خەتەرلىك قاپچىغايدىن ئۆتۈپ، موزارت دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيالىقتا يۈزلىگەن تاشكېمىر بارلىقىنى كۆردۇق.

مەن يەرلىك بىر زېمىندارنىڭ بۇ يەردە ئىككى ئېغىزلىق كېسەك ئۆيى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى دەرھال ئىجارىگە ئالدىم، چۈنكى يەنە بىر يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنىڭ يولدا ئىكەنلىكى، بىر ئايغىچە ئاران بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

كېيىنكى سەپىرىمىزدە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر ئىش يۈز بەرمىدى. بىز كوچاغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى جوڭگولۇق ئەمەلدار④ نى يوقلاپ قۇمتۇراغا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ ئەتراپدا نۇرغۇن تاشكېمىر بار ئاۋات كەنت بولۇپ، بۇ تاشكېمىرلەر تۈركۈمى قۇمتۇرا مىڭئۆيى دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ يەردە ئىمامنىڭ ئۆيى ئەڭ ياخشى تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.

ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، قۇم ئارىلاش چىققان شەرقىي شىمال شامىلى كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. ئەمما، بىز خىزمىتىمىزنى يەنىلا باشلىدۇق. تاشكېمىرلەر سۈيى ناھايىتى

تېز ئاقىدىغان موزارت دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا بولۇپ،
قىرغاق بويلاپ نۇرغۇن تاشكېمىرلەر تۈركۈمى بار ئىدى، ئارى-
سىدا يەنە چۆلدەرەپ قالغان ئەگرى ـ توقاي جىلغا ياتاتتى.
دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر تاشكېمىر تىك قىيالىقتا قې-
زىلغان بولۇپ، دەريا يۈزىدىن خېلى ئېگىز ئىدى.

تاشكېمىردا ئۇزۇن لەخمە بولۇپ، دەريا تەرەپكە قارىتىلىپ
نۇرغۇن دېرىزە ئېچىلغان، دېرىزىنىڭ ئاستىغا نۇرغۇن سۇپا
چىقىرىلغان. روشەنكى، ئىلگىرى راھىبلار بۇ سۇپىلاردا ئولتۇ-
رۇپ، كەچقۇرۇنقى سالقىن شامالدا ھۇزۇرلانغاچ، كەچلىك شە-
پەقنى تاماشا قىلىشقان. لەخمىنىڭ يەنە بىر بېشى بۇت تەكچى-
سىگە تۇتاشقان، بۇت تەكچىسىنىڭ ياسالغان يىلى ئانچە ئۇزاق
بولمىغانلىقتىن، ئىلگىرىكى رەڭدار تۈرقىنى يەنىلا پەرق ئەتكى-
لى بولاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ يەرگە ئوغرى ۋە دەپنە ـ دۇنيا
ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قەدىمى يەتكەن بولۇپ، ھازىر ئارزۇلىغىدەك
ھېچنېمىسى قالماپتۇ.

دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سېرىق قۇم ئاستىدا قالغان بىر
تاشكېمىرنى بايقىدۇق. ئۇ يەردىكى تام رەسىملەر ئوبدان ساقلى-
نىپ قاپتۇ. بىز بۇ يەردىن يەنە سان ـ ساناقسىز ھەيكەل،
قوليازما ۋە باشقا ئاسارئەتىقىلەرنى بايقىدۇق.

بۇددا تاشكېمىرلىرىنىڭ بەزىلىرى قىيا تاشلارنىڭ ئىچىگە
قېزىلغان بولۇپ، مەن يېقىن بېرىپ ئىنچىكە كۆزىتىپ، تاشقا
ئايلانغان شاخ ـ شۇمبا بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

شاخ ـ شۇمبىلار ئارىسىدىن تاشقا ئايلانغان بىر پارچە
سۆگەكنى بايقىدىم، ئۇ سۆگەكنى ئېكەك بىلەن ئېكەكلەپ ئاج-
رىتىۋېلىپ، بېرلىندىكى قەدىمىي جانلىقلار تەتقىقات يۇرتىنىڭ
تەتقىق قىلىشىغا ئەۋەتىپ بەردىم.

بىز ئىلگىرى تۇرپاندىكى تاشكېمىرلەردە بايقىغان تام رە-

سىملىرىنىڭ ھەممىسى تۈركلەر دەۋرى (760 ـ يىلى) دە سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرغاندا قىزىل تاشكېمىر- لىرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ يىلى كونىراق (800 ـ يىلىدىن ئىلگىرى) ئىكەن، ئەينى چاغدا بۇ يەردە يەنىلا ئارىيانلار ئولتۇ- راقلاشقان. بىراق، بۇ يەردىكى بەزى تاشكېمىرلەردىكى تام رە- سىملىرىدىن جۇڭگو رەسساملىقىنىڭ تەسىرىنى بايقىغىلى بو- لاتتى.

بىز بۇ يەردە يەنە ھۆر قىز ۋە ياۋروپا پاسونىدا كىيىنگەن چەۋەندازلار رەسىمىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتتۇق.

مەن كېيىنچە قىزىل مىڭئۆيى ئۈستىدە توختالغاندا بۇ رە- سىملەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ رەسىملەرنىڭ سىزىلغان ۋاقتى بۇرۇنراق، بىراق جايلاشقان ئور- نى چەترەك بولغانلىقتىن، ئۇلار خېلى ئوبدان ساقلانغان. رەسىمدىكى شەخسلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكى ۋە رەسساملىق ماھارىتىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش مەزگىلدىكى گېرمانلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەن- لىكىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

بىز بۇ يەردە بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، ھەر كۈنى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرنى تاپاتتۇق. دەسلەپتە گرۈنۋېدېلنىڭ ئارمانغا چۈشلۇق دەرمانى بولماي، خىزمەت قىلالمىدى، بىراق بۇددا كېمىرلىرىنى رەتلەپ بولغان- دىن كېيىن، تام رەسىملىرىنى كۆچۈرۈپ سىزىش، تەكشىلىك خەرىتىسى سىزىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بېرىلىپ كەتتى.

بىز قۇمتۇرادا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە كىشىلەر ئۇقمايدىغان تاشكېمىر تېپىش ئۈچۈن، كۇچا بوستانلىقىنىڭ ئەتراپىغا ئۇز- لۇكسىز ئادەم ئەۋەتىپ تۇردۇم.

يانۋارنىڭ باشلىرىدا ئوتلاقنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۇچا بوس-

تانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى شايارغا باردىم. يول ئۈستىدە نۇرغۇن مەھەللە خارابىسىنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دىققەت قوزغايدىغىنى، «توڭگۇز بېشى» (Tongguz Bashi) ئىكەن. ئۇ چوڭ بىر مەيدان بولۇپ، تۆت ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان، ئوتتۇرىسىدا قوراللىق ساقلىنىدىغان قوۋۇق بەر ئىكەن. تام بىلەن قورشالغان بۇ دائىرىدە ھېچقانداق ئىمارەت خارابىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەي شورتاڭ بولغانلىقتىن ئۇ يەرنى قېزىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتىم.

بۇ يەردە كونا ئېرىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىكەن. ئۆستەڭدىن تەرەپكە تارقىغان كىچىك ئېرىقلارنى ھېلىھەم پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن.

بىز سۇ تەييارلاپ يولغا چىقتۇق، شۇنداقلا تاشكەنتتىن كەلگەن خالماتخان (Khalmat Khan، كۇچادا تۇرۇشلۇق فەرغانىلىق تۈرك) نىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شەرىپ (Sharip) ئىسىملىك بىر يول باشلىغۇچى ياللىدۇق. ئۇ بۇ يەرنىڭ تېگى-تەكتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، تازا شۆھرەتپەرەس ھەم نادان ئادەم بولۇپ، پو ئېتىشتىن باشقىنى ئۇقمايدىكەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ ناھايىتى تېزلا يولدىن ئېزىپ قالدۇق، بوراندا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، نىشاننى پەرق ئېتەلمىدۇق. ناۋادا ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تەڭرىتاغلىرىنى كۆرەتتۇق، تەڭرىتاغلىرى يولۇچىلارنىڭ ئىشەنچلىك كومپاسى ئىدى. بىراق، قۇم بوراندا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يانچۇق سائىتىمىنىڭ زەنجىرىگە باغلىۋالغان كومپاسنى يوقىتىپ قويۇپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىش بولدى.

بىز خېلى بىر مەزگىلگىچە بىر ئورۇننى چۆگىلەپ يۈرۈپتۇق، ئاخىردا مالىيىم توغرا يۆنىلىشنى تېپىپ، بىزنى باياشات

توقسۇغا باشلاپ باردى. بىز ئۇ يەردىكى كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىدە قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق، كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيى ئۇ يەردە ھەشەمەتلىك قورۇ ھېسابلىنىدىكەن.

يول ئۈستىدە پات - پات ئاتتىن چۈشۈپ، يەردە نۇرغۇن ساپال پارچىسى، تاسما، پۇل، يا ئوقى دەستىسى، برونزا، مىس تامغا ھەم قوڭغۇراق بارلىقىنى كۆردۈم، لېكىن ھەممىسى چىرىپ كېتىپتۇ. بىز يەنە ياغاچ ئويما پارچىلىرى، ستوپا، كىچىك بۇت ۋە باشقا ئەۋلىيالار ھەيكىلى قاتارلىقلارنى ئۇچراتتۇق. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن سۇنۇق قازان پارچىسىنىمۇ ئۇچراتتۇق، بۇلار بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى چوڭ مەھەللە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

كەنت باشلىقىنىڭ قورۇسىدا بىر نەچچە ئېغىز پارسچە ئۆي بولۇپ، تاملىرىغا تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلغان بوياق بىلەن چىرايلىق رەسىملەر سىزىلغان، كاڭغا ئوت قالانغان بولۇپ، جانغا راھەت بېغىشلايدىغان ئىسسىق تەپچىپ تۇراتتى. كارىۋاتقا تاۋار يوتقان - كۆرپە ۋە قىزىل كەشتىلەنگەن ياستۇق قويۇلغان. كەنت باشلىقىنىڭ ئىسمى ئەلى (Ali Achond) بولۇپ، خېلى سالاپەتلىك، تۆت خوتۇنى بار ئىكەن، ئۇلار بىزدەك چاقىرىلمىغان مېھمانلارغا ئەجەبلىنىپ قارىسىمۇ، بۇ مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئەدەپ - قائىدىسىدىن چەتنىمىدى. مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، كونا كەشتىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىدىم. ئۇلار دەرھال ناھايىتى نەپىس قۇتىلىرىدىن ئىنتايىن چىرايلىق كەشتىلەنگەن كىمخاپتىن بىرمۇنچىنى ئېلىپ چىقتى. بۇلار ئەسلىدە بۇرۇنقى ئاياللار كىيىدىغان ئاق ئۆزۈن ئىشتاننىڭ پۇشقىقىغا تۇتۇلغانىكەن. يەرلىك ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئادەتتە پاختا ياكى يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك ۋە ئىشتان كىيىدىكەن، ئىشتىنىنىڭ بېغىنى ئىشتانباغ بىلەن چىڭ

چىگىۋالىدىكەن، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ-
كەن، ئۇنىڭ ئاستىدا 16 دىيۇيم كەڭلىكتىكى ئىشتان پۇشقىقى
چىقىپ تۇرىدىكەن. ئىشتىنى چىرايلىق كەشتىلىنىدىكەن،
كەشتىگە قىزىل يىپنى كۆپرەك ئىشلىتىدىكەن. ئادەتتە ناھايىتى
چىرايلىق گۈللەر كەشتىلىنىدىكەن، چۆرىسىگە گىرۋەك تۇتىلى-
دىكەن. ئۇزۇن كۆڭلەككىمۇ گۈل كەشتىلىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ
ئېچىدىكى سۇترەڭ شايى كۆڭلەككە كۈمۈش يىپ بىلەن پالما
يوپۇرمىقى كەشتىلەنگەن بولۇپ، ئالاھىدە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە
ئىكەن. باشقا ئۇزۇن كۆڭلەكلەرگىمۇ ناھايىتى چىرايلىق گۈل-
لەر كەشتىلەنگەنىكەن. مېنىڭچە، بۇ كەشتىلەرنىڭ ھەممىسى
پارسچە ئىكەن. بۇخارادىن پۈتكۈل ئافغانىستان ۋە پەنجىئاب
ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغىچە، پۈتكۈل تۈركىستاندىن قومۇلغىچە
بۇنداق كەشتە نۇسخىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەن بۇ ئاياللار-
دىن ھازىر ھېچكىم كىيمەيدىغان گۈللۈك ئىشتاندىن بىرمۇنچە-
نى سېتىۋالدىم. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا سودا
يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇنداق گۈللۈك كەشتە مودىدىن
قاپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى رۇسىيىنىڭ تولىمۇ كۆرۈمسىز گۈللۈك
چىتلىرى ئىگىلەپتۇ. مەن بىر ئايالنىڭ گۈللۈك چىتتىن تىكىل-
گەن كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا بىر پۈتلاپ
تۇرغان بالىتچىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن.

تۈرك ئاياللىرى قوڭغۇراقسىمان دوپپىنىڭ سېھرىي كۆچە-
نى شىمالىي ياۋروپا ھۆر پەرىلىرىدىنمۇ بۇرۇن بايقىغان. ئۇلار
ھازىرقى ياۋروپا ئاياللىرىغا ئوخشاش، چاققان قولاقچا ياكى
دۇخاۋا دوپپا كىيىدىكەن، ئۇزاقتىن بۇيان (50 — 60 يىل
بولسا كېرەك) ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ئالدى تەرىپىگە تىل
چۈشۈرۈلگەن ئۆتۈك كىيىدىكەن. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ-
كى، ئۇلار بىژەك پاشنىسىز ئاياغلارنىمۇ بېزەپ ئۇلتۇرماس-

تىن، ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈكلىرىنىلا بېزەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى ناھايىتى ئېگىز ئىكەن، پاشنىسىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كۈمۈش مىخ مىخلىۋالىدىكەن. ئۇلار كۈمۈش مىخنىڭ باش تەرىپىنى ئېگىپ مىخلاپ، پاشنىغا زىننەت چىقىرىدىكەن.

مەن بۇ يەردە سېپىل بىلەن قورشالغان نۇرغۇن جايلارنى ئاختۇرۇپ باقتىم، بىراق ھەممە يەر زەيكەش بولغانلىقتىن، ئۇ يەرنى قېزىشتىن ۋاز كەچتىم. ئارقىدىن يېرى مۇنبەت شايارغا باردىم، ئۇ يەرگە بېرىشىمغا نۇرغۇن كىشى مېنى ئورىۋالدى، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلار خۇددى باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش ماڭا خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى يەرلىك تۈركلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار مېنى پاكىز، ئەمما پاكار مېھمانخانىغا ياتقۇزدى، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنمىغانلىقتىن، شەخسىي مەخپىيەتلىكتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى ياتاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئېگىز بويلۇق بىر چوكان كىرىپ كەلدى، ئۇ ئاسما مايكىسىنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن، ئىككى دىدىكىنى ئەگەشتۈرگەن بولۇپ، تەمبۇر (tambur، بىر خىل چالغۇ) نى قۇچاغلىغىنىچە بىر نەرسىلەر دەپ غىڭشىيتتى، ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلاردىن نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سوراپ، بۇ چوكاننىڭ داڭلىق پاھىشە بولۇپ، ماڭا، يەنى بىر چەت ئەللىككە ھۈنەر كۆرسىتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم، مەن ئۇنىڭ بىر ھالقىسىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، سەل خاپا بولۇپ قالغان چوكاننى يولغا سالدىم.

شەرقىي تۈركلەر ئارىسىدا بۇنداق ئالاھىدە كەسىپ باشقا كەسىپلەرگە ئوخشاش ئومۇملاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ

جاي ـ جايلىرىدا بۇنداق كەسپتىكى ئاياللارنىڭ قوشاق ـ غەزەللىرى خېلى كەڭ تارقالغانىكەن.

بۇ پاھىشىلەرنىڭ بەزىلىرى يۇۋاش ھۈنەرۋەن ۋە دېھقانلارغا تېگىشىۋالىدىكەن.

ئەپسۇسكى، مەن بۇ يەردىن ئاختۇرۇشقا بولغۇدەك بىرەر خارابىلىق تاپالماي، قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مىراپمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ، كۇچانىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى كىرىشنىڭ يېنىدىكى ئىككى جايدا ئىككى مۇھىم مەھەللە بارلىقىنى ئېيتتى، مەن كۇچالىق بىر ئەمەلدارنىڭ ھەمراھلىقىدا كۇچانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قەدىمىي شەھەرنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ستوپادىن ئۆتۈپ، 14 مىل يول يۈرگەندىن كېيىن، كىرىش كەنتىگە باردىم. بۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى بىر چۆلدەرەپ قالغان كەنتتە چوڭ بىر تاشكېمىرلەر توپى بار ئىكەن، بىراق ئۇنىڭ يېرىمى توپىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. بۇ تاشكېمىر «سىم ـ سىم»، يەنى «كۆزجۇت» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ «مىڭ بىر كېچە» دىكى «ئەلى بابا بىلەن 40 قاراقچى» ھېكايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن!

ئارقىدىن يەنە كىرىشنىڭ جەنۇبىدىكى «ئاچچىغىلاق» (Achigh Ilak، ئاچچىق سۇ يىغىلغان جاي دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغان خارابىلىققا باردىم. بۇ يەردە تاشكېمىر كۆپ بولمىسىمۇ، قۇرغاق يەردە بولغانلىقتىن، قېزىش قىممىتى يۇقىرى ئىكەن.

شۇڭا، كېيىنرەك مەن گرۇنۋېدېلنى سىم ـ سىم تاشكېمىرىگە باشلاپ كەلدىم، بىراق بۇ يەردە بىر قانچە كۈنلا خىزمەت قىلدۇق[5]. 4 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر بۇ يەرگە كەلگەندە، ئاچچىغلاق خارابىسىنى كەڭ كۆلەمدە قېزىپتۇ.

ئۇلار يەنە كوچا قەدىمىي شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر ستوپادىن ئورغۇن نەرسە بايقاپتۇ. تۇرپان بوستانلىقىدىكى تۇركلەر مەزگىلىدە قېزىلغان تاشكېمىرلەردىكىگە ئوخشاش، ئاچچىغلاق خارابىسىدىكى تاشكېمىر كارىدورىنىڭ تېمىغىمۇ چوڭ بۇتلار سىزىلغانىكەن.

ئىزاھلار:

① ۋوكس پوپۇلى: vox populi، ئەسلىسى لاتىنچە، خەت مەنىسى — خەلقنىڭ ساداسى، ماقال - تەمسىل.

② ئەنگلىيە ئەمەلدارىنىڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ ئاۋارە قىلىشىمنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرى، مەن ئىنگلىز تىلى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بىلەن تونۇش؛ يەنە بىرى، رۇسچىنى ئۇقمايمەن، رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئىش بېجىرىش مىجەزىدىن بىخەۋەر. ئۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى — رۇسىيىنىڭ داڭلىق باش كونسۇلى پېتروۋسكى (Pietrowsky) نىڭ ئوسال مىجەز - خۇلقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بۇ زوراۋان بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىماي، ئۇنىڭ يېنىغا بارمىدىم. پېتروۋسكى ناھايىتى ئىقتىدارلىق بولۇپ، ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانى ئىدى. جوڭگولۇقلار بىلەن تۇركلەرنىڭ تارىخى ۋە دىنىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئېنىقراق بىلىدىغان كىشى يوق ئىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي بايلىقىنى ئۇنىڭدىنمۇ پىششىقراق ئۇقىدىغان كىشى يوق ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرسام كۆپ پايدىسى تېگەتتى، بىراق ئۇ بەك تەكەببۇر بولۇپ، باشقىلارنى زادىلا ئويلاشمايتتى. كاپىتان ياڭخۇسباند (Sir Francis Younghusband) بىلەن ئىۋېس (M. de. St. Ives) نىڭ ئۇنى تىللىشىنىڭ ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. گرۇنۋېدېل بىلەن خوتېر باش كونسۇلخانىدا تۇرغان مەزگىلىدە ئۇنىڭ ۋاقىراش - جارقىراشلىرىغا چىداشقا مەجبۇر بولغانىكەن. بىر قېتىم خوتېر ئۇنىڭ سۆزىگە كۆنمەي، گەپ ياندۇرغانىكەن، پېتروۋسكى گرۇنۋېدېلدىن: «ئۇنى ئەدەپلەپ قويسام بولامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. گرۇنۋېدېل ھەمراھىنى

قانات ئاستىغا ئاپتۇ، ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بۇنىڭ بىلەن يىرىكلىشىپ قاپتۇ. مەن رۇسىيە باش كونسۇلخانىسىدا ئازاب چېكىشنى خالىماي، ئەنگلىيىلىكنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم ھەم ساھىبخان بىلەن قەدىناس دوست بولۇپ قالدىم.

مەن قەشقەرگە بارغاندا، باش كونسۇل پېترووۋسكى خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن دۆلىتىگە قايتقانىكەن، يەرلىك جۇڭگولۇقلار بىلەن تۈركلەر بۇ كىشىنىڭ تۈرلۈك غەلىتە قىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ناھايىتى مۇلايىم كىشى ئىكەن، ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ كىشىنىڭمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن غەلىتە قىلىقى بار ئىكەن. شۇنىسى ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بىر كۈنى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر رۇسىيە دىپلوماتلىرىنى مىلاد بايرىمىلىق زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار زىياپەتكە خۇشال كېلىپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدى، بىراق داستىخاندىكى غىزاغا زادىلا ئېغىز تەگمىدى. ئەسلىدە ئۇلار زىياپەتكە كېلىشتىن بۇرۇن تاماق يەۋالغانىكەن. ئۇلارنىڭ زىياپەتكە نېمە ئۈچۈن تويۇۋېلىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى ھېلىھەم ئۇقالمىدىم.

③ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەنگلىيىلىك كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى سىر ستەيىن شاجۇ مىڭئۆيىدە رىۋايەت قىلىنغان نوم غارىنى بايقىغان ھەم ئىبادەتخانا راھىبىدىن نۇرغۇن بىباھا نوم قولىيازمىسى ۋە شايىغا سىزىلغان رەسىم سېتىۋاپتۇ. ئارقىدىن فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى پېللىئوتمۇ بۇ يەرگە كېلىپ، ناھايىتى كۆپ نوم قولىيازمىسى سېتىۋاپتۇ. بۇ قولىيازمىلارنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەسلىدە بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدىغان نۇرغۇن ئالىملار بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا قاتناشقان. مەن بۇ غەزىنىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىن ناھايىتى ئەپسۇسلانساممۇ، بۇ غەزىنىلەرنىڭ ئوبدان ماكان تاپقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلۈم خېلى ئەمىن تاپتى.

④ كۇچادا، گازارما شەھەرنىڭ بىر رايونى ھېسابلىنىدۇ، تۇرپان، ئاقسۇ ۋە قەشقەردىكىدەك كونا شەھەردىن بىرقانچە مىل يىراقلىقتىكى يېڭى شەھەردە ئەمەس.

⑤ بىز كۇچادا خىزمەت قىلىۋاتقاندا رۇسىيە ئەۋەتكەن

www.uyghurkitap.com

ئاكا ـ ئۇكا ئالىم رادلوف (Radloff Berezoqskys) ۋە سالېمان (Salemann Berezoqskys) بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. گرۈنۋېدېل رۇسىيىلىك بۇ ئىككى ئالىم بىلەن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يىلى يېقىنراق بولغان تۇرپان تاشكېمىرلىرىنى قېزىش، رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بولسا هازىرغىچە هېچكىم چېقىلمىغان، يىلى كونىراق كۇچا تاشكېمىرلىرىنى قېزىش توغرىسىدا كېلىشىم هاسىل قىلغان. يەنى رۇسىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى بىر بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان بولغان. بىراق، مەن ئۈرۈمچىگە بارغاندا رۇسىيە كونسۇلى، دوختۇر كوچانوۋكى (Kochanowky) مېنىڭ بۇنچە تېز كەلگەنلىكىمدىن ناهايىتى هەيران قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ رۇسىيىلىك ئىككى ئالىمنىڭ دەرهال تۇرپاندىكى تاشكېمىرغا بېرىپ، رۇسىيە هۆكۈمىتى ئۈچۈن نوم قولىيازمىسى، رەسىم قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلارنى يىغىشى تەلەپ قىلىنغان خېتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. مەن رۇسىيىلىكلەرنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىدىن تولىمۇ نارازى بولۇپ، دوختۇرغا رۇسىيەنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئەترىتى بىلەن پۈتۈشكەنلىكىمىزنى، ئۆزىمىزگە تەۋە يەر بارلىقىنى ئېيتتىم. كوچانوۋكى مەن ئېيتقان كېلىشىمدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى، رۇسىيە كونسۇلى بولغانلىقتىن بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. دەرۋەقە، ئۇ قاراغوجىغا بىزدىن بۇرۇن بېرىپ، نۇرغۇن ئاسارە ئەتىقىنى بۇلاپ كېتىپتۇ، بىراق تام رەسىملىرىنى ئالالماپتۇ. كوچانوۋكى ئوبدان ئادەم، ئۇنىڭ ئەهۋالىنىمۇ چۈشىنىمەن، بىراق رۇسىيىلىك بۇ ئىككى ئالىمنىڭ خېتى شەك ـ شۈبهىسىزكى، كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىغانلىق. مەن بۇ ئىشنى بېرلىنغا دوكلات قىلدىم، ئۇلار بىزگە بولغان زىيان كۆپ بولمىغانلىقتىن، بۇ ئىشنى چوڭايتىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. بىراق، كوچانوۋكى كېيىنچە بىزنى تىللاپ خەت يېزىپتۇ، ئۇ بۇيرۇقنىڭ شەخسىي كېلىشىمدىن مۇهىم ئىكەنلىكىنى، رۇسىيىلىكلەر ئاۋۋال بارغانىكەن، قەدىمىي ئاسارە ئەتىقىلەرنى ئىگىلەش هوقۇقى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، چاتاق تېپىش ئويۇم يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بېرلىن دائىرىلىرىگە يازغان خېتىمنى كۆرسەتتىم. بۇ خەت هازىر 4 ـ ئەترەتنىڭ هۆججەتلىرى ئارىسىدا. گرۈنۋېدېل جەنۇ-

بىي شىنجاڭغا كەلگەندە قىزىل ۋە قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىنى قېزىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ كېلىشىمنىڭ قۇرۇق قەغەزگە ئايلانغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: «رادلوف، سالىمانلار بىلەن سۆزلەشتىم، قىزىل، قۇمتۇرالارنى قېزىشىمىزغا قوشۇلدى» دېدى. بىراق، بۇ ئىككى جايدىكى تاشكېمىر ئەمەلىيەتتە باي ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كۇچا ناھىيىسىگە قارىمايدىغانلىقى، شۇڭا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ۋەھالەنكى، رۇسىيىلىكلەر كېلىشىمگە ئاۋۋال خىلاپلىق قىلمىغان بولسا، مەن ئىرادىسى ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان گرۇنۋېدېلنى بۇ ئىككى جايدىكى تاشكېمىرنى قېزىشقا كۈچەپ دەۋەت قىلمىغان بولاتتىم. ئادەم ئالداش مېنىڭ ئىش قىلىشتىكى ئۆلچىمىم ئەمەس، بىراق بۇ قېتىم راستلا خاپا بولدۇم. كىرىش كۇچا ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە، رۇسىيىلىكلەر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئاغزىنى بۇزۇپ، بىزنى تىللاپ كېتىپتۇ، مەن ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، بىراق ئۇلار بىزنى قوراللىق قوغلىۋېتىمىز، دەپ تەھدىت سالدى. بۇ ئىككى رۇسىيىلىك تام رەسىملىرىنى قىرىۋالغاندا رەسىمنى زەخمىگە ئۇچرىتىپتۇ. بىز جەنۇبىي شىنجاڭدا مول نەتىجە قازانغانلىقتىن، بۇ ئىشنى يوغىنىتىۋېتىشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى، شۇڭلاشقا بىز كىرىشتىن ۋاز كېچىپ، رۇسىيىلىكلەر بىلەن ئەپلىشىپ، شەرققە قاراپ ماڭدۇق.

## سەككىزىنچى باب

# قىزىلدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش



ئىدىقۇت «جاما خارابىلىقى» دىكى ستۇپا

# قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ ھالىتى

قۇمتۇرادىكى قېزىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغاندىن كېيىن، قىزىل تاشكېمىرلىرىغا قاراپ ماڭدۇق. قىزىل تاشكېمىرلىرىمۇ موزارت دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇمتۇرانىڭ غەربىدىن تەخمىنەن توققۇز مىل يىراقلىقتا ئىدى. قىزىلدىكى دەم ئېلىش پونكىتىدا ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن، جەنۇبقا تەخمىنەن بەش مىل مېڭىپ، بۇ تاشكېمىرلەر توپىغا كەلدۇق. بۇ يەردە كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزلا بولۇتقا تاقاشقان تاغ تىزمىلىرىنى كۆرىسىز، بىردىنبىر تاغ ئېغىزى «ساقلىسا ئېغىزنى بىر پالۋان، ئۆتەلمەس ئۇنىڭدىن ھېچ ئىنسان» دېگەندەك ئىدى. بۇ تاغ ئېغىزى جايلاشقان ئېگىزلىكتىن چوڭقۇر جىلغىغا قارىسىڭىز تاغلار ئوراپ تۇرغان تاشكېمىرلەرنى كۆرەلەيسىز.

تاشكېمىرلەر تىك ھاڭغا قېزىلغان، تاغ ھىلال ئاي شەكلىدە بولۇپ، ئۇستۇنكى ۋە ئاستىنقى ئىككى بۇرجىكىنى سۈيى شىددەت بىلەن ئاقىدىغان موزارت دەرياسى ئۇزىۋەتكەن.

تاغ باغرىدىن دەريا بويىغىچە بولغان ئارىلىق ئېقىن چۆكۈندىسى بولۇپ، بىر كىشى بۇ يەردە باغ بىنا قىلغان ۋە ئېتىز ئاچقان، بىزنى كۈتىۋالغان خوجايىن ئالتە يىل بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن.

دەسلەپكى مەزگىللەردە دەريا ئېقىنى تاغنى بويلاپ ئاققان بولۇپ، تاغ باغرىدىلا دەريا سۈيى بار ئىكەن.

بارلىق تاشكېمىرلەر بىر لەخمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان،

شۇڭا بىرەسى تاشكېمىرلەر ئارىسىدا موكىدەك ئۆتۈپ تۇرسىمۇ
سىرتتىكىلەر كۆرەلمەيدىكەن. بۇ لەخمىلەردە خېلى ئۇزۇن ئارد-
لىقتا ئاندىن هاۋا ئۆتۈشۈش ئېغىزى بار ئىكەن، هاۋا ئۆتۈشۈش
ئېغىزلىرىنى هازىرمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن.

تاشكېمىرلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس بو-
لۇپ، بەزىلىرى خېلىلا كىچىك، بەزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 33
فۇتتىن 46 فۇتقىچە، چوڭقۇرلۇقى 40 فۇتتىن 60 فۇتقىچە
كېلىدىكەن. تاشكېمىرنىڭ يېنىدا راهىبلارنىڭ خىزمەت ئۆيى،
ياتاق ئۆيى ۋە ئۇرۇق ساقلايدىغان ئامبىرى بار ئىكەن. ئامباردا
باش پىياز، سەۋزە ئۇرۇقلىرى، كىشمىش، تېرىق ۋە قېنىق
كۆك رەڭلىك پۇرچاق بار ئىكەن.

تاشكېمىرلەر ئىككى خىل هالەتتە ئىكەن، دائىم ئۇچرايدى-
غان بىر خىل هالەت كەينى تەرىپىدە ئىشىكى بار، كۋادرات
شەكىللىك ياكى تىك تۆت تەرەپلىك ئاساسىي ساراي ئىكەن.
ئاساسىي سارايىنىڭ ئىچكىرىسىدە قىيا تاشقا پاتۇرۇلغان بىر لاي
بۇت بار ئىكەن. بۇتنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە ئارقىسىدىكى قىيا
تاشقا بىردىن لەخمە قېزىلغان، ئۈچ لەخمە تۇتاشتۇرۇلۇپ،
ئويمان خەت شەكلىنى هاسىل قىلغان، ئىلاهلارنى قارشى ئې-
لىش ئىبادىتىگە قاتناشقانلارنىڭ بۇتنى ئايلىنىپ ئىبادەت قىلى-
شىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، لەخمىلەر ئويمان شەكىلدە
قېزىلغان. تامدا بۇددانىڭ هاياتى هېكايە قىلىنغان رەسىم ۋە
بۇددا نومىلىرىدا تەسۋىرلەنگەن هېكايىلەرگە دائىر رەسىملەر بار
ئىكەن. ئاساسىي سارايىنىڭ ئۈستى باكىسمان شەكىلدە بولۇپ،
تورۇسقا ئەنئەنىۋى تاغ مەنزىرىلىرى سىزىلغان، هەربىر تاغ
مەنزىرىسىگە قايتىدىن دۇنياغا كېلىش بايان قىلىنغان هېكايىلەر
سىزىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۈستى - ئۈستىگە سىزىلغان

تاغ مەنزىرىلىرىنىڭ ئورنىنى باداشقان قورۇپ ئولتۇرغان بوددا.
نىڭ رەسمى ئالغان. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپى ھەم لەخمىنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى تامغا سۆسۈن كاسايا كىيگەن تېۋىنغۇچىلار.
نىڭ رەسمى ھەم يۇقىرى قاتلام سىنىپىغا تەۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ
رەسىملىرى سىزىلغان.

مۇشۇنداق بىر تاشكېمىرگە كىرىشتەك ئاجايىپ سەرگۈ.
زەشتلىرىمنىڭ بولغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. قوم ـ شې.
غىللارنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، چىراغ كۆتۈرۈپ تاشكېمىر
ئىچىگە كىردۇق. تاشكېمىرلەردە راھىبلار ئولتۇرىدىغان ئۆيدە
دېرىزە بولغاندىن باشقا ئۆيلەردە دېرىزە يوق بولۇپ، قولىمىزنى
سۇنساق بارماقلىرىمىزنى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ
ئىدى.

تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز
گوتچە كىچىك ئىبادەتخانىلاردىكى رەسىملەرنى ئېسىمگە ئالدىم.
ئۇلار پۈتىنى كەرگەن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرغان، ئۇ.
چىسىغا كىمخاپ نىمچە، بېشىغا ئۈچ بۇرجەكلىك بۆك كىيگەن.
بېلىگە چەۋەندازلارنىڭ مىس تاختىسىنى باغلاپ، كرېست شە.
كىللىك شەمشەر ئېسىۋالغان، شەمشەر تۇتقۇچىنىڭ ئۇچى يۇمى.
لاق ياكى تۈز بولۇپ، ياۋروپادىكى كارولىن (Carlovingian)[1]
پادىشاھلىقى بىلەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى گوتچە شەمشەرگە
ئوخشايتتى. بېلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئېپتالىتلار ئۇسلۇبىدى.
كى خەنجەر ئېسىۋالغان، يېنىغا يەنە بىر پارچە چاسا لۆڭگە
قىستۇرۇۋالغان. بۇ خىل لۆڭگىنى XVI ئەسىردىن بۇرۇن ئىتا.
لىيىدە كىشىلەر ئاڭلاپمۇ باقمىغان. ئۇلار چېچىنى ئوتتۇرىدىن
ئايرىغان، ئالاھىدە ئۇسۇلدا ياساتقان، بەزى رەسىملەردىكى چاچ.
لار ئاق، يەنە بەزىلىرىدىكى قىزىل ئىدى. كۆز ئالمىسىغا رەڭ

بېرىلمىگەچكە، رەسىمدىكى چاچنىڭ تەبىئىي، ئەسلىدىكى رەڭ-گىگە سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىشقا ياكى تىرناق بويايدىغان ماتېرىياللار بىلەن بويالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىز قال-دۇق.

ھۆر قىز چەۋەندازنىڭ يېنىدا تۇرغان بولۇپ، مەيدىسى ئوچۇق، بەدىنىگە چىپ كېلىدىغان، پانۇس يەڭلىك كىيىم كىي-گەن، كىيىمىنىڭ تومپىيىپ چىققان يېرىگە كىچىك قوڭغۇراق ئېسىۋالغان. ئۇلار يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشتان كىيگەن بولۇپ، تۇرقى بىزگە خولبېن (Holbein)② دىن ۋان دىك (Van Dyck)③ كىچە بولغان ياۋروپا ھۆر قىزلار رەسىملىرىدىكى دائىم ئۇچرايدىغان، مۇرىسى ئارقىغا قورۇلغان، گەۋدىسى ئال-دىغا چىققان قىياپەتلەرنى ئەسلەتتى. بىز ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەن-دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە گوتچە ئۇسلۇبتا سىزىلغان رەسىملەر ئەمەسلىكىنى بايقىغان بولساقمۇ، ئەمما رەسىمدىكى ھۆر قىزنىڭ كىيىنىشى، ياسىنىشى ۋە چەۋەندازنىڭ ساۋۇت، جابدۇقلىرى ياۋروپا رەسىملىرىدىكىلىرى بىلەن بەكمۇ ئوخشاش بولغاچقا كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئەگەر بىز گېئوفرېي (Chaucer)④ نىڭ «نىبۇلۇنگېن ناخشىسى» (Nibelungenlied)⑤ ياكى ئېشېنباخ (Wolfram von Eschenbach)⑥ ۋە ۋوگېلۋېد (Walther ron der vogdweide)⑦ قاتارلىق كىشى-لەرنىڭ رەسىملىرىنى تەكشۈرسەك، ئۇلارنىڭ رەسىملىرىدىكى ياۋروپا چەۋەندازلىرى ۋە ئاقسۆڭەك خانىملارنىڭ كىيىم - كې-چەكلىرىگە ئىشلىتىلگەن رەختىنىڭ ئەمەلىيەتتە پارس ياكى تۈركلەر ياشايدىغان شەرقنىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس. لېكىن، ئەگەر رەخت ۋە كېسىش ئۇسۇلى شەرق-نىڭ بولسا، بۇ كىيىم - كېچەكلەر ياۋروپاغا كەلتۈرۈلۈشتىن

بۇرۇنلا كېسىپ بولۇنغان تەييار مەھسۇلات بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما، بۇ تام رەسىملىرى سىزىلغان ۋاقىت (تەخمىنەن 700 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينى) بىلەن ياۋروپادا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ئارىسىدا خېلىلا چوڭ پەرق بار، شۇڭا شەرق بىلەن غەربنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى باغلىنىشلىق دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىم ـ كېچەك ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ شەرقتىكى ئۆزگىرىشى غەربتىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر ئاستا ئىدى. سىر ستەيىن شاجۇ مىڭئۆيىدىن بايقىغان مانى دىنى ھۆججەتلىرى خاتىرىلەنگەن كىتابلار ئورالغان تاشقا قىستۇرۇلغان رەسىملەر. دىكى پېرسوناژلار مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۇگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ ياسىنىشىغا ئوپمۇئوخشاش ئىدى.

ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىككىنچى خىل ھالىتى قۇببىلىك پارس ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش ئىدى. قۇببىلىك بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشىكى ۋەيران بولغاچقا، ئىشىكنىڭ ئۆگزىسىنىڭ يان سارايى (يەنى، قىيپاش تەرەپتىكى ئۆگزە) ئۆگزىسىگە ياكى ئاساسىي سارايىنىڭ ئۆگزىسىگە ئوخشاش قۇببىلىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىدۇق. ئىبادەتخانىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇ. رۇلۇشىمۇ يۇقىرىدىكى بىرىنچى تىپتىكى ئىبادەتخانىغا ئوخشاش ئىدى، لېكىن بۇددا ھەيكىلى ئاساسىي سارايىنىڭ ئىچىدىكى ۋاجرا بۇت سۇپىسىغا قويۇلغان. بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئارقىسىدا يول بولۇپ، ئىلاھلارنى قارشى ئېلىش ئىبادىتىگە قاتناشقانلار. نىڭ ئۆتۈشىگە قولايلىق يارىتىلغان.

بىز بۇ يەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشتۇق. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆز پېتىچە ساقلانغان ئىبادەتخانىلار بار ئىدى، ئىبادەتخانىلاردىكى تام رەسىملىرى كىشىنى جەلپ قىلات-

تى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدىئىيلىك جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنىدى.
ئۇلارنىڭ ۋاقتى بىر قەدەر بۇرۇن بولۇپ، بىز بارغان قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملەردىكىدىنمۇ بۇرۇن ئىدى. بۇ رەسىملەردىمۇ شەرقىي ئاسىيا رەسىم ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىنى قىلچە كۆرگىلى بولمايتتى. ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق ھىندى، پارسچە بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى كلاسسىك سەنئەتنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىنغان. بىزنىڭ مۆلچەرىمىزچە بۇ تاشكېمىرلەر V ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتتا بىر مەھەل ئەۋج ئالغان، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن تاشلاپ قويۇلغان ياكى ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن.

بىز بۇ يەردە خىزمەتنى باشلاپ بىر قانچە كۈندىن كېيىنلا مەن بىر «قىزىل قۇببىلىك تاشكېمىر» دەپ ئىسىم قويغان تاشكېمىردىن بىر نومخاننى بايقىدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە قەغەزگە، پالما يوپۇرمىقىغا ياكى ئالنۇس دەرىخى يوپۇرمىقىغا ۋە ياغاچ تاختىغا يېزىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى نوم خاتىرىلەنگەن نۇرغۇن ھۆججەتلەر بار ئىكەن. بۇ رەسىملىك بەتلەرنىڭ ھەممىسى ھىندى كىتابلىرىنىڭ پاسونىدا كېسىلگەن.

بىز بۇ يەردىن يەنە مۇكەممەل ساقلانغان قىممەتلىك بىر كىتابنى تاپتۇق. ئۇنىڭ 60 بېتى ھىندى خەت شەكلىدە يېزىلغان سانسكرىتچە ياكى توخارچە نوم ئىكەن.

بىر تەرەپتىكى تامدىكى رەسىمدە ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيگەن ھۆر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مەنزىرە قەدىمكى ئەسىردىكى «ئۆلۈم ئۇسسۇلى» نى ئەسلىتەتتى.

# تام رەسىملىرىنى كېسىش

بىز بۇ يەرگە كېلىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بىر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچ يېرىمدا بارتۇس ئىككىمىز كارىۋاتتا يېتىپ تاماكا چېكىۋاتاتتۇق، گرۇنۋېدېل ياندىكى ئۆيدىن ئالدىراش كىرىپ كەلدى، ئۇ قولىغا چوتكا ۋە ئورۇندۇق ئېلىۋالغانىدى. ئۇ بىزدىن ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنى تاشكېمىرگە ئەكىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بارتۇس ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئەپەندى، ئەپەندى، ئۇ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن، تېزرەك ئىشلەيلى» دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ بىز تۇركىستاندىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمىزنى باشلىدۇق. بۇ مەزگىلدە بىز مول نەتىجىگە ئېرىشتۇق، ئۈچ ۋاخ تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمىگەن بولساقمۇ، ھەر كۈندىكى نەتىجىگە ئېرىشكەندىكى خۇشاللىقتىن تۇرمۇشتىكى قولايسىزلىقلارنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتۇق، گرۇنۋېدېلمۇ خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. ھەر كۈنى كەچتە كۆپچىلىكنىڭ گۈلخان ئەتراپىغا جەم بولغاندىكى كۆڭۈللۈك ۋاقىتلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

ياۋروپادىن ئېلىپ كەلگەن تاماكىمىز بۇرۇنلا تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، يېقىندىكى بايدىن يەرلىك تاماكا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. باينىڭ تاماكىسى سېرىق رەڭلىك بولۇپ، تەمسىزىدى، ئەگەر ئۇنىڭغا سېرىق توپا ۋە تېرىق غوللىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمىسە ھەر ھالدا يامان ئەمەس مال ھېسابلىناتتى. گۈلخاننى چۆرىدەپ تاماكا چېكىش خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، ئۈچ شىللىڭغا 25 قاداق تاماكا سېتىۋالدۇق، لېكىن تازىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاران 20 قاداق قالدى.

بارتۇس تامدىكى تام رەسىملىرىنى كېسىش مەسئۇلىيىتىنى

ئۇستىگە ئالدى. تام رەسىم ئىنتايىن نېپىز بىر قەۋەت بولغاچ-قا، تام رەسىملىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ئىككى ۋە تۆمۈر كورەك بىلەن يۇمشاق تاش قاتلىمىنى چوقۇپ ئالدىن ئۇنى كېسىۋالاتتۇق. بۇ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت بولغاچقا، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ھېركۇ-لېس (Hercules)[8] تەك كۈچى بار بارتۇسمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى.

ئەمما، نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. بىر رەسىم ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق ئىدى، بۇ رەسىمنى «16 شەمشەر قىستۇر-غان چەۋەنداز تاشكېمىرى» نىڭ ئاستىدىكى «تورۇسىدا رەسىم بولغان ئىبادەتخانا» دىن بايقىغانىدۇق، ئاق يەكتەكلىك ئەرەبلەر بىلەن ھىندى ئايال سازەندە سىزىلغانىدى.

تام رەسىملىرىنى كېسىش جەريانى تۆۋەندىكىچە:

تام رەسىملەر بىر قەۋەت ئالاھىدە سۇۋاققا سىزىلغان. سۇۋاق لايغا گەندە، قورۇق ئوت ۋە ئۆسۈملۈك تالاسى ئارىلاشتۇ-رۇلۇپ تەييارلانغان، سۇۋاقنىڭ ئۇستىگە يەنە بىر قەۋەت نېپىز لاي سۇۋالغان.

ئىشنى باشلىغاندا ئىككى چوقۇم ئىنتايىن ئىتتىك بولۇ-شى، ھەر قېتىمدا سۇۋاق قاتلىمىنى كېسىۋېتىش، ئالدىن رە-سىمنى ساندۇققا قاچىلىغۇدەك قىلىپ كېسىش كېرەك ئىدى. رەسىملەرنى كېسىۋالغاندىن كېيىن ئەڭ چوڭىنى پرېتسېپقا سا-لاتتۇق، ئۇنىڭدىن كىچىكلىرىنى تۆگىگە ئارتاتتۇق، ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكلىرىنى ئاتقا ئارتاتتۇق.

گىرۋەكنى كەسكەندە رەسىم يۈزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

رەسىمنى ئېلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئۆتكۈر ئۇتىغۇچ ئارقىلىق تام رەسىمنىڭ يېنىدىكى تامدىن چوڭ تۆشۈك ئې-چىپ، كېيىنكى كېسىش خىزمىتى ئۈچۈن يول ھازىرلايتۇق. بەزىدە ئىككى بىلەن كورەكنى تەكلا ئىشلىتىشكە توغرا كېلەت-تى. بەختىمىزگە يارىشا تاش قاتلىمى بەك قاتتىق ئەمەس ئىدى.

ئەگەر سۇۋاق بوش بولمىسا، بىز ئادەم تەكلىپ قىلىپ، كىگىز بىلەن ئورالغان ياغاچ تاختىنى تام رەسىمگە مەھكەم چاپلايتتۇق.

تام رەسىمنى كېسىۋالغاندىن كېيىن، تامغا مەھكەم چاپ-لانغان ياغاچ تاختىنى كېسىۋېلىنغان تام رەسىم بىلەن بىللە تامدىن ئاجرىتىۋالاتتۇق. بىز ياغاچ تاختىنىڭ ئۈچىنى ئاستا-ئاستا ئارقىغا قىستايتۇق، ياغاچ تاختىنىڭ ئاستىنى تامنىڭ تۈۋىگە تىكلەپ قويااتتۇق، ئاندىن ياغاچ تاختا بىلەن تىك يۈز ئارىسىدىكى بۇلۇڭنى تاكى ياغاچ تاختا يەر يۈزىگە تەكشى قورۇل-غانغا قەدەر چوڭايتاتتۇق. تام رەسىم مانا مۇشۇنداق ياغاچ تاختا بىلەن بىللە كېسىۋېلىناتتى.

بۇ خىزمەتكە كۆپ كۈچ كېتەتتى، يەنە يۇكسەك ماھارەت ۋە چىۋەرلىكنى تەلەپ قىلاتتى. ساندۇقا قاچىلاشمۇ ئاسان ئە-مەس ئىدى.

ئالدى بىلەن بىز تام رەسىمى بىلەن تەڭ چوڭلۇقتا ياغاچ تاختا تەييارلاپ، تۆت گىرۋىكىدىن 3 دىيۇيمدىن 4 دىيۇيمغىچە بوشلۇق قالدۇراتتۇق.

ئاندىن ياغاچ تاختىنىڭ ئۈستىگە تىك كېسىشكەن قومۇشنى ياتقۇزاتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز ۋە ئالاھىدە تاللىغان پاختا يېيىتىپ، كېسىۋېلىنغان تام رەسىملىرىنى رەسىم يۈزىنى ئاس-تىغا قىلىپ قويااتتۇق.

كېيىن يەنە بىر قەۋەت پاختا ياتقۇزاتتۇق، ئاندىن ئىككىنچى بىر تام رەسىمنى يەنىلا رەسىم يۈزىنى ئاستىغا قىلىپ قوياتتۇق، مانا مۇشۇنداق قىلىپ قەۋەتمۇ قەۋەت قاچىلايتتۇق. تام رەسىملىرىنى مانا مۇشۇنداق قەۋەتمۇ قەۋەت قاچىلايتتۇق، ئەمما ئەڭ كۆپ بولغاندا ئالتە قەۋەت قاچىلىغىلى بولاتتى، ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇپ كەتسە ئاسان پارچىلىنىپ كېتەتتى. بىر قەۋەت تام رەسىمنىڭ ئۈستىگە پاختا، كىگىز، ئىككى قەۋەت تىك كېسىشكەن بامبۇك قوياتتۇق، ئاندىن چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش قىسقۇچ تاختا تاپاتتۇق، قىسقۇچ تاختىنىڭ تاشقى گىرۋىكى بىلەن تام رەسىملىرىنىڭ گىرۋىكىدىكى بوشلۇقنى زىغىر بىلەن توشقۇزۇپ، ئارغامچا بىلەن پۇختا باغلايتتۇق.

تام رەسىملىرىنى قاچىلايدىغان ساندۇق چوقۇم تام رەسىملىرىنى قاچىلاپ يەنە 3 ـــ 4 دىيۈيم بوشلۇق قالغۇدەك چوڭلۇقتا بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ بوشلۇقنىمۇ چوقۇم قېلىن بىر قەۋەت زىغىر بىلەن تولدۇراتتۇق (باشقا ماتېرىياللار سۈركىلىشكە چىدامىلىق ئەمەس)، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تاڭغىلى بولاتتى ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساندۇققا قاچىلىيالايتتۇق. ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقلارنى چوقۇم زىغىر بىلەن تولدۇرۇپ، ئاندىن قاپقىقىنى يېپىپ مىخلىۋېتەتتۇق.

مۇشۇنداق پۇختا قاچىلىغاندىلا، قەدىمكى يادىكارلىقلار يولدا زىيانغا ئۇچرىمايتتى.

بىزنىڭ ئىش تەقسىماتىمىز مۇنداق ئىدى:

مەن سەپەرنى بەلگىلەيتتىم، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتىم، خارابىلىكلەرنى ئىزدەيتتىم ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا

مەسئۇل ئىدىم.

ھەر قېتىم بىر خارابىلىكنى بايقىغاندا، بارتۇس بىلەن ئىككىمىز ئالدى بىلەن توپا - شېغىللارنى تازىلاشقا ھەم ھۆججەت ۋە ئاسارىئەتىقىلەرنى تېپىشقا مەسئۇل بولاتتۇق. بوت بەزىدە بىزگە ياردەملىشەتتى، بەزىدە پۈتۈن زېھنى بىلەن سۈرەت تارتاتتى، ھۆججەتلەرنى ۋاراقلاپ سۈرەتكە تارتاتتى.

تاشكېمىرلەرنى يۇلغۇن سۇپۇرگە بىلەن تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، گرۈنۋېدېلنى كىرىشكە تەكلىپ قىلاتتۇق. ئۇ تام رەسىملىرىنىڭ ئىزىنى چۈشۈرۈشكە، خاتىرە يېزىشقا مەسئۇل ئىدى. كېيىن ئۇ مۇشۇ خاتىرىسىنى ئاساس قىلىپ، «قەدىمكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى» (Altbuddhistische Kultstätten) دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

## تاشكېمىردىكى كۈتۈلمىگەن ۋەقە

گرۈنۋېدېل جۇڭگولۇقلار ياكى تۈركلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياقتۇرمايتتى، ئۇ بۇ مىللەتلەردىن يىرگىنەتتى، شۇڭلاشقا ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشالمايتتى، چۈنكى ئۇ تۈركچە ياكى خەنزۇچىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى.

مول نەتىجىگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى قېزىش داۋامىدا بەختكە قارشى بىر قېتىملىق كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەردى. بىر قېتىم بىز تاشكېمىردىكى قۇم - شېغىللارنى تازىلاۋاتقاندا، قۇم - شېغىللار قار كۆچكەندەك گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، بىزنىڭ بىر ياللانما خادىمىمىزنى بېسىۋېلىپ ئېغىر يارىلاندۇردى. كېيىن بىز بۇ قېتىملىق كۈتۈلمىگەن ۋەقە ئۇ-

چۈن ئۈچ فوندستېرلىڭ تولەم ھەققى تۆلىدۇق. يەرلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈچ فوندستېرلىڭ خېلى كۆپ پۇل ھېسابلىناتتى، شۇڭا مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلغىنىمىزدىن ياللانغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادالەتتە چېكىگە يەتكەن چىڭ سوئالىسىنىڭ ئەمەلدارىمۇ رازى بولۇشتى. بۇ يەردە بىر ئائىلىنىڭ بىر ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىگە 1 ــ 2 شىللىڭ بولسىلا يېتەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا بىز بىر قېتىم گۆر ئاغزىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشتەك سەزگۈرەشتىنى باشتىن كەچۈردۇق. 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، بىز ھەرقايسىمىزنىڭ تاشكېمىرلىرىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندا، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلىدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام نۇرغۇن تاش مەن ئىشلەۋاتقان تاشكېمىرنىڭ ئىشىكىدىن دومىلاپ چۈشۈۋېتىپتۇ.

بارتۇس پېشقەدەم ماتروس بولغانلىقتىن ئىنتايىن چاققان ئىدى، ئەڭ ئېگىز يەرلەرگىمۇ چىقالايتتى، شۇڭا مېنىڭ ئۈستۈمدىكى تاشكېمىردە ئىشلەۋاتاتتى. مەن بارتۇسنىمۇ تاشلار بىلەن چۈشۈپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەتتىم. بۇ ئىش كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا يۈز بەردى. مەن بارتۇس ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسىنىڭ قىيا تاشنىڭ ئۈستىدىن ئۈچقاندەك چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، بىر توپ تۇركىنىڭ ئاللا توۋا كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئەگىشىپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەنمۇ بىرلا ئىرغىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ قاچتىم. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا بىز تاغنىڭ تۈۋىدىكى تۈزلەڭلىككە كېلىۋالدۇق. غايەت زور تاشلار بىزنىڭ يېنىمىزدىن شىددەت بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، ھېچقايسىمىز يارىلانمىغانىدۇق.

مەن دەريا يۈزىگە قارىدىم، شاۋقۇنلۇق دەريا سۈيى تۆمەن

مىڭ ئات چاپقاندەك قىرغاقتا جىددىي ئۇرۇلاتتى. ئىقىنغا قارشى ئاققان بىر قەۋەت قوم پەردىسى بىر توغرا ئىچىزدا تىك كۆتۈرۈ-لەتتى، ئۇنىڭ ھالىتى غايەت زور تۇۋرۇككە ئوخشاش بولۇپ، يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئاسمان - زېمىن تەۋرەپ، ئۇشتۇمتۇتلا چاقماق چاققاندەك قاتتىق ئاۋاز ياڭرىدى، ئەكس سادا قىيالار ئارىسىدا ئۇزاققىچە ياڭرىدى. بىز شۇ چاغدىلا يەر تەۋرىگەنلىكى-نى بىلدۇق ھەم قالدۇق يەر تەۋرەش دولقۇنىنىڭ قىرغاقتا سۇرۇلگەنلىكىنى كۆردۇق. ئارقىدىن بىر قانچە سېكۇنتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئىچىزدا يەنە رەت - رەت قوم پەردىلىرى كۆتۈرۈلۈپ، دەريا ئېقىنىنى بويلاپ، ئۇدۇل ئېقىپ كەتتى. بەختكە يارىشا يەر تەۋرەشتە زىيان ئانچە چوڭ بولمىدى، بوت ۋە ئۇنىڭ گورۇپپىسىدىكىلەرمۇ ساق - سالامەت ئىدى. ئەمدىكى مەسىلە گرۇنۋېدىلىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ئىدى. بىز ئۇنىڭ «16 شەمشەر قىستۇرۇۋالغان چەۋەنداز تاشكېمىر» دە تام رەسىملى-رىنىڭ ئىزىنى چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتۇق. خەۋپ - خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز بۇ تاشكېمىرگە قاراپ يۈگۈر-دۇق، بىز قىيا ئۈستىگە چىقىپ گرۇنۋېدىلىنىڭ تاشكېمىرنىڭ بىر بۇرجىكىدە ساق - سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتۇق. ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇش ئۇسۇلىنى ئويلاپ باقساق ئەمە-لىيەتتە ھەقىقەتەن بىخەتەر ئىكەن، چۈنكى تاشلار دومىلاپ چۈش-كەندە بىز ھېچنېمىگە قارىماي قېچىپ، ئۆزىمىزنى خەتەر ئىچىد-دە قالدۇرۇپتۇق. ئۇ بىر بۇلۇڭغا توگولۇۋېلىپ بىخەتەر تۇرۇپ-تۇ. ئەلۋەتتە تاشكېمىرمۇ گومۇرۇلۇپ چۈشۈشى مۇمكىن، كې-يىن بۇ تاشكېمىر راستلا گومۇرۇلۇپ چۈشتى، بەختكە يارىشا ئۇ ۋاقىتتا تاشكېمىردە ئادەم يوق ئىدى. بۇ «16 شەمشەر

www.uyghurkitap.com

قىستۇرۇۋالغان چەۋەنداز تاشكېمىرى» تاشكېمىر توپىنىڭ ئەڭ غەربتىكى تاشكېمىرى ئىدى. بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لەخمە تېمىغا ئادەم چوڭلۇقىدا تېۋىنغۇچىلار ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇلار شەرقىي ساسانىي پادىشاھلىقىنىڭ تونىنى كىيگەن چەۋەندازلار ئىدى. تونىنىڭ ماتېرىيالى قارىماققا تاۋار - دۇردۇن بولۇپ، ئۈستىگە نەپىس شەكىللەر كەشتىلەنگەنىدى.

بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئارقىسىدىكى لەخمىدە قىيا تاشتىن قېزىلغان تەگلىك بار بولۇپ، ئۈستىدە ئەسلىدە نىرۋانادا ئولتۇرغان بۇددا ھەيكىلى بار ئىكەندۇق، ئەمما ھازىر بۇددا ھەيكىلى يوقىلىپ كېتىپتۇ، تەپسىلىي ئاختۇرغان بولساقمۇ باشقا ھېچقانداق بايلىق تاپالمىدۇق.

ئەمما، بىز ياندىكى تاشكېمىردىن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئارخات باش رەسىمىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ رەسىم ئۇسلۇبى كېيىنكى دەۋرلەردىكى كلاسسىك سەنئەت ھېركۇلېسنىڭ رەسىم ئۇسلۇبىغا ئوخشايتتى. بىز يېقىن ئەتراپتىكى يەنە بىر تاشكېمىردىكى تام رەسىملىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتتۇق. ئۇ بۇددانىڭ چوڭ شاگىرتى كاشيەپەنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھەيكىلى بولۇپ، بۇددانىڭ پۇتىنى سۆيۈۋاتقانىدى. بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن، ساكيامۇنىنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئوتۇن دۆۋىلەنگەندىن كېيىن، ئوت تۇتاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغان، كاشيەپە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بۇدداغا باش ئۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئوت تۇتاشتۇرغىلى بولغان. بۇ تاشكېمىردە يەنە بۇ رىۋايەت بايان قىلىنغان بىر پۈتۈن تام رەسىمى بار ئىدى. تام رەسىمىنىڭ ئېگىزلىكى 13 دېيۈيم، كەڭلىكى 6 دېيۈيم كېلەتتى، كېيىن بۇ رەسىمنى قىلچە زەخمەت يەتكۈزمەي بىر-

لىنغا ئېلىپ كەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بۇ بۆلەك مەشھۇر بۇددا نومى يەنە كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.
بىز تاشكېمىر ئىچىدە ئىشلەش داۋامىدا دائىم خەتەرگە ئۇچرايتتۇق. بىز خىزمەت قىلغاچ تاشكېمىرلەرنىڭ شىپىغا قارايتتۇق، چۈنكى تاشكېمىرلەرنىڭ شىپلىرىدا يېرىق بار بو-لۇپ، ئازراق تەۋرىنىش بولسىلا، ئۈستىدىن تاش چۈشەتتى، ھېلىمۇ ياخشى بىز بالا - قازاغا ئۇچرىمىدۇق. بۇ يەردىكى تام رەسىملىرى ئىچىدىن بىز ئىنتايىن بۇرۇنقى دەۋردىكى سۇرىيە ياكى سوغدى رەسىم ئۇسلۇبىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىدۇق. بۇ رەسىملەردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيلا قالدىم. ئەمما، ئاساسىي سا-رايىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان تاشتىكى ئوڭدىن سولغا سوزۇلغان، نەپىس زىننەتلەنگەن بەلۋاغنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيتتى. نەپىس زىننەتلەنگەن بۇ بەلۋاغدىكى دۈگىلەك قاپارتما نەقىش ئۈستىگە ساسانىي پادشاھلىقىنىڭ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇر-غان ئىككى ياۋا غازى ئويۇلغان، ھەربىر غاز مەرۋايىت زەنجىر چىشلەپ تۇراتتى. بىز نەپىس زىننەتلەنگەن بۇ بەلۋاغنىڭ چوڭ بىر بۆلىكىنى كېسىۋالدۇق.
مەن «ئاسما تاشكېمىر» دە خېيىم - خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغانىدىم. شۇ ۋاقىتتا مەن تاشكېمىردىكى قۇم - شېغىللارنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن ياغاچ ئويما پارچىلىرىنى بايقى-دىم، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىشكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامغا يۆلىنىپ كۆرۈشكە باشلىدىم، تۇيۇقسىز تامنىڭ تۈۋىدىكى تام يۈزى بوشاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن قاتتىق چۆچۈپ كې-تىپ، كەينىمگە بىر قانچە قەدەم داجىدىم، دەل شۇ چاغدا چوڭ بىر تاش تاشكېمىرنىڭ شىپىدىن جىمجىتلا ئوڭ پۇتۇمنىڭ ئالدى-غا چۈشتى، مەن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ بۇ تاشكېمىردىن دەر-ھال قېچىپ چىقىپ كەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاشقۇرغان تېشكىمىر توپىنى زىيارەت قىلىش

«توز تاشكىمىرى» نىڭ يېنىدىكى چوڭ بىر تاشكىمىرنى بىز «ھەيكەل تاشكىمىرى» دەپ ئاتىدۇق، چۈنكى بۇ تاشكىمىر-نىڭ تېمىدا بىر رەت گاندارا ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەل بار ئىدى. ھەيكەلنىڭ ئاستىنقى يېرىمىلا قالغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ قول ھۈنەرىنىڭ ناھايىتى نەپىسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لەخمىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئىككى تەگلىك بار بولۇپ، تەگلىكنىڭ ئۈستىدە ئەسلىدە ئەر - ئايال ئىككى ئىلاھ ھەيكىلى بار ئىكەنىدۇق، ئەمما ئىككى تەگلىك بۇزۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، پولدىكى تۆشۈكتىن بۇددا ھەيكىلى-نىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەسلىدە ئىككى ئىلاھ ھەيكىلى بارلىقىنى پەرەز قىلدۇق.

ھازىر ئايال ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ قالدۇقلىرىلا قاپتۇ. ئەر ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ بېشى بولمىسىمۇ، لېكىن گەۋدىسى مۇكەم-مەل ساقلىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوقىلىپ كەتكەن بېشى-نىمۇ كېيىن تاش دۆۋىسى ئىچىدىن تاپتۇق. تەگلىك ئۈستىدىكى ھەيكەل يېرىم ھەيكەل بولۇپ، بەلگىچىلا ياسالغان، بەلنىڭ ئاستى تەدرىجىي كىچىكلىتىلىپ يۇمىلاق تاش تۈۋرۈككە ئايلان-دۇرۇلغانىدى.

ئەر ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ گەۋدىسىدە رەسىمدە ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولغان ساۋۇت ستېرېئولۇق گەۋدىلىنەتتى. ساۋۇتنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا غايەت زور بويۇنتۇرۇق بار ئىدى. ساۋۇت قۇلۇپلۇق بولۇپ، قاسىراقلىق تەڭگىچىلەر ئۈستىگە قارىغانىدى. ياۋروپادا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ساۋۇتلاردا قاسى-راقلارنىڭ يۇمىلاق تەرىپى تۆۋەنگە قارايتتى، قاسىرىقى ئۈستىگە

قارىغان ساۋۇت گاندارا ھەيكەللىرى ۋە ياۋروپا ئېترۇسكان (Etruscan)[9] ھەيكەللىرىدە ئۇچرايتتى. ساۋۇتنىڭ ئاستىنقى قىسمى ئالتە بۇرجەكلىك قاسىراق بىلەن قاپلانغانىدى. جۇڭگونىڭ ساۋۇت تارىخى تەتقىقاتىدا بۇ ساۋۇت ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر ئىلاھ بالىلارنىڭ ھامىي ئىلاھى پانسكا (Pāñcika) ئىلاھ، ئايال ئىلاھ ھارىتى (Hāritī) ئىلاھ بولۇشى مۇمكىن. ئايال ئىلاھنىڭ باش رەسمى كېيىنكى دەۋرلەردىكى كلاسسىك سەنئەت شەكلى بولۇپ، تەڭرى خانىش جۇنو (juno)[10] نىڭ ئوبرازىنى دوراپ ياسالغانىدى. بىز گىرۈنۋېدېلنى بۇ ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ گەۋدىسىنى كېسۋېلىپ ئېلىپ كېتىشكە قايىل قىلالمىغان بولساقمۇ، ئەمما بارتۇس بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە ساندۇققا قاچىلىدۇق.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن «ھەيكەل تاشكېمىرى» دىن يىراق بولمىغان بىر جايدىكى قىيپاش تومپىيىپ چىققان تىك يارنىڭ ئۈستىدە توپا دۆڭنىڭ بارلىقىنى، دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئېغىز بارلىقىنى بايقىدىم. مەن ياللىۋالغان خىزمەتچىم بىلەن تىك يارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بۇ توپا دۆڭنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان تاشكېمىر ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز توپا ـ تاشلارنى تازىلاشقا كىرىشتۇق. تازىلاش جەريانىدا بەزى چوڭ تاشلار بوشاپ، ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن تاشكېمىرنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

كېيىن بىز بىر ئىشىكتىن تاشكېمىرگە كىردۇق، تاشكېمىردە بىر قانچە ئۈستەل بار ئىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە چوقۇم نۇرغۇن كىچىك ياغاچ ئويمىلار بار بولۇپ، ھازىر بۇ ياغاچ ئويمىلار تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەنىدى، بەزىلىرى ئۈستەلنىڭ ئاستىدا، بەزىلىرى تامنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدە يەنە بىر ئۈستەل بار

ئىدى. كەينىدە ياغاچتىن ياسالغان چوڭ تاغ شەكلىدىكى نۇر ھالقىسى بار بولۇپ، نۇر ھالقىسىدا ئەسلىدە بار بولغان بۇددا ھەيكىلى ھازىر يوقىلىپ كېتىپتۇ.

بۇ ياغاچ ئويمىلارنىڭ ئۈستىدە، بىر قەۋەت نېپىز كۆل رەڭ توپا ھەم ئالتۇن پارچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى، شۇنداقلا كۆك، قىزىل، يېشىل رەڭلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىدى.

ئىشىكنىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى تامنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي سارايغا ئېچىلغان ئىشىك بار ئىدى، ئىشىكنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا لىملار قويۇلغانىدى. يەرگە بىر يارد قېلىنلىقتا بىر قەۋەت توپا قاتلىمى دۆۋىلەنگەنىدى، بۇ سېرىق توپا قاتلىمىدىن بىر ئەرنىڭ باش سۆڭىكىنى ھەم ئولتۇرغۇچ سۆڭىكىنى تاپتىم. تاشكېمىرنىڭ يېرىمىغىچە سېرىق توپا دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇ باش سۆڭەك تاشكېمىرگە پاناھلىنىشقا كىرىپ، بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى بولۇشى مۇمكىن. سۆڭەكنىڭ باشقا قىسىملىرىنى بۆرە ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بىز توپا دۆۋىسىنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تام رەسىملىرىنى كۆردۇق. تام رەسىملىرىنىڭ ئاساسلىق رەڭگى ئالتۇن نۇر چېچىپ تۇرغان قوڭۇر رەڭ ئىدى. تاشكېمىر شىپىنىڭ تۆت ئەتراپى تۈز بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئۈستىگە تومپىيىپ چىققان، شىپقا قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرغان توز رەسىمى سىزىلغان. بۇ توزلار سەپ تۈزۈپ شىپنىڭ چوققىسىغا قاراپ تەدرىجىي كىچىكلەپ كېتەتتى، ھەربىر سەپنىڭ ئۈچىدا بىر تىزىق مەرۋايىتنى تۇتتۇۋالغان پەرىشتىلەر بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىپ تۇراتتى، قۇيرۇقىنى يېيىپ تۇرغان توزلارنىڭ رەڭگى كۆك، يېشىل، ئالتۇن رەڭ ۋە قىزىل رەڭدە ئىدى.

ئەسلىدە مەن پۈتۈن شىپنى كېسىۋېلىپ، بېرلىنغا ئاپار-
غاندىن كېيىن قايتىدىن قۇراشتۇرماقچى بولغانىدىم، لېكىن
گرۇنۋېدېل قەتئىي ئۇنىمىدى. داۋاملىق چىلىك تۇرۇۋالسام، مۇ-
ناسىۋىتىمىزگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن، شىپ-
تىن ئىككى پارچە كېسىۋېلىپ، بېرلىنغا ئېلىپ كەتتىم.
ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ تام رەسىملىرى تاشكېمىرنىڭ
ئىچى نەمخۇش بولغانلىقى ئۈچۈن پارقىرىغانىكەن، بىر قانچە
كۈن قۇرغاق هاۋادا تۇرغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى پارقىراقلىق
يوقاپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى شىپنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى
تۆت تەرەپتىكى تامغا پېرسپېكتىۋلىق ئۇسۇل ئارقىلىق بىردىن
بالكون سىزىلغان، بالكونلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇر هالقىسى ۋە
ئېللىپس شەكىللىك نۇر چەمبىرىكى بىلەن زىننەتلەنگەن بۇددا
تۇراتتى. بالكونلارنىڭ ئاستىغا يۇنان نەقىشلىرىدىن تەركىب
تاپقان زىننەت بەلۋېغى سىزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا بۇددانىڭ
يارالمىش هېكايىلىرى سىزىلغان، هەربىر هېكايە ئايرىم بىر
پارچە هاسىل قىلغانىدى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە، بۇددانىڭ جادۇگەر ئايال تەرىپىدىن ئاز-
دۇرۇلغانلىقى سىزىلغان رەسىم كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاهىدە
تارتاتتى.
بۇ رەسىمدە، بۇددا ئېتىكاپتا رىيازەت چېكىپ ئولتۇرىدۇ،
چىن كۆڭلىدىن بەخت ـ ئامەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ، رىيازەت
چەككەنلىكتىن چىرايىدا قايغۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىبلىس
مارەپاپىيەس بۇددانىڭ پاكلىنىشىنى توسۇش ئۈمىدىدە ئۈچ قىزى-
نى ئەۋەتىدۇ. رەسىمدە جادۇگەر ئاياللار بۇددانىڭ سول تەرىپىدە
تۇرغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىكى قاش ـ قاپاقلىرىنى
سۈزۈپ، ئالتە قولىنى ئوينىتىپ پاكلانغان بۇدداغا قىستاپ

كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. بۇددا ئۇلارغا
غەزەپ بىلەن قارايدۇ، ئۈچ جادۇگەر ئايال بىردەمدىلا ئاق چاچ-
لىق موموايغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاق چاچلىق موموايغا ئايلىنىپ
قالغان جادۇگەر ئاياللار بۇددانىڭ سول تەرىپىگە سىزىلغان.

بەتبەشىرە چىرايلار بىزدىن بۇرۇن كەلگەنلەرنى بىئارام
قىلىپ قويغاچقا، ئۈچ جادۇگەر موماينىڭ يۈزى ھەم رىيازەت
چېكىۋاتقان بۇددانىڭ يۈز قىسمى جىجىۋېتىلگەنىدى.

بىز تام رەسىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى كېسىۋالدۇق، ھازىر
بۇ تاشكېمىر بىلەن بىز ئەسلىدىكى نىسبەت بويىچە قايتا قۇرغان
يۇمىلاق شىپ بېرلىن مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە
قويۇلدى.

بۇ يەردىن يەنە شەرققە ماڭغاندا بىر قانچە رەت مول مەزمۇن-
لۇق تاشكېمىرلەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «بايلىق تاشكېمە-
رى» نى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنى «بايلىق تاشكې-
مىرى» دەپ ئاتىشىمىزدىكى سەۋەب، ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
تۈركلەر تاشكېمىرنىڭ ئاستىدىن ئالتۇن سايمانلارنى تاپقانىكەن.
تاشكېمىردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبى ھىندى رەسىم ئۇس-
لۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنداق رەسىم
ئۇسلۇبىنىڭ تارىخىنى V ئەسىردىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولاتتى.
بۇ تاشكېمىر بىر دەريا ئېقىنى لاتقىلىرىنىڭ تىنىشىدىن شەكىل-
لەنگەن تۈزلەڭلىكنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقانىدى. ئىككى
ئېرىق شىمالدا قوشۇلۇپ بۇ دەرياغا قويۇلاتتى. بىر ئېرىقنىڭ
سۈيى غەربتىن ئېقىپ كېلەتتى، يەنە بىرىنىڭ سۈيى شىمالدىن
جەنۇبقا ئاقاتتى. جىلغىدا تاش كۆپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بول-
غاچقا، مېڭىشمۇ تەس ئىدى. ئىككى ئېرىقنىڭ ۋادىسى تار،
قاراڭغۇ بولۇپ، ئىككى تەرىپى تىك يار ئىدى.

بىز غەربتىكى جىلغىدىن ناھايىتى ياخشى بىر تاشكېمىرنى
بايقىدۇق. بۇ تاشكېمىرمۇ بۇ يەردىكى باشقا كۆپ قىسىم تاشكې-
مىرلەرگە ئوخشاش چىقىش تەس ئېگىز تاغقا قېزىلغانىدى. تاغ
تۈۋىدىن تاشكېمىرگە چىققىلى بولىدىغان تاش پەلەمپەي بار ئى-
دى. تاش پەلەمپەي پۇختا بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن خەتەرلىك
ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىز تاشكېمىرگە «تاش پەلەمپەي تاشكېمى-
رى» دەپ نام بەردۇق. بۇ جىرا ئىنتايىن تار ئىدى، تاشكېمىر-
لەر ئادەتتە چوقۇم ئېگىز جايغا قېزىلاتتى. چۈنكى، يامغۇر
ياغسىلا سۇ ناھايىتى تېز ئۆرلەيتتى ـ دە، جىراغا بىر دەمدىلا
بىر قەۋەت بىنا ئېگىزلىكىدە سۇ توشۇپ كېتەتتى. قوڭغۇر رەڭ
كەلكۈن دولقۇنلىرى ھەممىنى يالماپ يۇتاتتى.

بۇ تاشكېمىردىكى تام رەسىملىرى ھىندى رەسىم ئۇسلۇبى-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ نەپىس
تام رەسىملىرى گرۇنۋېدېلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقا تاشكې-
مىردىكى تام رەسىملىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى ھەم كىشىنى
جەلب قىلغۇدەك ئۆزگىچىلىكىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا بىز بۇ تام
رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتىشكە ئۇنى قايىل قىلالمىدۇق. گرۇن-
ۋېدېل ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە دەخلى
يېتىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ تام رە-
سىملىرىنى تۆتىنچى قېتىم يىراقتا يۇرۇش قىلغاندا ئېلىپ كەت-
مەكچى بولدۇم. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا تام رەسىملىرى زىيانغا
ئۇچرىغانىدى. بۇ تاشكېمىردىكى بۇددا ھەيكىلى دەل ئۇستۇنكى
تەرەپتە ئىدى. يۇمىلاق شىپىنىڭ ھىلال ئاي شەكىللىك تېمىغا
بۇددانىڭ جادۇگەر ئاياللارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراۋاتقانلىقى
سىزىلغان بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى.

بىز جىلغىنى بويلاپ ئالدىغا مېڭىپ، بىر قانچە تاشكېمىر-

نى بايقىدۇق، لېكىن بۇ يەردە مېڭىش ھەقىقەتەن بەك تەس ئىدى. جىلغىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تاش پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. بىز قەدىمىمىزنى ئاران ئالاتتۇق، ھاۋامۇ بەك ئىس-سىپ كەتكەچكە تونجۇقۇپ قالايلا دېدۇق. تاشكېمىرلەر لەخمە بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە لەخمە ۋە تاشكېمىر ئېغىزلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. مەن 1913 - يىلى بۇ يەردىكى تاشكېمىرلەرگە كىرىپ، رەسىملەرنى كەسكەن-دىم، ئەمما 1916 - يىلى بۇ تاشكېمىرلەر يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولۇپتۇ.

بۇ تاشكېمىرلەر ئىبادەتخانا بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بولغاچقا، بىز تەپسىلىي تەكشۈردۇق. لېكىن، بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، بىز ۋاقىتلىق ياللىۋالغان قىزىللىق دېھقانلار جىل-غىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە كېلىپلا ئالدىغا ماڭغىلى ئۇنىمىدى.

ئۇلار توختىماي ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى بىر جايغا يىغدىم. مەن ئالىچىپار كىيىنىپ، پولات قالپاقنى مەنسەپ قالپىقى قىلىپ، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ قىياپىتىدە ئۇلارنى نېمىشقا بۇيرۇققا بويسۇنمايسىلەر دەپ سوراق قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئالدى تەرەپتە بىر تاشكېمىر بولۇپ، كىچىك بولسىمۇ، ئەمما سېھرىي كۈچى بار ئىكەن. تاشكېمىردە تاش دۆۋىسى بار بولۇپ، ئۈستى ئۈچكە ياكى قوي مۈڭگۈزى بىلەن يېپىلغانىكەن، يېنىدا يەرگە سانجىپ قويۇلغان بىر قانچە موما ياغاچ بار بولۇپ، پۇرۇچ ۋە قوتاز قۇيرۇقى باغلاپ قويۇلغا-نىكەن. يەرلىك تۈركلەر ئۇنى «غوجام» (Khojam) دەپ ئاتايدى-كەن، بۇ «مېنىڭ ئادىراجام» دېگەن مەنىدە ئىكەن.

بۇ جاي بۇرۇنقى بۇددا دىنى تاشكېمىرلىرى ئىچىدە مۇھىم

ئىبادەتخانا بار جاي بولۇشى مۇمكىن، كېيىن مۇسۇلمانلار ۋا-
رىسلىق قىلىپ، بۇ يەرنى يەنىلا مۇقەددەس جاي قىلغان.

ئەترىتىمىزدىكى بىر كىشى ئەھۋالنى بىلمىگەنلىكتىن، مۇقەددەس جايغا خاتا كىرىپ قالغانىدى، مەن كۆڭلىكىمنىڭ بىر بۇرجىكىنى يىرتىپ موما ياغاچقا باغلاپ قويدۇم ھەم ئىككى قوي بېشىنى قويۇپ قويدۇم. ھامماللار «غوجام» يېنىدا ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە قويدىن بىرنى سويۇپ، مۇقەددەس جايغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ۋەقەسىنى ئاران بېسىق-تۇردۇم.

ئەمما، يەرلىك ھامماللار يەنىلا بۇ يەردە ئىشلەشكە ئۇنىمى-دى، ئۇلار «جىن بار!» (Ginn bar!) دېيىشەتتى.

بىر كۈنى بىز قىزىلدا باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتساق، مىراب كېلىپ يېقىن ئەتراپتا تېخى قېزىلمىغان، تەتقىق قىلىش قىممى-تى بار يەنە بىر تاشكېمىر توپىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى، مېنى كۆرۈپ بېقىشقا چاقىرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. دېگەن-دەك بىز «جىن بار تاشكېمىر» دەپ نام قويغان تاشكېمىر توپىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تار تاغ يولى بار بولۇپ، ئۇ يەردىن ئېگىز بىر چوققىغا چىققاندىن كېيىن، تاغ تىزمىسىنىڭ كەينى-دىكى بىر رەت پەس ئېدىرلىققا بارغىلى بولاتتى. مەن ئېدىرلىق-نىڭ يانتۇ يۈزىدە بىر قىسىم تاشكېمىرلەرنىڭ بارلىقىنى، بەزى-لەرنىڭ يېرىم كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، قارىغاندا بۇ يەرنىڭ قېزىش قىممىتى باردەك قىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، بارتۇس بىر توپ ھامماللىنى باشلاپ تاش-توپىلارنى تازىلاپ، كۆمۈلۈپ قالغىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان ئىك-كى ئورۇندىكى تاشكېمىرنى ئاچتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى

تاشكېمىر توپىدىكى ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈش قىممىتىگە ئىگىدەك قىلاتتى. بىز كۆمۈلۈپ قالغى-
نىغا ئۇزۇن بولغان تاشكېمىرنى ئېچىپ، تۆت تەرەپتىكى تامغا
بىر دىيۇيىم قېلىنلىقتا ئاپئاق زەمبۇرۇغ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى،
تاشكېمىرنىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. مەن جۇڭگو-
نىڭ ياۋروپالىقلار ئىچەلمەيدىغان ھارىقىدىن بىر بوتۇلكا ئېلىپ،
بۇلۇتنى نەمدەپ تامنى سۈرتتۇم. كەچ بولغاندا بەلكىم كۇندۈزى
ئىشلىگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، قىزىتمام ئۆرلەپ كەتتى،
بېشىم يېرىلىپ كەتكەندەك ئاغرىيتتى.
بۇ تاشكېمىردىكى تام رەسىملەر شۇنداق چىرايلىقكى، بىز
بۇنداق رەسىملەرنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ناھايىتى ئاز ئۇچراتقان-
دۇق. رەسىمنىڭ مەزمۇنى يەنىلا نوم ھېكايىلىرى ئىدى، ئۇس-
لۇبى يۇنانلاشقان دەۋرگە تەۋە ئىدى. لەخمىدە بىر تام رەسىمى
بار بولۇپ، بۇددانىڭ سارىراسىنىڭ بۆلۈپ تەقدىم قىلىنىشى
سىزىلغانىكەن. رەسىمدىكى چەۋەنداز ئۇچىسىغا ساسانىي پادى-
شاھلىقىنىڭ ساۋۇتىنى، بېشىغا تۆمۈردىن ياسالغان ئەنئەنىۋى
دوبۇلغا كىيىۋالغانىدى، دوبۇلغىسىنىڭ ئۇستىدە ھايۋان رەسى-
مى بار ئىدى. رەسىمنىڭ بۇرجىكىدە يەنە رەسسامنىڭ رەسىمى
بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي ساسانىي پادىشاھلىقىنىڭ
كىيىمىنى كىيگەن رەسسامنىڭ رەسىمى ھازىر سىزىلغاندەكلا
ئىدى.
بۇ تاشكېمىردىن باشقا، قايتىدىن يورۇقلۇققا چىققان ئىك-
كىنچى ئورۇندىكى تاشكېمىردىكى تام رەسىملىرى مۇكەممەل
ساقلىنىپلا قالماي، رەڭگىنىڭ كۆكلۈكىدىن كۆزنى قاماشتۇراتـ-
تى. بۇخىل داڭلىق كۆك رەڭنى سېللىنى (Benvenuto Cellini)[11]
دەۋرىدە، ئىتالىيە رەسساملىرى دائىم ئىشلىتەتتى، باھاسى بو-

ياق ئېغىرلىقىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىغان ئالتۇن-
نىڭ باھاسى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

بۇنىڭ ئىچىدىكى پادىشاھ ئاجاتاشاتىرۇ (King Ajataŝhatru) نىڭ سۇتتە يۇيۇنۇۋاتقان رەسىمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ رەسىمدە ئاجاتاسخاترۇ لىق سۇت توشقۇزۇلغان داستا ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا بۇددانىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئېيتىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغاچقا، ئۇنىڭ ۋەزىرى بۇددانىڭ ھاياتىدىكى تۆت چوڭ ئىش سىزىلغان لۆڭگىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويىدۇ. لۆڭگىنىڭ سول تۆۋەنكى بۇرجىكىگە بۇددانىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى، سول ئۇستۇنكى تەرىپىگە بۇددانىڭ ئىستىقامەت قىلىپ تۇرلۇك ئازدۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرغانلىقى، ئوڭ تۆۋەنكى بۇرجىكىگە بۇددانىڭ بېنارېس (Benares) تىكى بۇغىلىق باغدا ھېكمەت سۆزلىشى، ئوڭ ئۇستۇنكى تەرىپىگە نىرۋاناغا سەپەر قىلغانلىقى سىزىلغانىدى. پادىشاھ رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن بۇددانىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. رەسىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا سۇمېرۇ تېغىنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەنلىكى، كۈن بىلەن ئاينىڭ ئورنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى، نۇرىنىڭ قالمىغانلىقى ھەم باشقا ئاپەتلەر سىزىلغانىدى.

ئىككىنچى رەسىمدە بۇددانىڭ كۆيدۇرۇپ دەپنە قىلىنغانلىقى سىزىلغان. بۇ رەسىمدە بۇددا جەسەت ساندۇقىدا تۈز ياتىدۇ، جەسىتى مومىياغا ئوخشاش داكا بىلەن تېڭىلغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ بىر تەرىپىدىكى قاينام كېيىنكى دەۋرلەردىكى كلاسسىك سەنئەت ئۇسۇلى بىلەن زىننەتلەنگەن. رەسىمدىكى جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغزى ئاستا - ئاستا يېپىلىۋاتقان بولۇپ، قاپقاقنىڭ ئۈستىدە بىر ئەجدىھا بار ئىدى. رىۋايەتلەردىكى بۇ ئىلاھىي

هايۋاننىڭ بېشى قاپقاقنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولۇپ، گەۋدىسى قاپقاقنىڭ ئارقا تەرىپىگىچە سوزۇلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، V ئەسىردىن كارولىن پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ۋاقىتتا، نېمىس مىللىتىنىڭ جەسەت ساندۇقلىرىدا مۇشۇنىڭدەك ئەجدىھا رەسىملىرى بولغان. شۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىشىنىش كېرەككى، ئەجدىھا رەسىمى بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش (ئۆزۈمنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت تارىخى رەسىملەر توپلىمى» دېگەن قاملاشمىغان ئەسىرىمدە، نېمىس مىللىتىنىڭ جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى ئەجدىھا رەسىملىرىدىن خېلى كۆپىنى توپلىغانىدىم).

ئۈچىنچى رەسىمدە بۇددانىڭ سارىراسىنىڭ بۆلۈپ تەقدىم قىلىنىشى سىزىلغان. رەسىمدە ئاق كۆڭۈل براخمان (Brahman Drona، ئەپسۇس بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ) شەھەر قورۇقىنىڭ تېمىدا ئولتۇرۇپ، سارىرانى تەڭ تەقسىم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇددانىڭ سارىراسى قاچىلانغان كىچىك قۇتىلارنى كۆتۈرۈۋالغان نۇرغۇن ئەرۋاھ بار ئىدى. ئۇدۇل تەرىپىدە پىل ۋە ئاتقا مىنىۋالغان ھىندىستان شاھزادىلىرى بار ئىدى. ئۇلار شەھەرلىرىنىڭ ھامىيسى قىلىش ئۈچۈن سارىرا ئېلىشقا كەلگەن. بۇ شاھزادىلەر كەڭ يەلكىلىك ساۋۇت كىيگەن، شەرقىي ساسانىي پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى ئوقدان ئېسىۋالغان، ئۇلارنىڭ چۇلۋۇرى بىلەن ئاتنىڭ بېشىنىڭ بېزىلىشمۇ شەرقىي ساسانىي پادىشاھلىقى دەۋرىگە تەۋە ئىدى. ئاتنىڭ بېشىدا مېتال ھالقا بولۇپ، ھالقىغا پەي قىستۇرۇلغان. ئاتنىڭ يالىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۈچ جاي بار بولۇپ، بەزىلىرى ئۆرۈلگەن، بەزىلىرى ئۆزۈن ـ قىسقا قىلىپ ئارىلاشتۇرۇلغان. مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئۆرۈلگەن ئات يايى، ئوق-

دان ۋە ساۋۇت تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگودا كەڭ تارقالغان. ئوتتۇرىدا بۇ نەرسىلەرنى تارقاتقان پارسلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

كېيىن بىز يەنە بىر قانچە ئورۇندىكى ئېتىكاپخانا قىلىنغان تاشكېمىرلەرنى بايقىدۇق، تاشكېمىرلەردە چىرايلىق ياسالغان تاش ئورۇندۇق ۋە كاڭ بار ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تاشكېمىرنىڭ تېمىغا كىچىك دېرىزە ئېچىلغان بولۇپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىسىڭىز ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى، ئەگرى - توقاي ئېقىۋاتقان دەريا ئېقىنى ھەم سالقىن تاغ جىلغىسىنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى تاشكېمىرلەر سەنئەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، چۈنكى ئۇلار تام رەسىمى سىزىشنىڭ قاتلاممۇ قاتلام قەدەم باسقۇچلىرىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. بەزى تاملار ئاقارتىلغان، تەكشىلەنگەندى، بەزىلىرىگە رەسساملارنىڭ رەسىم سىزىشى ئۈچۈن كاتەكچىلەر سىزىلغان. بۇ كاتەكچىلەر بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۇلىنىپ كېلىپ، تەدرىجىي كىچىكلەپ تىك تۆت بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، ئوتتۇرىسى دىئاگونال بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. رەسسام رەسىم سىزغاندا ۋاسكوۋكانى كاتەكچىلەرنىڭ ئۈستىگە قويسىلا، رەسىمنى سىزالايتتى. بەزىدە ئارىلىق سىزىقلىرىنىڭ يېنىغا سانسكرىت ياكى تۇخار يېزىقىدا «بۇ يەرگە بۇددا سىزىلىدۇ، ئاۋۇ يەرگە ئارخات سىزىلىدۇ» دېگەندەك خەتلەر يېزىلىپ، رەسساملارغا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ئاگاھلاندۇرۇلغان.

ئىككىنچى گورۇپپا تاشكېمىر توپىدىكى بىر تاشكېمىرگە بىز «كېمىچى تاشكېمىرى» دەپ نام قويدۇق. «كېمىچى تاشكېمىرى» تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تاشكېمىر بولۇپ، ئۇزۇن

تەرىپىگە دېڭىزچىلارنىڭ كېمە ھەيدەۋاتقانلىقى سىزىلغان. گىرۇنۋېدېل ئىككى تەرەپتىكى تام رەسىملىرىنىڭ تېمىسىنى بېكىتتى. رەسىمنىڭ ئاستى تەرىپىدە نەقىش ۋە زىننەت بەلۋېغى بار ئىدى، ئوتتۇرىسىغا گۆدەك بالا ۋە چوڭ ئادەملەرنىڭ رەسىمى، يەنە كېيىنكى دەۋرلەردىكى كلاسسىك ئۇسلۇبتىكى ئىلاھ يۇپىتېر بىلەن مىسىر ئىلاھلىرى، بىكشۇ ھەيكىلى سىزىلغان، ئۇچىغا يەنە ئىسكىلىت سىزىلغانىدى.

«كېمىچى تاشكېمىرى» نىڭ يېنىدا يەنە بىر تاشكېمىر بار ئىدى، لېكىن كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، پەقەت بىر تاش تەگلىكلا قېپقالغانىدى. تەگلىكنىڭ ئۈستىدە يۇنانلاشقان دەۋر ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەل بار ئىدى. ئىچكى تەرەپتىكى تامنىڭ تۈۋىدە يەنە بىر تاش تەگلىك بار بولۇپ، بىز تاش تەگلىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىر تاش تۈۋرۈكنى تاپتۇق. تاش تۈۋرۈككە پىل پۇتى ئويۇلغان، پىل پۇتىنىڭ ئۈستىدە قۇلىقىنى لەپەڭلىتىۋاتقان پىل بېشى بار ئىدى، پىل بۇرنى پىل پۇتىنىڭ يېنىغا تۈگۈلگەنىدى. ئىككى كۆزىنىڭ كۆز ئۈۋىسىنىڭ گىرۋەكلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققان يېرى ئاياللارنىڭ كۆكسىگە ئوخشايتتى. بۇ رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە كېيىنكى كلاسسىك دەۋر ئۇسلۇبىدىكى كېنىزەكنىڭ باش رەسىمى بار ئىدى.

گىرۇنۋېدېل بۇ تاش تۈۋرۈك ئۇسۇلى پومپېي قەدىمكى شەھەرىنىڭ ھەيكەل تەگلىكى ئۇسۇلىدىن دورالغان بولۇشىغا، ئوخشاش بىر نەرسە ئارقىلىق ئىككى خىل تېمىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە، يىرتقۇچ ھايۋان ھەيكىلى بىر شارنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ياكى يىرتقۇچ ھايۋان پۇتىنىڭ يېنىدا قاناتلىق مەخلۇق بار، دېگەنگە ئىشىنەتتى. بەلكىم يەرلىكلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈۋرۈكنى كۆرۈپ، دوراپ ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئېرىق جىلغىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىڭ شەرقىدىن مەن يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يەنە بىر تاشكېمىرنى بايقىدىم. تاشكېمىرنىڭ تورۇسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، يان تاملىرىنىڭ 6 دىيۇيمىلا قالغان بولۇپ، قالغان قىسمى تاش دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە قالغانىدى. بۇ تاشكېمىرنىڭ جەلپ قىلارلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭدىكى تام رەسىملىرى پومپى قەدىمكى شەھىرىنىڭ تام رەسىملىرىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. ئادەملەرنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە تونى، كىيىم - كېچەكلىرى، ھەتتا رەڭگىمۇ يۇنان ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىدى. مەن بۇ رەسىملەرنى ئەسلىي پېتى ئېلىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلساممۇ، لېكىن گرۈنۋېدېل بۇ رەسىملەرنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمىدى. كېيىن ئۇ رەسىملەرنىڭ نۇسخىسىنى چۈشۈرۈۋاتقاندا، دىققەت قىلمىغانلىقتىن تامدىكى بوشاپ قالغان تام رەسىملىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتتى، بىز پەقەت توپا - تاشلار ئارىسىدىن بەزى قالدۇقلىرىنىلا قۇتقۇزۇۋالالىدۇق.

مەن يەنە توپا - تاشلار ئارىسىدىن ياغاچتىن ياسالغان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن گاندارا بۇددا ھەيكىلىنى تاپتىم.

بۇ تاشكېمىردىكى تام رەسىملىرى ئىچىدە قوتازنىڭ ھارۋا سۆرەۋاتقانلىقى سىزىلغان رەسىم بار بولغانلىقتىن، بىز بۇ تاشكېمىرنى «قوتاز ھارۋا سۆرەۋاتقان تاشكېمىر» دەپ ئاتىدۇق.

بۇ تاشكېمىرنىڭ شەرق تەرىپىدە يىل دەۋرى بىر قەدەر بۇرۇن، تەرتىپلىك ياسالغان تاشكېمىرلەر بار ئىدى. بۇ تاشكېمىرلەرنىڭ تورۇسى رەڭدار نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئىنتايىن كۆركەم ئىدى.

ئەرمىنىيە، ھىندىقۇش، پامىر ئېگىزلىكى، كەشمىر ۋە لاداقتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ھازىرمۇ مۇشۇنداق رەڭدار نەقىشلەنگەن تورۇسلار ئۇچرايدۇ. ئۇ لىملارنى تىك كېسىشتۇ-

www.uyghurkitap.com

روش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تەرىپى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى ئەڭ كىچىك بولۇپ، قەۋەتمۇ قەۋەت كىرىشتۈرۈلگەن. ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ بۇرجىكى ئاستىنىقى بىر قەۋىتىنىڭ گىرۋىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاپلانغان، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى تۈڭلۈك (impluvium)[12] ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇلاتتى ھەم كۈن نۇرى چۈشەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە كۆمۈر كۆيگەندە ھاسىل بولىدىغان ئىس - تۈتەك تۈڭلۈكتىن چىقىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قىزىل ۋە كىرىشتىكى ئېدىرلىقلاردا بىز پارس ئۇسلۇبىدىكى رەڭدار بېزەلگەن تاشكېمىرلەرنى بايقىدۇق. بۇ تاشكېمىرلەر جەنۇبقا قىيپاش بولغان ئويمانلىقتا بولۇپ، كەينى جەنۇبقا، ئالدى شىمالغا قارايتتى.

بۇنداق تۇرۇسلۇق ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدە، ھازىر ئافغانىستاننىڭ باميان بۇددا دىنىي خارابىلىقى ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن بۇنداق ياغاچ قۇرۇلما تاشكېمىرلەردە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق نەپىس قېزىلغان. كەشمىردىكى بۇنداق تاشكېمىر كلاسسىك سەنئەتنىڭ تەسىرىگە روشەن ئۇچرىغان بولۇپ، شۇنداق چىرايلىق تاش ئويمىلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى تاشكېمىرلەرنىڭ تۇرۇسلىرىدىكى كۆركەم رەسىملەر مىسىرنىڭ دۇئا - تىلاۋەتخانىلىرىدىن قېلىشمايتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى باشلىق بۇركۈتنىڭ رەسىمى كلاسسىك گاننىمودېس ئۇسلۇبىنىڭ بىر خىل ۋارىيانتى ئىدى.

تېخىمۇ شەرقتىكى بىر قەدەر يېقىنقى دەۋرگە مەنسۇپ تاشكېمىرلەردە تۇرۇس ياغاچ قۇرۇلمىلىق رەڭدار بېزەكلىك تۇرۇسنى دوراپ گرانىت تاشنىڭ ئۈستىدىن قېزىلغان بولماس-

تىن، رەڭلىك رەسىم شىپقا سىزىلغان. شۇڭا، جۇڭگونىڭ هازىرقى زامان تاشكېمىرلىرىدە رەڭدار بېزەك بىر خىل تەكشى بېزەككە ئايلانغان، ئەمما كورىيەدىكى نۇرغۇن بۇددا دىنى تاشكې-مىرلىرىدە يەنىلا تاشتىن قېزىلغان رەڭدار بېزەكلەر بار.

بىز تازا ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندا يەنە ئۈچىنچى ئورۇندا كىشىلەر بىلمەيدىغان تاشكېمىر توپىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئەمما، ئىككىنچى ئورۇندىن ئۈچىنچى بىر ئورۇندىكى تاشكېمىر توپىغا بېرىش ئۈچۈن تار، ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاغ يولىدا مې-ڭىشقا توغرا كېلەتتى. تاغ يولىنىڭ بويىدا چارەك مىل كېلىدى-غان تىك يار بار بولۇپ، ئويماندىكى ئېرىقتا ئۆركەشلەپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. باشقا ئورۇندىكى ئىشكىلەر بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، مۇشۇ يەردىكى ئىشكىلا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغاچقا، بۇ يەردىكى سەككىز تاشكېمىرمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئىدى.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تاشكېمىرنىڭ تېمىغا گىگانت ئادەم-نىڭ كىچىك بالىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتكەنلىكى سىزىلغان. بۇ بەلكىم خرىستىئان دىنى سانىت چىرىستوفخېر (St. Christopher) بىلەن خرىستوسنىڭ بالا ۋاقىتلىرىدىكى ھې-كايىلىرى دوراپ سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددانىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى سىزىلغان بىر قانچە پارچە تام رەسىمى كىشىنى جەلپ قىلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە رەسىمدە، ماتەم بىلدۈرگىلى كەلگەن كى-شىلەرنىڭ ھەممىسى يەرلىكنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلى-رىنى كىيگەن. بۇ كىشىلەر ئېسىلزادىلەر ئەۋلادلىرى ۋە ساھىب-جامالىلار بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ئۇسۇللار ئارقىلىق ئازابىنى ئىپادىلەيتتى. بەزىلىرى پىچاقنى پېشانىسىگە تىققان ياكى مەيدىسىنىڭ ئالدىدا ئوينىتاتتى. شەرقتە بۇ كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچرايدىغان بىر خىل ئازابنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىدى. ھازىر بۇ رەسىممۇ بىرلىن مىللەتشۇناسلىق مۇزىيىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ[13].

بىز مول نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، كورلا — قارا شەھەر بوستانلىقىغا بېرىشنى قارار قىلدۇق. بىز گرۇنۋېدېل بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن قەشقەرگە كېتىۋاتقاندا، بۇ يەردىكى مىڭئۆيىنى تەكشۈرگەنىدۇق، ھازىر بىز ئۇ جايغا قايتا بېرىپ، نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشىش ئۇمىدىدە بولدۇق.

## ئىزاھلار:

① كارولىن پادىشاھلىقى: IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىمپېراتور چارلېزمان قۇرغان ئىمپېرىيە بولۇپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى دەپ قارالغان. دائىرىسى بېرىتانىيىنىڭ سىرتىدىكى فرانسىيە، گېرمانىيە ئويمانلىق رايونى، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمى، بوخېمىيە قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پادىشاھلىقنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى يۇنان، رىمنىڭ كلاسسىك سەنئىتىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

② خولبېن: 1497 ـ يىلىدىن 1543 ـ يىلىغىچە ياشىغان، گېرمانىيىلىك رەسسام، 1536 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى خېنرىنىڭ ئوردا رەسسامى بولغان.

③ ۋان دىك: 1599 ـ يىلىدىن 1641 ـ يىلىغىچە ياشىغان، فارانادىيىلىك رەسسام، كېيىن ئەنگلىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ ئوردا رەسسامى بولغان.

④ گېئوفرېي: 1340 ـ يىلىدىن 1400 ـ يىلىغىچە ياشىغان، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك شائىرى. ئۇنىڭ «كانتېربورى ھېكايىلەر توپلىمى» (Canterbury Tales) دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنگلىيىنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئەھۋالى سۈرەتلەنگەن. جانلىقلار خۇددى تىرىكتەكلا بولۇپ، بەكمۇ تەسىرلىك ئىدى. بۇ ئەسەر ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دەۋر

بۆلگۈچ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

⑤ نىبۇلۇنگېن ناخشىسى: گېرمانىيىدىكى مىللەتلەر توغرىسىدىكى تارىخي داستان. قەدىمكى نېمىسلارنىڭ قەھرىمانلىقى تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، تەخمىنەن 1200 ـ يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان، ئاپتورى ئېنىق ئەمەس.

⑥ ئېسېنباخ: تەخمىنەن 1170 ـ يىلىدىن 1220 ـ يىلىغىچە ياشىغان گېرمانىيىلىك شائىر، ئۇنىڭ 25 مىڭ بەتلىك داستانى «پارزىۋال» (Parziral) ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ تەسىرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئەسەردە چەۋەنداز پارزىۋالنىڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ھېكايىسى بايان قىلىنغان.

⑦ ۋوگېلۋېد: تەخمىنەن 1170 ـ يىلىدىن 1230 ـ يىلىغىچە ياشىغان گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ لىرىك شائىرى. «فىكوس دەرىخى ئاستىدا» (Unter der Linden) دېگەن مەشھۇر ئەسىرى بار بولۇپ، ئەسەردە قىشلاقتىكى تۇرمۇش خۇشاللىقىغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

⑧ ھېركۇلېس: يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى كۈچى تەڭداشسىز قەھرىمان، ئۆلگەندىن كېيىن ئىلاھ دەپ ئاتالغان.

⑨ ئېترۇسكان سەنئىتى: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن II ئەسىرگىچە ھازىرقى ئىتالىيىنىڭ توسكانا رايونىدا گۈللەنگەن سەنئەت بولۇپ، ئىتالىيە، يۇنان ۋە شەرق ئامىللىرىنىڭ ئارىلاشمىسى.

⑩ جونو: يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى خانىش، ئىلاھ يوپىتېر (jupiter) نىڭ خوتۇنى.

⑪ سېللىنى: 1500 ـ يىلىدىن 1571 ـ يىلىغىچە ياشىغان، ئىتالىيىنىڭ فلورېنسىيىدىكى مەشھۇر ھەيكەلتاراش ۋە زەرگەر.

⑫ impluvium لاتىنچە يېزىق بولۇپ، رىم پاسونىدىكى ئۆيلەرنىڭ تۈڭلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

⑬ تەپسىلىي ماتېرىياللارنى «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت تارىخى رەسىملەر توپلىمى» دېگەن كىتابتىن كۆرۈڭ، دىئېترىچ رېيمېر نەشرىياتى، بېرلىن، 1925 ـ يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# كورلا _ قاراشەھەر بوستانلىقىدىكى خىزمەت ھەم قەشقەر سەپىرى



ئىمپىراتور ئالىكساندىرنىڭ ئەۋلادى خونزا خانى مىر سەفدار ئەلى

# شورچۇق تاشكېمىرلىرى

كورلا بىلەن قاراشەھەرنىڭ ئارىلىقىدا، قاراشەھەرنىڭ غەربىدە تەخمىنەن يېرىم كۇنلۇك يول يىراقلىقتا، ساراي بار كىچىك بىر كەنت بار ئىكەن. بۇ يەردە تاغ غەربىي شىمال تەرەپتە بولۇپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قاپتىلى بولغانلىقتىن تاقىر ئىكەن. سارايدىن ئىككى سائەت يول يۇرسىڭىز بىر قەدىمىي شەھەرگە بارىدىكەنسىز. ئۇ يەرنىڭ شەھەر سېپىلى ئوبدان ساقلانغانىكەن. بۇ قەدىمىي شەھەر تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىنى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئىككى پاراللېل تاغ ئايرىپ تۇرىدىكەن. تاغ ئارىسىدا چوڭ ـ كىچىك تاشكېمىرلەر بار ئىكەن. شەرقىي جەنۇب تەرەپتە نۇرغۇن پارىچە قۇببىلىك ئىمارەت بولۇپ، ستوپا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن.

بۇ قۇببىلىك ئىمارەتلەرنىڭ كىچىكرەكلىرى ناھايىتى قوپال سېلىنغانىكەن.

ئادەتتە چاسا شەكىللىك ئىمارەتنى قۇببىلىك قىلسا، قۇببىلىك ئىمارەتنىڭ تۆت بۇلۇڭىنى ياپالمايدۇ، بىراق ئارخىتېكتور كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىسە، ئىمارەتنىڭ تۆت بۇلۇڭىنى قۇلۇلە قېپى شەكلىدە ياپقىلى بولىدۇ.

ئەمما، بۇ يەردە ئارخىتېكتور سەل ـ پەل ھۇنەر ئىشلىتىپتۇ. ئۇلار ئىمارەتنىڭ يېپىلمىغان تۆت بۇلۇڭىغا قېلىن ئۇجمە دەرىخى ياكى سۇۋادان تېرەكنىڭ ياغىچىنى يېپىپ، ئۇستىگە

قىلىن بىر قەۋەت لاي ساپتۇ.

ئىككى قاتار پاراللېل تاغنىڭ شىمالىي چېتىدە ئويمان نەم يەر بار ئىكەن، بىر ئۆستەڭ شەھەر مەركىزىنى غەربىي شىمال تەرەپتىن كېسىپ ئۆتىدىكەن.

بىز تەكشۈرگەن باشقا قەدىمىي شەھەرلەرگە ئوخشاش، بۇ قەدىمىي شەھەرمۇ ئىبادەتخانا ۋە قەبرىستانلىق بولۇپ، شەھەردە دىن بىلەن ئالاقىسىز بىرمۇ ئىمارەت يوق ئىكەن.

بىز بۇ يەردە تومۇز ئىسسىق، پاشا - چىۋىننىڭ ئازابىغا چىداپ، باش چۆكۈرۈپ ناھايىتى جاپالىق ئىشلىدۇق. بۇ يەرنىڭ پاشىسى كەچقۇرۇن بەك ئەزۋەيلەپ كېتىدىكەن، ھېلىمۇ پاشالىق ئېلىۋالغانىكەنمىز، بولمىسا قان شورىغۇچ پاشىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتاركەنمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە ئات كۆكۈيۈنى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بارتۇسىنىڭ سۈر ئېتى سىرتقا چىقسىلا چېقىپ ئارام بەرمەيتتى، ئادەمنىمۇ ساق قويماي، تېنىنى يارا قىلىۋېتەتتى. مېنىڭ تورۇق ئېتىم تەگرى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئانچە كۆپ ئازاب چېكىپ كەتمىدى.

مەن ئات كۆكۈيۈنىنىڭ كۆزى يېشىل، تېنى چوڭ، سارغۇچ ۋە كۆزى يېشىل، تېنى ئۇزۇنچاق، كۈل رەڭ ئىككى خىلى بارلىقىغا دىققەت قىلدىم.

بىراق، بۇ يەردە تامىقىمىز ئوبدان بولدى. بۇ يەردە دەريا بويىدىكى پەس نەم تۇپراقنىڭ شورى ئاز بولۇپ، ئوت - چۆپلەرى ئەلۋەك چارۋىچىلىق مەيدانى ھاسىل قىلغان، قوي - ئۆچكە ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

قەدىمىي شەھەردىكى چوڭ بۇتخانىلارنىڭ كۆرگۈدەك يېرى يوق ئىكەن، بۇ قەدىمىي شەھەر ئەينى يىللاردا ئوتتا كۆيۈپ،

كۇللىرى ئاپتاپنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن ئۇيۇل تاشتەك قېتىپ
كەتكەنىكەن. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ ھەر تەرەپتە چېچىلىپ
ياتقان ھەيكەل پارچىلىرىنى بايقىدۇق، ئۇلارنىڭ شەكلى گاندارا-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى كلاسسىك شەكىل ئىكەن، ھەتتا
پارسچە قۇببىلىك ئىمارەتلەرنىڭ ئۇستىدىكى كىچىك، ئۇچلۇق
مۇنارلاردىمۇ ئادەمدىن چوڭراق بۇت بولۇپ، ئوخشاشلا ئاخىرقى
مەزگىلدىكى كلاسسىك ئۇسۇل قوللىنىلغانىكەن.
بۇ قەدىمي بۇتخانىلارنىڭ تام رەسىملىرى ساق قالماپتۇ،
بىراق يېقىن ئەتراپتىكى تاشكېمىرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى-
نى تاش - توپا كۆمۈۋالغانلىقىنى بايقاپ، قەدىمي شەھەردىن
ۋاز كېچىپ، تاشكېمىرلەرنى ئاختۇرۇشنى قارار قىلدۇق.
بىز بۇ تاشكېمىرلەردىن نۇرغۇن نوم قولىيازمىسى، رەسىم
ۋە ھەيكەل تاپتۇق. گرۇنۋېدېلمۇ قېزىش خىزمىتىگە رىياسەتچى-
لىك قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۇردى. ئۇ ئون ھامبال
تېپىپ كېلىپ، تەرەپ - تەرەپنى ئاختۇرۇپ، قېزىش قىممىتى
خېلى يۇقىرى بىر تاشكېمىرنى تاللىدى - دە، ئۇ يەرنى قېزىشقا
كىرىشتى. بىراق، ئۇ ھامباللار بىلەن ياخشى سۆزلىشەلمىگەن-
لىكتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەرنى قازغاندا چاڭ - توزان
كۆتۈرۈلۈپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالغانلىقتىن، ئىچى
پۇشۇپ بۇ يەر قېزىشقا ئەرزىمەيدىكەن، دەپ قاراپ، ئۇ يەردىن
ۋاز كەچتى. كېيىن ئۇ يەرنى بارتۇس ئۆتكۈزۈۋېلىپ، داۋاملىق
تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئۇ يەردىكى تاش - توپىلارنى ئېلىۋەت-
كەندىن كېيىن، دەسلەپكى ھىندى يېزىقىدا يېزىلغان بىباھا
قولىيازمىلارنى تاپتى.
ئەپسۇسكى، كېمىرگە كەپتەر ئۇۋۇلىغانىكەن، ئۇلار فوتى-

نىيە مېۋىسى بىلەن ئوزۇقلانغاچقا، مايىقى قىزغۇچ بولۇپ، نۇرغۇن قولىيازمىغا سىڭىپ كېتىپتۇ.

بىز بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن رەڭلىك ھەيكەل تاپتۇق. ئۇلارنىڭ رېڭى ناھايىتى ياخشى تۇرۇپتۇ، بۇ شەرق تاشكېمىرلىرىدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ، بۇ ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

بىر كۈنى ئەڭ شىمالىي چەتتىكى بىر تاشكېمىر (بىز بۇنى «شەھەر كېمىر» دەۋالدۇق، چۈنكى ئۇنىڭدىكى تام رەسىمگە بىر شەھەر سىزىلغانىكەن) نى ئاختۇرۇۋاتقاندا توساتتىن ھاۋا تۇتۇلۇپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى، بۇنداق يامغۇرغا مەن ئوتتۇرا ياۋروپا ياكى شىمالىي ياۋروپادىمۇ دۇچ كەلمىگەن.

مەن بۇ پەسىلدە يامغۇر ياغسا، پالاكەت باسىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا ئات مىنمەي پىيادە مېڭىشقا ئامراق گرۇنۋېدېلنىڭ لاگىرغا دەرھال كېتىشىنى دەۋەت قىلدىم، ئۇ تېزلا يۈرۈپ كەتتى.

يامغۇر بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى، بارتۇس بىلەن ئىككىمىز «شەھەر كېمىر» دىن تاپقان نوم قولىيازمىلىرىنى يامغۇرلۇق چاپان بىلەن ئوراپ تاڭغاندىن كېيىن، دەرھال يولغا چىقتۇق. بىز ياللىغان ئىشچىلار غاردا قېلىپ ئوت قالاپ، كىيىملىرىنى سېلىپ يېتىپ قېلىشتى. گرۇنۋېدېل يولغا چىقىپ 40 مىنۇتمۇ ئۆتمەي تاغ جىلغىسىدىن پاتقاق ئارىلاش كەلكۈن ئېقىپ چىقتى، ئۇ چاغدا بارتۇس بىلەن ئىككىمىز تاغ قاپتىلىدا ئاتلىق كېتىۋاتاتتۇق، بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم، كەلكۈن ھازىرچە ئۇلۇغ بولمىغان بىلەن بىردەمدىلا ئادەمنى چۆكۈرگۈدەك ئۇلغىيىپ كېتەتتى.

گرۇنۋېدېل تاغ يولىنى ناھايىتى تېز مېڭىپ، ئەڭ خەتەر-

لىك جايدىن ئەھۋال ياماندىشىپ كەتكۈچە ئامان - ئېسەن ئۆتتۇ. ۋاپتۇ. بىراق، ئۇ سارايغا بارغۇچە ئۇستىۋېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، سوغۇقتىن غال - غال تىترەپ كېتىپتۇ. قارا يامغۇر بۇ يەردە بىزگە چوڭ كۆشەندە بولدى. ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپ، كۆل ۋە پاتقاق ئارىلاش يامغۇر ھەممە ياقنى بۇلغايتتى، كارىۋد. تىمىز ئالدى بىلەن پاتقاقتا بۇلغىنىپ، كۆز بىلەن كۆرگۈسىز بولۇپ كېتەتتى.

بۇ قېتىمقى يامغۇر بەختكە قارشى ئىككى كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. كورلىدىن كەلگەن ئۈچ ھامال ئېشىكنى ھەي. دەپ تىك تاغ يولىدا كېتىۋاتقانىكەن، تاغنىڭ بېلىگە كەلگەندە يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، كېيىن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرسىلا ھامماللىرىمىز پاناھلىنىۋاتقان تاشكېمىرگە تىرىك بېرىپتۇ، ئۇ توڭلاپ، چارچاپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى ئېشىكى بىلەن بىللە سايغا غۇلاپ كېتىپتۇ. بىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، كىيىم - كېچەك، ئوزۇقلۇق ئېلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئادەم ئەۋەتتۇق، بىراق ئۇلارنىڭ جەسەتىنىلا تېپىپ كېلىشتى.

تاغلىق رايوندا يامغۇر ياغسا ھاۋا كىشى چۆچۈگىدەك سوۋۇپ كېتىدىكەن. بۇ يەر ئادەتتە تومۇز ئايلىرىدا ناھايىتى ئىس. سىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر ناھايىتى نېپىز كىيىنىشىدۇ، بىراق يامغۇر ياغسىلا ھاۋا تېز سوۋۇپ كەتكەچكە، نېپىز كىيىم سوغۇققا زادىلا دالدا بولالمايدىكەن.

بىز يامغۇر ياغقان كۈنى نوم قولىيازمىلىرىنى تاپقان «شە. ھەر كېمىر» تاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدا بولۇپ، تاش - توپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقتىن، ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدە كىچىك يوچۇقلا قالغانىدى، ئىشىك ئالدىغا تاغدەك تاش - توپا دۆۋىلەنگەن، ئۇنىڭ بىر تەرىپى سىرتقا سوزۇلغان، يەنە بىر تەرىپى كېمىر ئىچىگە سىرىلغەنىدى.

مەن 40 ھاممال تېپىپ كېلىپ، تاغدەك دۆۋىلەنگەن تاش - توپىنى تازىلاتتىم. كېمىر ئىچىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر يارد ئېگىزلىكتىكى توپا دۆۋىسى ئىچىدىن نۇرغۇن ھىندى يېزىقىدىكى قولىيازما تاپتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇخارچە قولىياز- مىلار ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە چوڭ زالنىڭ تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئەمما ھازىر پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بۇت پارچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ.

مەن نەق مەيداندىكى ئەھۋالغا قاراپ، بۇ قولىيازمىلار ئەس- لىدە بۇتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان، كېيىنچە بۇ يەرگە ئوغرى كىرگەن، ئۇلار بۇتنىڭ ئىچىدە ئادەتتە قىممەتلىك نەرسىلەر بولىدىغانلىقىنى ئۇققاچقا، بۇتنى چېقىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ياقۇتلارنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆزى ئۇچۇن قىلچە قىممىتى بولمى- غان قولىيازمىلارنى تاشلاپ كەتكەن، دەپ ھۆكۈم قىلدىم. ئۇ چاغدا كېمىرگە بىر يارد قېلىنلىقتا توپا دۆۋىلىنىپ كەتكەنى- كەن، مەن يەنە ئاختۇرغان بولساممۇ، ھېچنېمە تاپالمىدىم. توپا نەملىشىپ تاشتەك قېتىپ كەتكەنلىكتىن، ئاختۇرۇشتىن ۋاز كەچتىم، گرۈنۋېدېلمۇ تۇرپاندىن قايتىپ كېلىپ شورچۇقنى ئاختۇردى ھەم مەن تازىلاپ بولغان تام رەسىملەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى نابۇت قى- لىنىغانىدى.

جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي نۇقتىدىن قارىغاندا، قارا شە-

ھەر ۋە كورلا رايونى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىشتا ياكى ئېگىز تاغلار، خەتەرلىك توساق ـ ئۆتكەللەر (ئەڭ پەس ئۆتكەلمۇ بلان چوققىسىچىلىك ئېگىز) دىن ئۆتۈشكە ياكى خېيىم ـ خەتەرگە تولغان پايانسىز قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىراق، قارا شەھەردىن ئىلى دەرياسى جىلغىسىنى بويلاپ توسالغۇسىز ماڭغىلى بولاتتى. بۇ يەردە ئايىغى ئۈزۈلمەس ئېرىق سۇلىرى قوشۇلۇپ دەريا بولۇپ ئاقاتتى. بۇ يەرنىڭ سۈيى مول بولغانلىقتىن، ئوت ـ چۆپى بولۇق بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ياشىشىغا باب كېلەتتى. قالماقلارغا ئوخشاش قەبىلىلەر تالاس (Tal) دەرياسى ۋادىسىغا غەربىي شىمال تەرەپتىن كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار تۇرغۇت قەبىلىسى بولۇپ، قاراشەھەر ئەتراپىدا كىگىز ئۆي تىكىپ، جاپالىق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بىز بىر كۈنى يول ئۈستىدە بىر كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدۇق، ئۆي ئىگىسى بىزنى چاي، ھاراققا تەكلىپ قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆزى مەست بولۇپ كېتىپ، بىزنى رۇسىيىلىك دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، بىزگە يېقىنچىلىق قىلىپ تۈركچە: «سىزلەر بىزگە يېقىن (Sizlar bizga yaqin)» دېدى.

ھازىرقى كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللارغا ئوخشاش، ئەينى چاغدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ـ كېلىشتە بۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئەينى يىللاردا تۇخارلار (ياۋچىلار) جۇڭگودىن چىققاندا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا بارغان. قارا شەھەر بوستانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇ يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن غەربىي تۈركلەرمۇ

مۇشۇ يولدا ماڭغان. چۈنكى قارىشىمىزچە، تاشكېمىر تام رەسىملىرىدىكى تۈركچە كىيىنگەن ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى غەربىي تۈركلەردەك قىلىندۇ. قولىمىزدىكى يىلنامە بويىچە، بۇ بوستانلىقتىكى تاشكېمىرلەرنىڭ يىلى ئۇيغۇرلار دەۋرىدىن بۇرۇن. چۈنكى، بىلىشىمىزچە ئۇيغۇرلار 760 - يىلىدىن كېيىن تۇرپاننى بويسۇندۇرغان. ھۆكۈمىمىزچە، شورچوق تاشكېمىرى ۋە ئۇنىڭدىكى تام رەسىملەرنىڭ يىلى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

## قەشقەرگە قايتىش

بۇ چاغدا ستەيىننىڭ لوپنۇردىن شاجۇ ۋە تۇرپانغا بارماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى، شۇڭا گىرۇنۋېدېلنىڭ دەرھال تۇرپانغا بېرىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدىم، چۈنكى ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە، مۇرتۇقنىڭ يېنىدىكى بېزەكلىك تاشكېمىرلەرنىڭ بىرمۇنچىسىغا چېقىلماي، ئۇنىڭ قېزىشىغا قالدۇرۇپ قويغاندىم. بۇ چاغدا مەن تولغاق بولۇپ قېلىپ، كېسەلىم ئېغىرلاپ كەتكەنلىكتىن، گىرۇنۋېدېل، بارتۇس ۋە مىراپ بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزۈم يالغۇز قەشقەرگە بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم.

يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىدىكى ھەمراھلىرىم بىلەن خوشلىشىشتىن ئىلگىرى ئاسارەتىقە، قەدىمىي يادىكارلىقلارنى بىر قانچە ساندۇققا قاچىلاپ، ھارۋىلىق ماڭغۇزۇۋەتتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈم تاپقان نوم قولىيازمىلىرى، گىرۇنۋېدېل ساقلاپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغان تېز سىزما ۋە ۋاسكوۋكىلار بار ئىدى. ئارقىدىن ئاتلىق يولغا چىقىپ ھارۋىغا يېتىشىۋالدىم.

يول ئۈستىدە بىر دەڭگە چۈشتۈم. ئىيۈن ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدە-كى تومۇز ئىسسىقتا دەڭدە ھېچقانچە مېھمان يوق ئىدى. كەچتە نان يېدىم ھەم ئۆزۈم ئېلىۋالغان چەينەك، ئىستاكان بىلەن ئازراق چاي ئىچتىم. ئۇنىڭدىن باشقا بىر يۇڭ ئەدىيال ۋە يوتقان ئورنىدا يېپىنغىلى بولىدىغان پلاش ئېلىۋالغانىدىم.

ئېتىمنى ئوغرىلىۋالمىسۇن دەپ ئۆزۈم ياتقان ئۆيگە ئەكىرىۋېلىپ، ئۆزۈم باقتىم. بىر ئوبولۇس (obolus، ئىلگىرى ياۋروپادا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان پارچە تەڭگە پۇل) خەجلەپ مۇگدەپ قالغان ساراي خوجايىنىدىن بىدە - بوغۇز سېتىۋالدىم.

تەلىيىمگە ئادىشىپ قېلىش خەۋپى يوق بولۇپ، ستولبا بويلاپ ماڭسام بولىۋېرەتتى.

يول ئۈستىدە تۈنجى ئۆتەڭگە كەلگۈچە يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى تارتتىم. يولدا ئەشمىگە بارمىغۇچە بىرمۇ ئادەمنى ئۇچ-راتمىدىم. يېڭىسارغا كېلەي دېگەن يەردە «قارا چاچ مازىرى» (Kara sāch mazārī) دېگەن ناھايىتى ھەيۋەتلىك مازار (يەرلىك-لەر ئادەتتە «غوجام» دەيدىكەن) بار ئىكەن. مازارنىڭ يېنىدا سۈيى سوغۇق ھەم تاتلىق بىر بۇلاق بولۇپ، بۇلاق سۈيى بىر ئېرىققا قۇيۇلىدىكەن، ئېرىقنىڭ ئىككى قاسىنىقىنى غولى قارا، تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بېسىپ كېتىپتۇ. بۇ بۇلاقنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق مۇقەددەس ھېسابلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم.

مەن بۇگۈردىن كۇچاغا ماڭغىنىمدا، يولدا بىرمۇنچە ئاۋارى-چىلىققا يولۇقتۇم. مەن ئىلگىرى كېسىلنى داۋالىغان بىر مۇنچە كىشى مېنى تونۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر تارقى-لىپ، نۇرغۇن ئەر - ئاياللار دەڭگە يوقلاپ كەپتۇ. بۇ يەرنىڭ ناھايىتى تەملىك ئەينولىسى بولۇپ، ھەم قارىئۆرۈكنىڭ تەمى، ھەم ئۆرۈك مېغىزىنىڭ تەمى بار ئىكەن. تولغاق كېسىلىم

ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن، نەپسىمنى بېسىشقا مەجبۇر بول-
دۇم. ئۇنىڭدىن باشقا چىش ئاغرىقىمۇ مېنى بەك بىئارام قىل-
دى. بىراق، پايانسىز چۆل - جەزىرىدە ئاتلىق يول يۈرگەندە،
كىشى خۇددى شامپان ئىچكەندەك روھلىنىپ كېتىدىكەن. كۆڭ-
لىنىڭ كەچقۇرۇندىكى غەربكە ئولتۇرۇش قەدىمىگە ئەگىشىپ،
يىراقتىكى قىپقىزىل ئوتقاش شارچىنى قوغلاپ ماڭغىنىمدا،
يۇرتقا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاۋاتقانلىقىمنى سەزگەن قەلبىم چەك-
سىز ھاياجانغا چۆمەتتى.

يولدا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان نۇرغۇن ئۆستەڭدىن
ئۆتۈشۈمگە توغرا كەلدى. بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ قېنى ناھايىتى
چوڭقۇر، ئىككى قىرغىقى تىك قىيالىق ھەم تاشلىق ئىدى.
چۈش ياكى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن ئىلگىرى ئۆستەڭ-
دىن ئۆتمىسەم، قارلىق تاغدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ تۈزلەڭ-
لىككە يېغىلاتتى. ئۇ چاغدا قىزغۇچ كەلگەن كەلكۈن شىددەت
بىلەن يېتىپ كېلەتتى - دە، كەلكۈنگە دۇچ كەلگەن ھەر قانداق
يولۇچى، ھەتتا قىرغاقنىڭ ئېگىز يېرىدە بولسىمۇ ئامان قالمايت-
تى.

مەن كۆچاغا كەلگەندە كونا مالدىيىم ئەگەمبەردى
(Egambardi) نىڭمۇ شەھەردە بارلىقىنى ئۇقۇپ ناھايىتى خۇش
بولۇپ كەتتىم. ئەينى چاغدا ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ يول
يۈرەلمىگەچكە، كۆچادا قالغانىدى. بۇ چاغدا مەن كېسەل سەۋە-
بىدىن ناھايىتى ئاجىزلاپ بىر مالايغا، بولۇپمۇ ئۇستا ئاشپەزگە
تازا موھتاج ئىدىم.

ئەگەمبەردى ناھايىتى ئۇستا ئاشپەز بولۇپ، ئۇ ئەتكەن
كۆجە (conjee) ھەم تەملىك، ھەم تەنگە شىپاھ ئىدى.

كۆچادا دۆلەتكە قايتىش ئۈچۈن ماشىنا ساقلاۋاتا--

قاندا، كونا تونۇشۇم ــ خۇنزا خانى (prince of Hunza) مىر سافدار ئەلى (Mir Safdar Ali) نى ۋاقىت چىقىرىپ يوقلىدىم. ئۇ هاكىممۇتلەق هۆكۈمران بولۇپ، جەسۇر، ئۇرۇشقا ماھىر، پۇقرالىرىغا قوماندانلىق قىلاتتى. خۇنزا[1] ھىمالايا تاغلىرىدىكى باندىتلارنىڭ تۇرار جايى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى يىراق-يېقىندا داڭ چىقارغان كەنجۇت (Kanjuti)[2] لار ئىدى. ئۇلار دائىم يەركەن بىلەن باشقا شەھەرلەر ئارىسىدىكى يولغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارنى توسۇپ، ئادەم ۋە مېلىنى بۇلايتتى، بۇلىغان ئادەملەرنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاپىرىپ ساتاتتى.

مىر سەفدار ئەلى ئىلگىرى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئارمىيىسىنى تارمار قىلغانلىقتىن، ئەنگلىيە پولكوۋنىك دۇراند (Colonel Durand) نى ئەسكەر باشلاپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. خۇنزالىقلار تىز پۈكمەي باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتكەن، بىراق ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئىستىھكامى ۋەيران قىلىنىپ، پولاتتەك قورغان دەپ قارالغان خۇنزا شەھىرىمۇ قولدىن كەتكەن[3]. جەڭدە مەغلۇپ بولغان خان جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن، رۇسىيىلىكلەر ئۇنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئېيىغا 25 رۇبلى بەرگەن ھەم ئۇنى ھامىيلىقىغا ئالغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كاتتا بايلاردەك تۇرمۇش كەچۈرگەن. رۇسىيىلىكلەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيىگە تاقابىل تۇرۇش چوتىنى سوققان. بىراق، ئۇلار بۇ قېتىم چوتنى خاتا سوققان، چۈنكى كېيىنچە ئۇقۇشۇمچە، خان ئۆزىنىڭ ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىدىن بولۇپ 56 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن ئۆزىمۇ ئۆلۈۋالغان. ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئۇنىڭدىن ھەم قورقاتتى، ھەم نەپرەتلىنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ تاشقى قىياپىتىدىن ياۋروپالىقلارغا ئوخشاپ قالاتتى، سۇس قوڭۇر كەلگەن كۆزلىرى، قامەتلىك بەستى، ئۇزۇن قو- يۇۋەتكەن سۇس قوڭۇر چاچ - ساقىلى، چېكىسىنىڭ ئوڭ تەرد- پىدىكى بىر ئوچۇم ئاق چېچى ئۇنى تېخىمۇ ھېيلىگەر، سىرلىق كۆرسىتەتتى. ئۇ ھىمالايا تاغلىق رايونىدىكى خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، نەسەبى ئىمپېراتور ئالىكساندىر (Alexander the Great) غا تاقىلىدۇ.

خۇنزالىقلار بىلەن قوشنىسى ناگۇر (Nagyr) ئاھالىسى ئۆزلىرىنى بۇرىش (Burish) لار دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى بۇرىش تىلى (Burisheski) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تىل ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما بولۇپ، ھازىر دۇنيادا بار تىللارنىڭ ھېچقايسىسىغا چېتىلمايدۇ.

قوشتامغا بارغاندىن كېيىن مۇزارت دەرياسىدىن ئۆتۈشۈمگە توغرا كەلدى. بۇ چاغدا دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ كېتىپ، سۇ كېچىپ ئۆتۈشكە ئامال بولمىدى، شۇڭا قىممەتلىك بۇيۇملار قاچىلانغان ساندۇقلارنى ھارۋىغا سېلىپ، ھارۋىلىق سالغا چى- قىپ دەريادىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. سال سۇنىڭ ئېقىشىغا ئاقتى، كۆپ ئاۋارىچىلىقتا ئۇچرىدۇق. دەريانىڭ بىر قولتۇق يېرىدە كىچىك قۇملۇق بار ئىكەن، سول تەرەپ تېز ئېقىن، ئوڭ تەرەپ بولسا تىپتىنچ تېيىز يەر ئىكەن. سالچى دەريا قولتۇقىدا سالنى قىرغاققا تارتىپ، تېز ئېقىننىڭ ئىتتىرىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ سالنى قۇملۇققا يېقىنلاشتۇردى، ئارقىدىن يەنە بىر تەرەپتىكى سۈيى تېز يەرگە باشلىدى، بۇنىڭغا خېلى كۆپ ۋاقىت كەتتى.

بىز سالجىق بىلەن زاموتاي ئارىلىقىدا سۈيى تېز ئاقىدىغان ئۈچ ئېقىندىن لەپەڭشىپ تۇرىدىغان ئاسما كۆۋرۈك ئارقىلىق

ئۆتتۇق. ئاخىرقى ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتمۇۋاتقاندا نوم قولىيازمىلىرى بېسىلغان ھارۋا ئۆرۈلۈپ، كۆۋرۈك ئارغامچىسىغا ئېسىلىپ قالدى، ھېلىمۇ كىشىلەر دەرھال تارتىۋالغاچقا، ھارۋا چۈشۈپ كەتمىدى. يول بويى بۇ قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەردىن ئەنسىرەپ، زادىلا خاتىرجەم بولالمىدىم.

ئاقسۇدا ئازراق ئاۋارىچىلىققا يولۇقتۇم. ئۇ يەرنىڭ دوتىيى يېڭى تەيىنلەنگەن ئەمەلدار بولغاچقا، مېنى تونىمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالدىراشچىلىقتا بارتۇسنىڭ پاسپورتىنى ئېلىۋاپتىمەن، ئۆزۈمنىڭ بولسا بارتۇستا قاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن دوتەي گۇمانلىنىپ قالدى. ئاخىردا كونسۇل ماكارتنېيغا ياردەم تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتكەندىن كېيىن بۇ غوۋغا بېسىقتى.

جۇڭگونىڭ پاسپورتى سەنئەت بۇيۇمى، ئۇنىڭدا ئىگىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، شەخسىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار خۇددى تامغىدىكى خەتلەردەك يېزىلىدۇ، يەنە قىزىل چېگرا تامغىسى بېسىلىدۇ، پاسپورتنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېگىزلىكى توت دىيۇيم كېلىدىغان قارا سىزىق بىلەن سىزىلغان ئۈچ بۇلۇڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ.

پاسپورتنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭلۇقى سەككىز كۋادرات دىيۇيم كېلىدۇ. ئەسلىي نۇسخىغا يەنە بىر قوشۇمچە نۇسخا قوشۇلىدۇ، ئەسلىي نۇسخا بىلەن قوشۇمچە نۇسخا ئوتتۇرىدىن قاتلىنىپ بىر-بىرىگە چېتىلىدۇ، ئارقىدىن پاسپورت بېرىدىغان ئەمەلدار ئەسلىي نۇسخا بىلەن قوشۇمچە نۇسخىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە قىزىل چېگرا تامغىسى باسىدۇ، تامغىنىڭ يېرىمى ئەسلىي نۇسخىدا، يېرىمى قوشۇمچە نۇسخىدا بولىدۇ. ئەسلىي نۇسخىنى ئىگىسى ئالىدۇ، قوشۇمچە نۇسخا ئەمەلدار مەھكىمىسىدە قالىدۇ. مەھكىمىدىكىلەر قوشۇمچە نۇسخىنى كۆپەيتىپ ئۇ كىشى بارىدىغان ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۇ بارغان يېرىدە

پاسپورتنى چىقىرىپ كۆپەيتىلگەن نۇسخىغا سېلىشتۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىككىسىدىكى تامغا تولۇق ماس كەلسە ئاندىن ماڭغىلى قويىدۇ.

مەن ئاقسۇدا ئاقسۇ ۋاڭىنىمۇ يوقلىدىم، ئاقسۇ ۋاڭىنىڭ قۇرۇق نامىلا بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك «خىزمەتكار ۋاڭ» (Khizmat — Kar — Wang)، يەنى «بېقىندى ۋاڭ» ئىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا پەقەت قۇمۇل ۋاڭى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭلا ئەمەلىي ھوقۇقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى «مەملىكەت ۋاڭى» (Mamlakat Wang) ياكى «دۆلەت ۋاڭى» ئىكەن، بىراق ئۇلارمۇ مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىدە بولىدىكەن.

سەپەر تومۇز ئايلىرىغا توغرا كېلىپ، چىدىغۇسىز ئىسسىق بولۇپ كەتكەچكە، مەن كۈندۈزى دەم ئېلىپ، كېچىسى يول يۈردۈم، ھارۋىنى بولسا ئاقسۇ يامۇلىدىكىلەر ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر قوغداپ ماڭدى.

مەن بىر ئەسكەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن چېدىر كۆلىدىن يولغا چىققاندا ئەتىگەن سائەت بىر بولغان، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئەسكەر تېز يۈرۈپ كەتتى، تۇساتتىن «پولتوك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، ئارقىدىنلا «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەسلىدە ھېلىقى ئەسكەر ئالتە فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ كۆلچىكىگە ئېتى بىلەنلا چۈشۈپ كېتىپتۇ، مەن ئۇنى كۆپ ئەجىر بىلەن قۇتقۇزۇۋالدىم.

مەن يەنە بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ مۇئامىلىسى تۇساتتىن ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. ئەسلىدە مەندىن ئىلگىرى ئەنگلىيىلىك بىر قانچە ئوفېتسېر بۇ يەردىن ئۆتكەنىكەن، ئۇلارنىڭ ھىندىستانلىق مۇسۇلمان مالايلىرى خوجايىنلىرى بىلەن ئوخشاش كىيىنىپ، كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ، يەرلىكلەر ئۇلارنى فرانسىيىلىك دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆتەڭدىكى تۈرك خوجايى-

نى ۋە دېھقانلارنى خالىغانچە ئىشقا سالىدۇ، ھېلى توخۇ سورىسا، ھېلى تۇخۇم سوراپتۇ، ئالىدىغاننى ئېلىپ پۇلىنى بەرمەي ئۇش-شۇقلۇق قىلىپ، خوجايىننىڭ يېمەكلىك سېتىۋېلىشقا بەرگەن پۇلىنى چۆنتىكىگە سالىدۇ، ئاخىرى يەرلىك ئاھالىنىڭ نارازىلى-قىنى قوزغاپتۇ. شۇڭا، ياۋروپالىقلارنىڭ ئوبرازىنى ساقلاش ئۈچۈن، ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ ھىندىستانلىق ياكى ئاسى-يانىڭ باشقا يېرلىك مالايلىرىنى ياۋروپالىقلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشاشمايدىغان كىيىم كىيگۈزۈپ، ئايرىلىشىپ كېتىپ كىشى-نى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئۇقۇشماسلىقتىن خا-لىي بولۇشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

قەشقەرگە بارغۇچە قالغان يول ئۈستىدە تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئىش يۈز بەرمىدى.

**ئىزاھلار:**

① خۇنزا: ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن كەشمىر جىلغىسى ئارىسىدىكى ئارامگاھ بولۇپ، ئەتراپىنى رەكەپوشى چوققىسى قاتارلىق ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ.

② كەنجۇت: كەشمىر بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىلىقىدا.

—— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

③ «مىڭبىر كېچە» رىۋايەتلىرىدەك بۇ ھەربىي ھەرىكەت كىنجت (E. F. Knight) نىڭ «ئۈچ دۆلەت تالاش - تارتىشى» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلەنگەن، لوڭمانس (Longmans) نەشرىياتى، لوندون، 1897 - يىلى.

④ خۇنزا بىلەن ناگور كەشمىر بىلەن شىنجاڭدىكى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونى ئارىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ غەرب تەرىپى ۋاخان رايونى.

—— بېكىتكۈچىنىڭ ئىزاھاتى

www.uyghurkitap.com

ئونىنچى باب

# ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈپ دۆلەتكە قايتىش



قىزىلدىكى تاشكېمىر توپى

# ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈش

1906 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئەنگلىيىنىڭ باش كونسۇلى ماكارتنىي (ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇ كونسۇل ئىدى) نىڭ يەنە قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. شۇ ۋاقىتتا مەن خېلىلا قاتتىق ئاغرىپ قالغانىدىم، ماكارتنىي خانىم ھالىمدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە داۋالاندىم. شۇ ۋاقىتتا رۇسىيىدە ئىنقىلاب پارتلىغانلىقتىن، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە رۇسىيە ئارقىلىق قايتالمايدىغان بولدۇم.

سالامەتلىكىم ئازراق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھۆججەتلەرنى بىخەتەر ئېلىپ كېتىشكە ئالدىرىدىم، شۇنىڭ بىلەن قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىمگە قايتىشنى قارار قىلدىم. ماكارتنىي سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇنداق قىلىشىمغا قوشۇلمىدى. شۇ ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ بالۇچىستان (Baluchistan) ئۆلكىسىنىڭ كۆيتتا (Quetta)[1] دا تۇرۇشلۇق توپچى ئەسكەرلەر پولكىغا قاراشلىق ئەنگلىيە ئوفىتسېرى ستارشى لېيتېنانت شېرېر (J. D. —Sherer)[2] قەشقەردە ئىدى. بۇ ئوفىتسېر ئەسلىدە پامىر ئېگىزلىكىدە ئېيىق ئوۋلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ماكارتنىي شېرېرغا بىرگە مېڭىشنى، يولدا ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

شېرېر بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى، ئەمما بىز ئالدى بىلەن چاپقۇر ئات تاپقاندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقالايتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. قەشقەر-

دىن خوتەنگە بېرىشقا ئەسلىدە 17 كۈن كېتەتتى، بىز 12 كۈندىلا خوتەنگە كەلدۇق.

سەپەر جەريانىدا بىز كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتىن ئۆتتۇق، نەچچە 100 چاقىرىم يول ئۈستىدە بىر تېمىممۇ سۇ تاپقىلى بولمايتتى. يولۇچىلار ئازراقلا دىققەتسىزلىك قىلسا ئادىشىپ قېلىپ، بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ قالاتتى. ھېلىمۇ ياخشى يول بويىدا قۇرۇپ كەتكەن ئاق تېرەكلەر بەلگە قىلىنغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدىكى «ئىلانو ئېستاكارو قۇملۇقى» (Ilqno estacado، قاغىشىغا كەتكەن قۇملۇق) دىكىگە ئوخشاش ئىدى. بۇ ئىككى جايدىكى قۇملۇق ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق ئىدى.

قاغىلىق (Kargalik، ئۇيغۇر تىلىدا قاغا ماكانى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنى كۆرسىتىدۇ) قا ئاز قالغاندا ياقۇپبەگ سالدۇرغان، مۇشۇ رايوندىكى ئەڭ ياخشى ساراي بار ئىكەن. ساراي پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان بولۇپ، «چولاق لەنگەر» (Cholak Langar) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ «چولاق كىشىنىڭ سارىيى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، سارايىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىگىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن. بۇ يەردە بىز شوتلاندىيىنىڭ چەت ئەلدە تورۇشلۇق مۇخبىرى داۋىد فراسېر (David Fraser) بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، كۆڭۈللۈك بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق.

ئىككى يىلدىن كېيىن مەن لوندوندىكى «ئەنگلىيە خانلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى» (Royal Asiatic Society) دە ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم، شۇ ۋاقىتتا مەن مەزكۇر ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يەرگە نۇتۇق سۆزلىگىلى كەلگەنىدىم. كېيىن ئۇ ئوپپېنخېيم (M. von Oppenheim) بىلەن يىراققا سەپەر قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، بىر بىلىكىنى بەدەۋىيلەر ئۈزۈۋېتىپتۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بوش يې-

ڭىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەينى يىلى مەن بىلەن «چولاق كىشى-
نىڭ سارىيى» دا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

مەن شېھىر بىلەن يەركەنتتە يەنە شۋېتسىيىنىڭ تەرغىبات-
چىلار ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى راچۇئېت دوختۇر (Dr. Gösta Raquette)
بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ چىشىمنى زىماسكىلاپ قويۇپ، مېنى ئاغ-
رىق ئازابىدىن قۇتقۇزدى. ئۇ چىشىمنى ئىنتايىن ياخشى زىماس-
كىلىغانىدى، كېيىنكى يىلى 1 - ئايدا بېرلىنغا قايتىپ كەلگەن
كۈنى ئاخشىمى بېشىمنى ياستۇققا قويۇشۇم بىلەنلا چىشىم قايتا
ئاغرىشقا باشلىدى.

يەركەنت ئاۋات، چوڭ شەھەر ئىكەن، شەھەردە نۇرغۇن
بازار بار ئىكەن. بىز ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستانلىق سودىگەرلەر
ئىچىدىكى «ئاقساقال» (aksakal، «ئاق ساقاللىق» دېگەن مە-
نىدە) لەقەملىك بىر كىشى بىلەن بىللە تۇردۇق. ئۇنىڭ
ئەسلىي ئىسمى راي (Rai Sahib Bhuta Ram) ئىدى. ئۇ
يەنە بىزنى مەردلىك بىلەن گۈللۈك داچىسىدا تۇرغۇزدى.

ئۇنىڭ گۈللۈكىدە ئۆتكۈدەك يول يوق ئىدى، چۈنكى گۈل-
لۈك ئېرىق بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان بولغاچقا، گىرەلىشىپ كەت-
كەن نۇرغۇن گۈللۈك بار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، يەنە بىر
رەت يوپۇرماقلىرى بۈك - باراقسان ياڭاق دەرىخى بار بولۇپ،
بۇ خىل دەرەخ بۇ جايدا ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا
كۇچا ئەتراپىدىكى كىرىشتىمۇ بىر قانچە تۈپ ياڭاق دەرىخىنى
كۆرگەنىدىم، ئەمما بۇ خىل دەرەخ شىمالدا كۆپ ئۇچرىمايدى-
كەن.

ئۇ ساندۇقلىرىمدا ھىندى نوملىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ
كۆرۈپ بېقىشنى ھەم سەجدە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ
تەلىپىگە قوشۇلدۇم. ئۇ خۇشپۇراق گۈل، پاكىز سۇ تەييارلى-
دى. ساندۇقنىڭ ئۈستىگە گۈل قويۇپ، سۇ سەپكەندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوستلىرى بىلەن جىددىي قىياپەتتە ساندۇقنى چۆرىدەپ ماڭدى. بۇ يەردە تۇرسام ئۇلارغا دەخلى قىلىدىغانلىقىمنى بىلىپ، كېتىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ نەتىجىسى بولغان نومىلارنى ئۇلۇغلاش پوزىتسىيىسى كىشىنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرەتتى.

بىز بۇ يەردە فرانسىيىلىك بىر قوماندان — لاگوست (Commandant de Bouillane de Lacoste) بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ كېيىن ئافغانىستاندا ساياھەت قىلدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يېدۇق. ئۇمۇ ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن شېرېر بىلەن گەپلىرى بىر يەردىن چىقىپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مەن شېرېرنىڭ ئېيىق ئوۋلىغانلىق ھېكايىسىگە ئىشىنەتتىم، ئەمما لاگوست شېرېر ئاشۇرۇۋەتتى دەپ قاراپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

بىز ھەممە تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھىندىستانغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ سەپەر بىزگە ئاسان چۈشمىدى، سودىگەرلەر ماڭىدىغان يولدا ماڭغان بولساقمۇ، ھاۋا ياخشى بولمىغانلىقتىن، قاتمۇ قات توسالغۇلارغا دۇچ كەلدۇق، خەتەر ھەر ۋاقىت مەۋجۇت ئىدى.

ئىلگىرى ئافغانىستانلىق بىر سودىگەر نەچچە يۈز تايچاقنى ھەيدەپ لېختىن يولغا چىققان، لېكىن خوتەنگە كەلگەندە ئاران 35 تايچاق قالغان، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى قار - شۇۋىرغاندا ئۆلگەن.

شۇڭا، سودا كارۋانلىرى يولدا مۇشۇنداق ھاۋاغا دۇچ كېلىپ قالسا، ماللىرىنى ئۇلاغلاردىن چۈشۈرۈپ يوشۇرۇنغۇدەك بىرەر جاينى تېپىپ، ماللىرىنى ساقلايتتى.

بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سودىگەرلەر مال ئارتىدىغان ئۇلاغ تېپىپ كېلىپ ماللىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدە، كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا

توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىشى قاتتىق مەنئى قىلىناتتى. يول ئۈستىدە بىز مۇشۇنداق دۆۋىلەپ قويۇلغان نۇرغۇن مالنى كۆردۇق.

بىز ئافغانىستان سودا كارۋىنىنىڭ باشلىقىدىن يۈك - تاقىلىرىمىزنى ئارتىش ئۈچۈن بىر ئاتنى 45 رۇپىيدىن سېتىۋېلىپ، كۈزنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋالىق بىر كۈنى يەركەنتتىن يولغا چىقتۇق. بىز ھەربىر ئاتقا بىردىن مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان بولساقمۇ، شەھەردىن چىقىپلا ئاتلار ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ ئاتلار قورسىقى تويۇپ روھلۇق يولغا چىققان، لېكىن يولدا چايقىلىپ، ساندۇقلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلغانلىقتىن ئۈركۈپ كەتكەندى. بىردەمدىلا ساندۇقلار ئاتلارنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئاتلارمۇ قېچىپ كەتتى، ئات باقارلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. بىز ياللىۋالغان كىشىلەر ئاران تەستە ئاتلارنى تۇتۇپ كېلىپ،ماللارنى قايتىدىن ئارتتى. مۇشۇ ئىشقىلا نەچچە سائەت ۋاقتىمىز ئىسراپ بولۇپ كەتتى. سەپەر داۋامىدا بۇنداق ئىش قايتا - قايتا يۈز بەرگەچكە ئامالسىز چاكار ياللىۋېلىپ، ھەربىر ئاتقا مەخسۇس ئادەم قاراتتىم، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بىز تاغلىق رايونغا كېلىپ ۋاقىتلىق ياللىۋالغان بۇ كىشىلەرنى قايتۇرۇۋەتتۇق. ئۇلار نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىپ خۇشال ھالدا كېتىپ قېلىشتى. شاش ئاتلارمۇ مېڭىش تەس بولغان تاغ يولىغا كەلگەندىن كېيىن، يۇۋاشلىشىپ كەتتى.

قىش كەپقالغانلىقتىن بىز قىش پەسىللىك يول لىنىيىسى، يەنى كۆكيار (Kokyar) دىن ھالقىپ ئۆتۈشنى قارار قىلدۇق. بۇ بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى سەككىز ھەپتىدە ئۆگزىسى بار ئۆيدە ئاخىرقى قېتىم ئۇخلىشىمىز ئىدى. سارايىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۈرگە بولغانلىقتىن، شىرىر كېچىچە يېڭى بىلەن بۈرگىلەرنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، ماڭا نىسبەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، بۆرگىنىڭ قالايمىقان سەكرەپ كىشىنى زېرىكتۈرۈۋې-
تىشىدىن باشقا زىيىنى يوق ئىدى. ھېچ بولمىغاندا پىتقا سېلىش-
تۇرغاندا بۆرگە ئاللا يارانقان مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى پايدىلىق
ھاشارەت. ئالدىنقى بابتا مەن سىماب ساندۇق ئارقىلىق پىتقا
تاقابىل تۇرغانلىقىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم.

بۇ يولدا تىزناب (Tisnab) دەرياسىنى بويلاپ تاغ ـ داۋاق-
لاردىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى. ھەر قېتىم دەريا
بويىدا بولۇتقا تاقاشقان تىك قىيالارغا دۇچ كەلگەندە، بىز يابول-
مىسا تىك قىيادىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىز، يابولمىسا سۇ كېچىپ
دەريادىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاقتىكى بىر قەدەر تۈز يول بىلەن
مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ بىر كۈندە دەر-
يادىن 30 ـ 40 قېتىم ئۆتەتتۇق، بىر كۈنى بىز دەريادىن 64
قېتىم ئۆتتۇق.

دەريا بويىدا ئادەتتە كېمە بولمىغاچقا، دەريادىن ئاتلىق
ئۆتەتتۇق. بۇ ئەلۋەتتە خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى دەريادا چوڭقۇر
ئازگاللار، تالك، يوشۇرۇن خادا تاشلار بولغاچقا، ئازراقلا دىق-
قەت قىلمىساق خەتەرگە ئۇچرايتتۇق.

بىر قېتىم چىنە ـ قاچىلار ئارتىلغان بىر ئاتنىڭ بىر پۇتى
چوڭقۇر ئازگالغا پېتىپ قالدى. ئاتقا سۇدان، چەينەك، قاچا
قاتارلىقلار قاچىلانغان چامىدان ئارتىلغانىدى. ئارتىدىغان چاغدا
مالاي بىخەستەلىك قىلىپ ياخشى تاڭمىغانلىقتىن، ئات سىلكىن-
گەندە چامىداننىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ، يەركەنتتىن سېتىۋ-
ۋالغان ئېسىل چەينىكىم سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى. سۇ
شىددەتلىك ئېقىۋاتقاچقا، چەينەكنى ئېلىۋېلىشقا مۇمكىن بولمى-
دى. بىر ئېراقلىق بىر چامداپلا چاي قۇتىسىنى تۇتىۋالدى،
بۇنىڭ بىلەن چېيىمىزنى ساقلاپ قالدۇق. لېكىن، شېكەر بىلەن
سۇت پاراشوكىنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى.

شېرىنىڭ كەشمىردىن كەلگەن بەستلىك ئۈچ مالىيى بار

ئىدى. ئۇلار تاغقا يامىشىشقا ماھىر بولۇپ ھېچنېمىدىن قورق-
مايتتى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن تېپىك كەشمىرلىكلەرگە
ئوخشاش، بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالسا، ھودۇقۇپ مۇستەقىل
ھەرىكەت قىلالمايتتى. ئاتقا قارايدىغانلار تۈركلەر بولۇپ، بەزى-
لىرى كابۇلدىن كەلگەن تاجىك (Tajiks) لار ئىدى، يەنە بەزىلى-
رى بالتىس (Baltis)[3] لار، لاداقلار، ئافغانلار ئىدى، يەنە تېخى
بىر گىدرال (Chitrali)[4] مۇ بار ئىدى. مېنىڭ مالىيىم ئىگەم-
بەردى مەرگىلان (Marghilan)[5] دىن كېلىپ بىزگە قوشۇلغانى-
دى.

يەركەنتتىكى ۋاقتىمىزدا بىز ئارىلاش قانلىق بىر ئافغانىس-
تانلىق بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ دادىسى ياقۇپبەگنىڭ
قول ئاستىدا سەركەردە بولغانىكەن، ئاپىسى قەشقەرلىق تۈرك
پومېشىكنىڭ قىزى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆزى بېنگال 9 - ئاتلىق
ئەسكەرلەر پولكىنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەش خېتى بولمىغان ئەس-
كىرى بولۇپ، داۋىد فراسېر (David Fraser) بىلەن بىللە
جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنىكەن. ئۇ سادىق، ئىشەنچلىك ئادەم
بولۇپ، يولدا بىز ھەمسەپەر بولۇپ، راۋالپىندى (Rawal Pindi) غا
قاراپ ماڭدۇق. كېيىن شېھىر ئاغرىپ قالغانلىقتىن، بىز ئىك-
كىمىز ئېغىر كۈنلەردە بىرگە بولدۇق.

13 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتە كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىشى
قىيىنلىشىدۇ، ھاۋا شالاڭ بولغانلىقتىن، ئاتلارنىڭمۇ نەپەس
ئېلىشى قىيىنلىشاتتى. لېكىن، سەپەردە ئات مىنىشكە مەجبۇر
بولاتتۇق، چۈنكى پىيادە ماڭغاندا يۈرەكنىڭ سوقۇشىمۇ جىددىي-
لىشىپ كېتەتتى. تاغقا چىقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلار پۇختا
قەدەم تاشلاپ ماڭسىمۇ، چوڭقۇر ھاڭ بويىدىكى تاغ يولىنىڭ
چېتىدە مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى. مېنىڭ ئاسانلا بېشىم قايىدى-
غان بولغاچقا، ئاتلارنىڭ بۇنداق مېڭىشىدىن قاتتىق ئەنسىرە-
دىم، ھېلىمۇ ياخشى لوكچۇن ۋاڭى ماڭا سوۋغا قىلغان پىچان

( ھازىرقى پىچان ناھىيىسى ) نىڭ قوڭۇر ئېتىنىڭ تاغ يولىنىڭ چېتىدە ماڭىدىغان ئادىتى بولمىغاچقا، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

يول بويىدىكى رەڭلەرنىڭ نامى ئاجايىپ - غارايىپ ئىدى. بەزىلىرىگە ھەتتا ئۇ يەرلەردە قونغان سودىگەرلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن كىچىك ئىشلاردىن پايدىلىنىپ نام قويۇلغان. مەسىلەن، «گۇرۇچ قالدى» ( Gruc Kaldi ، گۇرۇچ ئۇنتۇلۇپ قالغان دەڭ ) ، «چىراغ قالدى» ( Chiragh Kaldi ، چىراغ ئۇنتۇلۇپ قالغان دەڭ ) ياكى «دۆلەتبەگ ئۆلدى» ( Daulat Bak oldi ، دۆلەتبەگ ئۆلگەن دەڭ ) قاتارلىق. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «دۆلەت-بەگ ئۆلگەن دەڭ» قاراقۇرۇم تېغىغا يېقىن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق نام قويۇلۇپ قېلىشتىكى سەۋەب، قەشقەر سۇلتانى سەئىدخان ( Said Khan ) تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ قايتىش سەپىرىدە ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، مۇشۇ دەڭدە قازا قىلغانىكەن.

تۇزلەڭلىكتە ياشايدىغان كىشىلەر تاغقا چىقسا ئاسانلا ئې-گىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. تىبەتلىكلەر ئە-مۇنتىيت كۆچىگە ئىگە بولسىمۇ، ھىندىستان تۈزلەڭلىكىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرسا، ئۆپكە ھاۋا ئىششىقى ياكى باشقا كۆكرەك بوشلۇقى كېسەللىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. تۈرك تىلىدا ئېگىزلىك كېسىلى «ياس» ( yas ) ياكى «تۇتاك» ( tutak ) ، پارس تىلىدا «تام» ( dam ) ياكى «دامگىرى» ( damgiri ) دېيىلىدىكەن. ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بول-غان كىشىلەردە باش ئاغرىش، كۆڭلى ئېلىشىش قاتارلىق ئالا-مەتلەر بولىدىكەن، كېيىن ئۆزىنى يوقىتىپ، جۆيلۈشكە باشلاي-دىكەن، بەزىدە ھەتتا گەپتىن قالىدىكەن، ئاخىرىدا ئالقان ۋە تاپانلىرى ئىششىپ بىر كېچىدىلا تىنىقتىن قالىدىكەن.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئېگىزلىكى قاراقۇرۇم تاغ ئېغىد-

ۇزۇندىن پەس بولغان تاغ ئۈستىدە ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، كېسەللىك ئالامەتلىرى- مۇ كۈچلۈك ئىكەن. قاراقورۇم تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 19 مىڭ 680 فۇت ئېگىز بولسىمۇ، ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ساسېر پاس (Saser Pass) تاغ ئېغىزىدىكىدىن تۆۋەن ئىكەن. ساسېر پاس تاغ ئېغىزى ئېگىز بولمىسىمۇ، ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن داڭلىق ئىكەن.

بىز ئاتلارغا قەرەللىك يەم بېرىپ تۇرساقمۇ، كېچىسى ئاتلارنى قارنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇق ئوتلارنى يېيىشكە قويۇپ بېرەتتۇق. ئاتلار ھەمىشە تەرەپكە - تەرەپكە كېتىپ قالاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم ئەتىگەندە ئويغىنىپ قارىساق ئاتلار كۆرۈنمىدى، ئات باقارلار تەرەپ - تەرەپكە ئات ئىزدەپ كەتتى. شۇڭا، بەزىدە ئەسلىدە ئەتىگەن سائەت 7، 8 لەردە يولغا چىقماقچى بولغان بولساقمۇ، سائەت 11، 12 لەردە ئاران يولغا چىقالايتتۇق.

سەپەر جەريانىدا ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولغانلىقتىن، بۇ- رۇنقىلار ئېيتقان تۈرلۈك خەتەرلەر ئاشۇرۇۋېتىلگەنمىكىن دەپ گۇمانلاندىم، ئەمما گۇمانىمنىڭ خاتالىقىنى ناھايىتى تېزلا بىل- دىم. سالامەتلىكىم پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، سەپەر- داشىم، بەستلىك ستارشى لېيتېنانت شېرېر ھاۋا شالاڭ بولغان- لىقتىن كېسەلچان بولۇپ قالدى. ئۇ پىيادە مېڭىشتا چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئېگىزلىك كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

مەن ھەربىرىنى بىر رۇپىيىدىن بىر قوتان قوي سېتىۋال- دىم. كونا ئولتۇرغاندا قويلارنى قوتانغا سولاپ قوياتتۇق. كەش- مىرلىك چاكىرىم ئەڭ ئېپتىدائىي ئوچاقتا تەملىك شورپا پىشۇ- راتتى. يەنە بىر جەھەتتىن شېرېرنىڭ كېسىلى ئېغىر بولۇپ، ئاتقا مىنەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

دېپساڭ ئېگىزلىكى (Depsang Plateau) گە كەلگەندە، كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. دېپساڭ ئېگىزلىكى قار بىلەن قاپلانغان، ئادەمزاتسىز، چەكسىز كەتكەن يۇمىلاق ئېگىزلىك ئىدى. ئېگىزلىكنىڭ تۆت ئەتراپىنى چېركاۋ مۇنارىغا ئوخشاش قار - مۇزلار ئوراپ تۇراتتى، ئېگىزلىكتە خۇددى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يەر قاتلىمىدا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، باشقىلارنى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. ئېسىمگە كېلىپ قارىسام، باشقىلار ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردىم، ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارمۇ ئوق ئېتىپ جاۋاب قايتۇردى، مەن قايتىدىن يۆنىلىشنى تېپىۋالدىم.

سەپەر جەريانىدا ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولدى، لېكىن ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدا دائىم تۇيۇقسىزلا بوران - چاپقۇن چىقىپ تۇرىدىكەن.

قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 19 مىڭ 680 فۇت ئېگىز بولسىمۇ، ھاۋا ياخشى چاغلاردا يول راۋان بولىدىكەن، ئەمما بوران - چاپقۇن چىقىپ قالسىلا مېڭىش تەسلىشىپ كېتىدىكەن. بىز تاغدىن چۈشكەندە يېكەن ۋە پاخمىۋاش بۆركۈتنى كۆردۇق. ئۇلار بۇ رايوندا ياشايدىغان بىردىنبىر جانلىق ئىدى.

سەپەر جەريانىدا ھەممىلا يەردە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ياكى قۇرۇپ كەتكەن جەسەتلىرى ئۇچرايتتۇق. بەزى جايلاردا يەنە تاش دۆۋىلىرىنىمۇ كۆردۇق، بۇ يەرلەرگە بەختكە قارشى قازا قىلغان سودىگەرلەرنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغانىدى.

بىز يەنە شوتلاندىيىلىك دالگلەيش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جاينى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان تاش بەلگىنىمۇ كۆردۇق، لېكىن تاش بەلگىنىڭ بىر قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى.

تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ ھىندىستان زېمىنىغا قەدەم قويدۇق. شېرىپنى بۇرتسى (Burtsi) دەم ئېلىش ئورنىدا دەم

ئالغۇزدۇق. بۇ دەم ئېلىش ئورنىغا تىبەتچە بىر خىل ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمى قويۇلغانىدى، بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنى يەرلىكلەر يېقىلغۇ قىلىدىكەن.

بۇ يەرگە كېلىپ شېھىر مىدىرلىيالمىغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، بىر كۈن دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز ئورۇنلاشقان ئېگىزدا ئادىمىزات يوق بولۇپ، گىياھ ئۈنمەيدىغان ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇراتتى. ئېگىزدىكى ئېرىقتا سۇ شىلدىرلاپ تۇراتتى، ئېرىگەن ئەگىز سۈيى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ ئۆتكەچكە، تاشلار قاتمۇقات تىزىلىپ قالغاندەك مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. يەر تەۋرەش ۋە بوران ـ چاپقۇنمۇ جىلغىدا ئاجايىپ جۇغراپىيىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ يۈركى جىغىلدايتتى.

كارۋىنىمىزدىكى كىشىلەر بۇ يەردە قونغانلىقىمىزغا خاپا بولۇشتى، چۈنكى ئاتلارنىڭ يېمەكلىكى، ئوتۇن ۋە تەمىناتىمىز ئاز قالغانىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە شېھىرنى كۆرگىلى باردىم، ئۇ ئاغرىق دەستىدىن بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ تىلى ئۇچىدىن تۇۋىگىچە يېرىلىپ كەتكەنىدى. تىلىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگىمۇ يېرىلىپ كەتكەنىدى. چىشىغا بىر قەۋەت قوڭۇر رەڭلىك كىر چاپلىشىۋالغانىدى. پۈتۈن بەدىنىدىكى سۆڭەكلىرى ئاجراپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق يۆتىلەتتى، قوڭۇر رەڭلىك خەپرۇك تۈكۈرەتتى، قىزىتمىسى يانماي، كېچىدە ھوشىدىن كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، يەنە بىر كۈن دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق، لېكىن كۆپچىلىك بۇ ئىش توغرىسىدا قاتتىق مۇنازىرە قىلىشتى. كېيىن شېھىرنى چىدىر (مەن ئىزچىل سىرتتا يېتىپ كېلىۋاتاتتىم)، ئاشلىق، مالاي ۋە بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان ئىككى يول باشلىغۇچى بىلەن قالدۇرۇپ قويۇشنى قارار قىلدۇق. بىز يوللىرى ئەڭ مۇشەققەتلىك ئۈچ

تاغ ئېغىزىغا قاراپ مېڭىپ، لاداق چېگرىسىغا كەلگەندىن كېيىن قوتقۇزغۇچى ئەسكەرلەرنى تېپىپ ئۇلارنى ئەكىلىشۋالماقچى بولدۇق.

كەچ كىرگەندىن كېيىن، كارۋاندا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. مەن بەزىلەرنىڭ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، تۈرك مالىيىمۇ بەزىلەرنىڭ يېرىم كېچىدە ئاتلىق قېچىپ كەتمەكچى بولىشۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئەگەر ئۇلار قېچىپ كەتسە بىز مۇشكۈل ئەھۋالدا قالاتتۇق. ھېلىمۇ ياخشى بىر خالتا ئۇننى كۆپ ئېلىۋالغانىدىم، ئۇن بىلەن مۇز سۈيىنى ئارىلاشتۇرسىلا سەپەر تامىقى تەييار بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر خالتا ئۇننى كارۋان باشلىقىغا بەردىم ھەم قېچىپ كەتمەكچى بولغانلارنى ئېتىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالدىم. شۇ كۈنى كەچتە مەن كېچىچە باشقىلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماۋزۇر مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ياتتىم، ھېلىمۇ ياخشى بىرەر ئىش يۈز بەرمىدى.

ئەتىسى كۈن چىققاندا يولغا چىقتۇق. قورسىقىمىز ئاچسا ئامالسىز مالايلار پىشۇرغان ھورنانىنى يېدۇق. كېيىنكى بىر قانچە كۈندە ئۇ ھەر كۈنى ئۇن بىلەن مۇز سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئالتە ھورنان قىلاتتى. ئۇن ئاق، ئۇنىڭ قولى قارا ئىدى، شۇڭا بىر قانچە ھورنانىنى تەييار قىلغاندىن كېيىنلا ھورنانلار قارىداپ كېتەتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ قولى ئاقىرىپ كېتەتتى.

كېيىنكى سەككىز يېرىم كۈندە بىز قورقۇنچلۇق مۇرگخ تاغ ئېغىزى (Murghi Pass) ۋە ساسېر تاغ ئېغىزىدىن، يەنە ئۆتمەك بىر قەدەر ئاسانراق بولغان قاراۋۇل تاغ ئېغىزى (Karaul Pass) دىن ئۆتۈپ نۇبرا جىلغىسى (Nubra Valley) غا كەلدۇق. بۇ يەردە دەرەخ، تۈزلەڭلىك ۋە ئوتلاقلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.

بۇ يەردە ئادەم شالاڭ ئىدى، مەھەللىلەرنىڭ ئارىلىقى 9 ـ 12

چاقىرىمغىچە كېلەتتى. شۇڭا، بىز يېرىم كېچىدە لاداق پانامىك (Panamik) قا جايلاشقان بىر تىببەتلىكلەر مەھەللىسىگە كەلدۇق. مەن ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بولكا سېتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتتىم. لېكىن، بۇ يەردىكى تىببەتلىكلەردە بولكا يوق، پەقەتلا بىخلىنىپ كەتكەن بۇغدايلا[6] بار ئىكەن. بۇ نامرات ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە تۇخۇم، سۈتلىرىنى ئېلىپ چىققاندا، يۇقىرى باھادا سېتىۋالدىم ھەم يېڭىدىن ياللىغان مەدىكار[7] غا كۆتەرتكۈزۈپ قونۇش ئېھتىمالىمىز بولغان جايغا ئېۋەتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇش پۇراقلىق قارىغاي تېپىپ ئوخشاش بىر جايغا ئېۋەتىۋەتتىم. تىببەتلىك ھامماللار ئېغىر نەرسىلەرنى يۈدۈپ، ئات ماڭالمايدىغان تاغ يوللىرىدا خۇددى تۈز يەردە ماڭغاندەك ماڭاتتى. بىز ئېغىر يۈك - تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتۇق، ئەسلىدە توققۇز كۈن ماڭىدىغان يولنى كۆپ ئۆتمەيلا بېسىپ بولدۇق. مەن ماغدۇرۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىراقلا ئۈچ تۇخۇمنى يەۋەتتىم، كېيىن بىر چاپارمەن تېپىپ موراۋىئان مىسسىئونېرلار ئۆمىكى (Moravian Mission) نىڭ دوختۇرى شاۋ (Dr. shawe) نى ھەم شېرىنى داۋالايدىغان دورىلارنى ئېلىپ كېلىشكە لېخقا ئېۋەتتىم.

مەن يەنە بىر چاپارمەننى پانامىك بىلەن بولغان ئارىلىقى 17 كۈنلۈك يول بولغان سىرىنەگەر (Srinagar)[8] گە ستارشى لېيتېنانت يۇڭخۇسباند (Sir Francis Younghusband) نى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشكە ئەۋەتتىم. خەتتە مەن پانامىكقا يېتىپ كەلگەنلىكىمنى، لېكىن قايتىپ كېتىپ يېرىم يولدا ئاغرىپ قالغان ھەمراھىمنى ئېلىپ كېلەلمىسەم بولمايدىغانلىقىنى، يولدا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، پانامىكقا كېلىپ ئۇ يەردىكى بىر نەچچە چوڭ ساندۇقنى ئېلىپ كېتىشنى، ساندۇقلاردا گېرمانىيە خان جەمەتىگە تەۋە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭغا يەنە قەيەردىن پۇل ۋە مائاش

www.uyghurkitap.com

تىزىملىكىنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، ساندۇقلارغا قاراۋاتقان ئىشچىلارغا مائاش بېرىپ قايتۇرۇۋېتىشنى ھەم ساندۇقلارنى ھىندىستاننىڭ سىند (Sind) ئۆلكىسىنىڭ كاراچى (Karachi) شەھىرىدىكى گېرمانىيە كونسۇلخانىسىغا ئاپىرىشنى ئېيتتىم. ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، نوسۇلكا ياساتتىم ھەم 30 نەچچە تىبەتلىك ھاممال تېپىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم ئۇخلىدىم.

## شېرېرنى قۇتقۇزۇش

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، ئافغانىستانلىق مالىيىم رەھىمخان (Rahim Khan) بىلەن بىللە شېرېرنى ئىز-دەشكە ماڭدۇق. تىبەتلىك ھامماللار بىر كۈن بۇرۇن يولغا چىقىپ كەتكەنىدى.

قايتىش سەپىرىدە ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولدى. بىز ئەڭ خەتەرلىك ئۈچ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ 3 - كۈنى قاش قارايغان چاغدا شېرېرلار قېپقالغان جىلغىغا كەلدۇق.

بىز تىك قىيا ئۈستىدە تۇرۇپ، جىلغىغا قاراپ شېرېرنىڭ چېدىرىنى كۆردۇق، ئۇنىڭ كەشمىرلىك مالايلىرى چېدىرنىڭ يېنىدا شېرېرنىڭ دۇربۇنى بىلەن ئەتراپقا قاراۋاتاتتى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ شاتلانغان ھالدا چېدىرغا كىرىپ كەتتى، بىز شۇ چاغدىلا شېرېرنىڭ تېخى ھاياتلىقىنى بىلدۇق.

بىز دەرھال قىيا ئۈستىدىن چۈشۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە چېدىرغا كەلدۇق. شېرېر ھايات بولۇپلا قالماي، ئەھۋالى پەر-زىمىدىكىدىنمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ مالايلىرى ناھايىتى خۇشال بولۇشتى، ئۇلار مېنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئوي-لىمىغانىدى، مېنىڭ بۇنداق تېز قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى تې-خىمۇ ئويلىمىغانىدى.

ئۇنىڭ مالايلىرى مېنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈردى (پۈتۈن بەدىنىم قېتىپ قالغانىدى) ھەم بەدىنىمنى ئىككى سائەت ئۇۋۇلاپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى، نەچچە كۈن تاغ - داۋان ئاشقانلىقتىن بەكمۇ راھەتلەندىم.

ئەمدىكى مەسىلە شېرىر ئاتقا مىنەلمەيتتى. تىبەتلىكلەر نوسۇلكا ئېلىپ كەلدى، مەن يۇمشاق ماتراسنى نوسۇلكىغا باغلىدىم، ئاندىن شېرىرنى نوسۇلكىغا مەھكەم باغلىدىم، بۇنداق بولغاندا تاغ يولى كەڭ بولسىلا شېرىر نوسۇلكىدا يېتىپ يول يۈرەتتى، ئەمما تار يەرلەرگە كەلگەندە شېرىرنى مەدىكارلار يۆدەپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن شېرىر يەنە نوسۇلكىدا ماڭاتتى. بىز مانا مۇشۇنداق مېڭىپ مۇرگخ تاغ ئېغىزىغا كەلدۇق. تىبەتلىكلەرنىڭ نوسۇلكا كۆتۈرۈش ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. بۇ يەردىكى تاغ يولىنىڭ بەزى يەرلىرى مۇز قاتلىمىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى، قىيالىقنىڭ ئاستى تاشلىق ئىدى، تاغنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى. نوسۇلكىنىڭ سىرتقى تەرىپىنى كۆتۈرگەن تىبەتلىك چوقۇم تاش ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا سەكرەپ مېڭىشى، ئىچكى تەرەپتىكى كىشى مۇستەھكەم مۇز ئۈستىدە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار نوسۇلكىنى سول مۈرىسىگە پۇختا تاسما بىلەن مەھكەم باغلىۋالغانىدى.

مەدىكارلار نوسۇلكىنى مانا مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ ماڭدى، مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن يول بويى قاتتىق ئەنسىرەپلا ماڭدىم. چۈنكى، مەدىكارلار بوش يەرنى ياكى بوشاپ قالغان تاشنى دەسسىۋالسىلا نوسۇلكا بىلەن تەڭ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتەتتى، لېكىن تىبەتلىكلەر كۈچلۈك ۋە تېتىك بولغاچقا، كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەرمىدى.

داۋاندىن چۈشكەندە شەھەر قوۋۇقىدەك تار ئۆتكەلدىن ئۆتتۇق، ئاندىن يەنە داۋانغا ياماشتۇق، كۆز ئالدىمىزدا غۇلاپ

كېتەيلا دەپ قالغان خەتەرلىك چوڭ تاشلار تۇراتتى.

بىز تۇنجى ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، روھىم كۆتۈرۈلۈپ ئىسقىرتىشقا باشلىدىم، لېكىن ئەترەت باشلىقى بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ ئاغزىڭنى يۇم دەپ ئىشارەت قىلدى ھەم بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى ئېسىلىپ تۇرغان چوڭ تاشنى كۆرسەتتى. ئەسلىدە قاتتىق ئاۋازمۇ تاشلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، غۇلاپ چۈشكەن تاشلار يولۇچىلارنى بېسىۋالىدىكەن[9]. ئۇ ئەسكەرتىپ قويغانلىقتىن، بۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتۇق.

كېيىن بىز سوياك دەرياسى (Shoyak River) بويىغا كەلدۇق. بۇ دەريا چوڭقۇر بولمىسىمۇ، دەريا يۈزىدە مۇزلار لەيلەپ تۇراتتى. تىبەتلىكلەر پوپايكىلىرىنى سېلىۋېتىپ، نوسۇلكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «Kadam alo, Kadam alo» دەپ ۋارقىرىغىنىچە مۇزدەك سۇنى كېچىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن دەريادىن ئاتلىق ئۆتتۈم ھەم تاقىقا چىققاندا ئىشلىتىدىغان ھاسسام بىلەن مۇزلارنى ئىتتىرگەچ ماڭدىم.

بىز دەريادىن بىخەتەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈستىبېشىمىزدىكى مۇز پارچىلىرىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتۇق ھەم پوپايكىلىرىمىزنى كىيىپ نوسۇلكىنى كۆتۈرۈپ يولغا چۈشتۇق. تىبەتلىكلەر يول بويى «Kadam alo, Kadam alo» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ماڭدى. شېرپىر ئۇلارنىڭ ۋارقىرىشىغا چىدىيالماي، مېنىڭدىن ئۇلارنى ۋاقىراشتىن توختىتىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ۋارقىرىمىساق ماڭالمايمىز دېيىشتى.

كېيىن بىز ئۆتۈش ئىنتايىن تەس ساسىر تاغ ئېغىزىغا كەلدۇق. بىز تاغ باغرىدىكى تىبەتلىكلەرنىڭ دەم ئېلىش ئورنىدا قوندۇق. بۇ دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ تاش تاملىرى پاكار، شۇنداقلا ئۆگزىسى يوق بولغاچقا، بىز تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامالدىن دالدىلىنىشقا

مەجبۇر بولدۇق.

مانا مۇشۇنداق سوغۇق شامالدا كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى سەھەردە يەنە يولغا چىقتۇق. بىز مۇز تۇتۇپ كەتكەن بىر دەريانىڭ ئۈستىگە چىقىپ، دەريانىڭ تاشقى گىرۋىكىنى بويلاپ مۇز تۇتۇپ كەتكەن يەنە بىر دەرياغا كەلدۇق. يول بەك تار بولغانلىقتىن، نوسۇلكىنى كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنىڭ ئۈستىنى بايىلا ياغقان قار يېپىۋالغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى مەن ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تۆت تۇياق قوتازنى ئېلىۋالغانىدىم. قوتاز قاردا ماڭالايدىغان بولغاچقا، مەن شېرېرنى قوتازنىڭ ئۈستىگە باغلاپ ماڭماقچى بولدۇم. مەن يۇمشاق ماتراسنى پلاستىك بەلۋاغ بىلەن قاۋۇل بىر قوتازنىڭ ئۈستىگە باغلىدىم، ئاندىن شېرېرنى ماتراسنىڭ ئۈستىگە تاسما بىلەن باغلىدىم.

ئەمما، قوتاز ئەمدىلا مېڭىشىغا شېرېر قاخشاپ كەتتى، ئەسلىدە قوتازنىڭ ئۈستى قاتتىق سىلكىنگەنلىكتىن، شېرېرنىڭ ئاجىز بەدىنى بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. شۇنداق قىلىپ بىز شېرېرنى قوتازنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈۋالدۇق. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۈشتۈمتۇت ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ، شامال چىقتى، ئارقىدىنلا دەھشەتلىك بوران - چاپقۇن چىقىشقا باشلىدى.

بىز قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، كارۋان بېشى ماڭا «قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدا تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭلار، بىز دەرھال مېڭىشىمىز كېرەك، چۈنكى قار تاغ ئېغىزىنى قامال قىلىۋالىدۇ» دېدى. مەن ئەھۋالنى شېرېرغا ئېيتتىم، باشقا يول بولمىغانلىقتىن، ئۇ مېنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن ئېتىمنى مىندى، مەن باشقا بىر ئاتقا مىنىپ ئۇنىڭ يېنىدا ماڭدىم. بىز قوتازلارنى ئالدىدا ماڭدۇردۇق، شېرېر ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى، مەن شېرېرنىڭ ئارقىسىدا، يۈك - تاق ئارتىلغان ئاتلار كەينىمدىن

ماڭدى. بىز مانا مۇشۇنداق مېڭىپ، قورقۇنچلۇق تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. شۇئۇرغان قاتتىق چىقىۋاتقانلىقتىن بىز بىر نەچچە فۇت ئالدىمىزدىكى يولنى كۆرەلمەيتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىۋىرغان كۈچلۈك بولۇپ، يۈنىلىشى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقاچقا، تىبەتلىكلەرمۇ قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ كېتىشتى.

## شېرىر قەھرىمانلارچە هايات قالدى

جاپانى يەتكۈچە تارتقاندىن كېيىن بىز ئاخىرى ئىككىنچى مۇز دەريادىن ئۆتۈپ، مېڭىش تەس بولغان يانتۇلۇققا دۇچ كەلدۇق. بوران - چاپقۇنمۇ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن توختىدى، قۇياشمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقتى. بىز سول تەرەپتىكى بىر مۇز توتقان كۆلدىن ئۆتتۇق. كۆل سۈيىنىڭ ئۈستى هاۋارەڭ، ئاستى ياپيېشىل ئىدى. مۇز قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەرۋايىتتەك يالترايتتى. بۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى سەپەر جەريانىدا ئىنتايىن ئاز كۆردۇق.

بىز تاغ باغرىدىكى بىر دەم ئېلىش ئورنىدا قوندۇق، توتى يايلاق (Toti — yailak) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دەم ئېلىش ئورنى يەتتە مۇز دەريا ئوراپ تۇرىدىغان كىچىك بىر ئېگىزلىكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقانىدى. تاغ جىلغىسىنىڭ بىر تەرىپىدە بىر ئېرىق بولۇپ، شىرىلداپ سۇ ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى، هەربىر مۇز دەريانىڭ ئۈستىدە قاتتىق سوغۇق شامال چىقاتتى، كېچىدە سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش تېخىمۇ تەس ئىدى. هېلىمۇ ياخشى تىبەتلىك مالىيىم قارنىڭ ئاستىدىن نۇرغۇن قارىغاي شاخلىرىنى يىغدى، شۇڭا بىز كېچىدە گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئىسسىق چاي ئىچەلىدۇق.

لېكىن، ئوتۇن تۈگەپ، ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، بىز ئۆزاققا سوزۇلغان كېچىدە سوغۇقتا تىترەپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئې-

تىشنى كۆتتۇق. بۇ ۋاقىتتا ساقال - بۇرۇتلىرىمىز ئۆسۈپ كەتكەنىدى، چۈنكى يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇشقا ۋاقىت يار بەرمەيۋاتسا، ساقال ئالدىغانغا نەدىكى ۋاقىت بولسۇن. ئاغزىمىزدىن چىققان نەپىسىمىز ساقال - بۇرۇتىمىزغا ئۇرۇلۇپ تۇرغاچقا، ساقال - بۇرۇتىمىزنى بىر قەۋەت قىروۇ باغلاپ كېتەتتى. شۇڭا، مەن جۇۋامنى سېلىپ بېشىمنى ئورىۋېلىپ، بىر يېڭىغا كەشمىرنىڭ ھاسىسىنى سېلىپ، يەڭ ئارقىلىق نەپەس ئالدىم، نەتىجىدە كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، چۈنكى ياتسام تونجۇقۇپ نەپەس ئالالماي قالدىم. تاغ - داۋان ئاشقان بۇ سەككىز ھەپتىدە، جۇۋامنى سېلىپ باقمىدىم، چىشىمنى چوتكىلاپ، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ باقمىدىم، چۈنكى تېرىمىز سۇغا تەگسىلا يېرىلىپ كېتەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە يولغا چىقتۇق، كەچتە بىر ئېرىق كېسىپ ئۆتكەن تاغ جىلغىسىغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى تاشلارنىڭ ئۈستىنى تىكەن ۋە ياۋا ئەتىرگۈللەر قاپلاپ كەتكەنىدى. بىز كەكلىكلەرنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلاپ روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ھەر ھالدا يەنە جانلىقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدۇق. بىز پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرىغا چۆمگەن جىلغىدا قوندۇق، تىنچ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئاخىرقى ئۆتكەل — قاراۋۇل تاغ ئېغىزى (Karaul — Daban) غا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. بۇ يەردىكى تاغ يولى تىك، قۇم كۆپ بولسىمۇ، ھېلىمۇ ياخشى مۇز تۇتمىغانلىقتىن مېڭىش بىر قەدەر ئاسان ئىدى. تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىز كىچىك تىبەت زېمىنىدىكى تونجى مەھەللە — پانامىكقا يەنە كەلدۇق. مېنىڭ ئادەملىرىم ۋە كارۋىنىم بۇ يەردە مېنى ساقلاۋاتاتتى، چاپارمەنمۇ لېختىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇ شېرىرنى داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان ئەپيۇننىلا ئېلىپ كەلگەنىدى، دوختۇر شاۋ دوختۇرخانىدا ئىش كۆپ بولغانلىقتىن كېلەلمىگەنىدى.

بىز بىر قانچە كۈندىن بۇيان خوراپ كەتكەن مەنىۋى ۋە جىسمانىي كۈچىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پانامىكتا بىر قانچە كۈن تۇردۇق. مۇز تۇتۇپ كەتكەن تىك تاغ يولىدا بىر كېسەلنى كۆتۈرۈپ قاتمۇقات خەتەرلىك ئۆتكەلدىن ئۆتكەچكە، كۆپچىلىك ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. جىسمانىي كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن باشقا ئەندىشىمۇ بىزنىڭ روھىي كۈچىمىزنى خورىتىۋەتكەنىدى.

مېۋىلەر مەي باغلاپ كەتكەن بۇ باغدا ئۇمىدۋار ۋە ئۇچۇق - يورۇق قەبىلە — لاداقلار ياشايتتى. لاداقلار غەربىي تىبەتلىكلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار شالغۇت مىللەت ئىدى، ئۇلارنىڭ قويۇق چېچىدىن ئۇلارنىڭ ئارىئانلار بىلەن قانداشلىقى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئاياللار ۋە باللار ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق - يورۇق بولۇپ، كۈلۈپلا تۇراتتى. كۈلگەندە پارقىراپ تۇرغان چىشلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى، مېنىڭچە ئېھتىمال بۇ يەردە بىر خوتۇن كۆپ ئەرلىك تۈزۈم ئومۇملاشقانلىقتىن، ئاياللار شۇنداق خۇشال - خۇرام يۈرىدىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە بىر ئائىلىدىكى ئاكا - ئۇكىلارنىڭ بىر ئايالغا «تېگىشى» ئادەتتىكىدەك ئىش ئىكەن، پەقەت ئىنتايىن پۇلدار ئەرلەرلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىكەن.

لاداقلار كۆرۈشكەندە «ديۇ، ديۇ» (Dju, dju) دەپ ئەھۋال سوراشقا ئادەتلەنگەنىكەن ھەمدە تىلىنى چىقىرىپ ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن.

بىز بۇ يەردە تىبەتلىكلەرنىڭ جەسەت كۆلى قويۇشقا ئىشلىتىدىغان تىبەتچە ساردا مۇنارى ھەم ئۇزۇن، ئىنچىكە مانى تاش دۆۋىسىنى كۆردۇق. تاش دۆۋىسى گرانىت تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، ئۈستىدىكى بىر قەۋەت تاش پارچىسىدىكى «ئوھ! سىزنىڭ نىلۇپەر سۈپىتىڭىزدىكى مەرۋايىت» (Om mani padmehūm) دېگەن خەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

مەن بېرلىندىكى مۇزېيدا ساقلاش ئۈچۈن تامدىن ئەپسۇن ئويۇلغان تاش تاختىلاردىن بىر قانچىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندا بىر قانچە لاداق كۆرۈپ قېلىپ، ئادەملىرىمگە رەنجىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، ئۇلار مېنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشكېمىرلەرنى ئارىلاپ چىققانلىقىمنى، مۇقەددەس تام رەسىملىرىنى ۋەتىنىمگە ئاپىرىپ سەجدە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، دەرھاللا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەن ئېلىپ كېتەلمەيدىغان تاش پارچىلىرىنى ئېپكەلدى.

نۇرغۇن جايلاردىكى ھەربىر ياغاچ تاختا ياكى گرانىت تاش تاختىغا مۇشۇنداق ئەپسۇن ئويۇلغانىدى.

پانامىكتا ئارشاڭ بولغانلىقتىن، شېرىر روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارشاڭدا يۇيۇندى، مەن يۇيۇنۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، چۈنكى سۇ ھەقىقەتەن بەك ئىسسىق ئىدى.

لېخقا بارىدىغان يولدا يەنە چوڭ بىر توسالغۇ بار ئىدى، يەنى دېڭىز يۈزىدىن 19 مىڭ 680 فۇت ئېگىزلىكتىكى خاردون ئېغىزى (Khardung pass) بار ئىدى. بۇ جايغا ئات چىقالمىغاچقا، بىز ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بىز تاغقا يامىشىۋاتقاندا بەزى جايلاردا تۇيۇقسىزلا پارقىراق مۇز تام پەيدا بولاتتى، مۇز تامدا دىئامېتىرى بىر يېرىم فۇت كېلىدىغان ئېغىز بار بولۇپ، ئىچىدىن سۇ كۆچلۈك ئېتىلىپ چىقىپ تۇراتتى.

يول مۇز قاتلىمى ئۈستىگە قېزىلغان بولۇپ، «Z» شەكلىدە تاغ ئۈستىگە تۇتىشاتتى. مۇز ئۈستىدە ماڭغاندا ئات مىنمەي قوتاز مىنىشكە توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ تەرەپتىكى پۇتىنىڭ تاغ تەرەپتىكى مۇز قاتلىمىغا ئۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوتازغا ئارتىلىپ مىنمەي يانچە ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. يانچە ئولتۇرسام بەكمۇ بىئارام بولاتتىم.

www.uyghurkitap.com

جىددىي داۋاندىن چۈشكەندىن كېيىن، بىز بىر قەدەر تۈز يولدا ماڭدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ماڭىدىغان يول ياخشى ئىدى، شېرېرمۇ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەن ئۇنى موراۋىئان مىسسىئونېرلار ئۆمىكى ئاچقان دوختۇرخا-نىغا ئېلىپ كەلدىم.

ئۇ بۇ دوختۇرخانىدا ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋالاندى، چۈنكى ئۇ بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، چارچىسا بولمايتتى.

## قايتىش سەپىرى

نامرات، قالاق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاۋات لېخ شەھىرىگە كەلسىڭىز، باشقىچە بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلى-سىز.

بىز قوراللىق ئەسكەرلەر ساقلاۋاتقان سېپىلدىكى كىچىك ئىشىكتىن شەھەرگە كىردۇق. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بىر كوچا پەيدا بولدى، يول بويىدا رەت ـ رەت دۇكانلار بار ئىدى. كوچىنىڭ بېشىدا تارىختا ئۆتكەن لاداق پادىشاھلىرىنىڭ ئاق تام بىلەن قورشالغان قەلئەسى بار بولۇپ، قەلئە ئېگىزدە بولغاچقا، يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى كۆرگە-لى بولاتتى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، يەنى سودا ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇنقى سودا پەسلىدە، لېخ شەھىرىدە ئادەملەر مىغىلداپ كېتىدىكەن، شەھەر بەكمۇ قىزىپ كېتىدىكەن، چوڭ ـ كىچىك بازارلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، جەنۇبىي شىنجاڭ، ھىمالايا تاغلىق رايونى، ئافغانىستان ھەم تىبەت قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر قاپلاپ كېتىدىكەن، ئەمما 11 ـ ئاي كىرىشى بىلەن شەھەردە ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا بەزى كاتتا بايلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، ئۇلاردىن لاسادىن

ئەكەلگەن ماللارنى باھا تالىشىپ يۈرۈپ سېتىۋالدىم. بۇ سودىگەرلەر مەندە ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئۇلار كېلىشكەن، ياخشى كىيىنگەن بولۇپ، يۈرۈش - تۇرۇشى سىپايە ئىدى. ئۇلار قان سىستېمىسى جەھەتتىن ساپ لاداقلار بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

تىبەت ئېگىزلىكىدە يوللار خەتەرلىك بولغاچقا، ئات يۈك توشۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيتتى، شۇڭا ئۇلار بىر خىل ئالاھىدە نەسىللىك قوي ئارقىلىق يۈك توشۇيتتى. بىر قوي تەخمىنەن 34 قاداق (تەخمىنەن 15 كىلوگىرام) يۈك كۆتۈرەلەيتتى.

بىز بۇ يەردە بەزىلەرنىڭ بازاردىكى مەيداندا ئات توپى ئوينىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، لېختىن سىرىنەگەرگە بارىدىغان يولدا بەزى دېھقانلارنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بۇ خىل تەنھەرىكەتكە بەكمۇ ئۇستا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. بىلىشىمچە، بۇ خىل تەنھەرىكەتنى ئەڭ دەسلەپتە ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىدىكى ھىمالايا تاغلىق رايونىدىكى مانىپور (Manipuris) لار باشلىغان، ئەمما بۇ خىل تەنھەرىكەتنىڭ مەنبەسى قەدىمكى پارسىنىڭ «چائۇگان» (chaugan) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئويۇنى بولۇپ، كېيىن پارس ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

پارس تىلى تېھراندىن قۇمۇلغىچە بولغان رايونلاردىكى ئىسلام خانىدانلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ھىمالايا تاغلىق رايونى ۋە ھىندىستانغا تارقالغان.

لېخ شەھىرىدە، بەزى تېرىسى قاپقارا مالايلار (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستانلىقلار) دىنىنى باھانە قىلىپ، مالايلىرىم بىلەن ئوتتۇرىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سالماقچى بولدى. ئۇلار مالايلىرىمنى ئۇ تۇتقان نەرسە ھارام بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىگەمبەردى قاتارلىقلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ھېلىقى قارا ئەتلىكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ

«تېرەمنىڭ رەڭگى قانداق» دەپ سورىدىم. «ئاق» دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

— سىلەرنىڭ تېرەڭلەرنىڭ رەڭگى قانداق؟

— ئاق.

— ئاۋۇلارنىڭچۇ؟

— قارا.

شۇنىڭ بىلەن مەن: «بۇنداق بولغاندا بىز فرانسىيىلىكلەر بىلەن سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنمىز. ھىندىلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق، بىر داستىخاندا غىزالانمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان بىلەن. مۇ، باشقىلار بىلەن ھەمداستىخان بولمايدىغان، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇلارنى دورىماڭلار، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹قۇرئان› ىدا بۇنداق پەرھىز يوق» دېدىم.

تۈركلەر سۆزۈمنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندى، شۇنداقلا ئاچچىقلىنىپ يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغان ھىندىستانلىقلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى.

مەن بۇ يەردە بىر كۈن ئارتۇق تۇرغاندىن كېيىن يولغا چىقتىم. مەن لېختىن سىرىنەگەركىچە بولغان 17 كۈنلۈك يولنى 12 كۈندە تۈگەتتىم. بۇ يولنىڭ تاغ ئىچىدىكى بىر بۆلىكى تىك يار بويلاپ سوزۇلغان بولۇپ، يارنىڭ تۆۋەن تەرىپى سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ھىندى دەرياسى ئىدى، مەنزىرىسى تولىمۇ ھەيۋەتلىك، گۈزەل ئىدى. بىراق، مەندەك ئوڭاي بېشى قايىدىغان ساياھەتچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن خەتەرلىك يول ئىدى. مەن پەس تەرەپكە قاراپ سالماي دەپ، يار تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بەزى جايلاردا يىقىلىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئېتىمنى قامچىلاپ تېز ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىرىدىم. كۆپ ۋەھىمە يېگەن بولساممۇ، بۇ خەتەرلىك يولدىن ئاخىرى بىخەتەر

ئۆتتۇالدىم.

بىز ئارقىدىن سىند دەرياسى جىلغىسىغا كەلدۇق، 11 - ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ياپيېشىل ئوتلاق ۋە بۇك - باراقسان ئورمان كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. كەشمىرنىڭ تاشلىق يېرى گويا يېشىل لىباس كىيگەندەك كۆرۈنەتتى.

ۋەھالەنكى، بۇ مەنزىرىسى گۈزەل جىلغىدا بىر خىل زەھەرلىك ئوت بولۇپ، ئات ئۇنى يېسە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن. مورى جىلغىسىدىمۇ بىر خىل زەھەرلىك ئوت ۋە پارپا بار ئىكەن.

سرىنەگەرگە يېتىپ بېرىشتىكى ئاخىرقى بېكەتتە، مەن شەرقتە بولىدىغان غايەت زور چوڭ بىر توپ چىنارنىڭ ئاستىغا چېدىر تىكىپ شۇ يەردە قوندۇم. بۇ چىنار شۇنداق چوڭ، شۇنداق گۈزەل ئىدى. بۇنداق چىنارنى ئۆمرۈمدە ناھايىتى ئاز ئۇچراتقان.

سرىنەگەرگە يېتىپ بېرىپ، نېدو مېھمانخانىسى (Nedous Hotel) غا چۈشتۇم. مېھمانخانىدا ئىككى ئەنگلىيىلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مېھمانخانىغا چۈشكەندىن كېيىن دەرھال يۇيۇنۇپ، ساقال - بۇرۇتۇمنى ئالدىم، كىيىمىمنى سەككىز ھەپتە ئالماشتۇرمىغان بولسامىمۇ، قۇم - بورانغا ئۇچرىمىغان بولغاچقا، كىرلىشىپ كەتمىگەنىدىم.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، مەن بىرۇس ئەپەندى (Mr. Henry Bruce) بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. تاماقتىن كېيىن بىز يەنە سەنئەتكار روپېر (Mr. Roper) ئەپەندى بىلەن سىگارت چېكىشتۇق.

ئۇلار مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى، مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم.

ئەمما، ئەتىسى ئەتىگەندە مەن مۇلايىم، يېڭى دوستۇمنىڭ

www.uyghurkitap.com

يازغۇچى بولۇپلا قالماي، بىر گېزىتنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىمى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خاپا بولدۇم. ئۇنىڭ «يەرلىك خوتۇن» (The Native Wife)، «ياۋروپالىق بىلەن ئاسىيالىقتىن بول-غان شالغۇت» (Eurasian) ۋە «رېزىدېنت مەھكىمىسى» (The Residency) دېگەن ئۈچ كىتابىدا نازۇك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەكشۈرۈلگەن ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان. لېكىن، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مېنىڭ خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىقىمغا ئائىت خەۋەر يازسىلا باي بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەن قارشى تۇرمىدىم. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، «بومباي ۋاقىت گېزىتى» (Bombay Times) مەن توغرۇلۇق ئۇزۇن خەۋەر ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نامىم پۈتۈن ھىندىس-تانغا پۇر كەتتى، كېيىن ياۋروپادىمۇ داڭقىم چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى مەن رېزىدېنت مەھكىمىسىگە بېرىپ سىر يۇڭ-ھۇسباندىنى زىيارەت قىلدىم، ئۇ مەشھۇر ساياھەتچى شاۋ (R. Bavkley Shaw) نىڭ جىيەنى ئىدى.

سىر يۇڭھۇسباند سۇرلۇك، قامەتلىك تىپىك ئەنگلىيە ئو-فىتسېرى ئىدى. ئۇ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم مېنى رېزى-دېنت مەھكىمىسىدە قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئەمما مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم، چۈنكى چوڭ - كىچىك ساندۇق-لارنى يەنە بۇ يەرگە يۆتكەشنى خالىمىدىم. لېكىن، مەن يەنىلا رېزىدېنت مەھكىمىسىگە تاماق يېگىلى باردىم. تاماقتىن كېيىن بىز تام مەش ئالدىدا سىگارت چەككەچ، ئۇنىڭ ئەسكەر باشلاپ تىبەتكە يۈرۈش قىلغانلىق ھېكايىسىنى ئاڭلىدۇق.

مەن ھەر تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىلارنى تاپشۇرۇ-ۋالدىم، بۇ تېلېگراممىلار ئىچىدە شېرېرنىڭ ئاكىسى نائۇشېرا (Naushera) دىن ئەۋەتكەن تېلېگراما، يەنە ھىندىستاننىڭ پەنجەپ شتاتىنىڭ مۇئاۋىن رېزىدېنتى سىر دېئان (Sir Harold Deane) پېشاۋار (Peshawar) دىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىمۇ بار ئىدى.

دېئان مېنى رېزىدېنت مەھكىمىسىدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى ھەم مېنى سىۋات ۋە باجاۋرغا باشلاپ بارىدىغان يول باشلىغۇچىلارنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ياۋروپالىقلار تېخى ئاياغ باسمىغان ئۇ يەردىكى تاغ جىلغىلىرىدا تېخى قېزىلمىغان يۇنانچە بۇددا دىنى خارابىلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. ھىندىقۇش تاغ جىلغىلىرىدىكى ئاھالىلەر ئىسلام رادىكاللىرىغا تەۋە بولغاچقا ياتلارنى بەك ياتلايتتى. بۇ يول باشلىغۇچىلار شۇ يەرلەردىن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ شۇ يەرلەردە نۇرغۇن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى بولغاچقا، چەت ئەللىكلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭسا خەتەرگە ئۇچرىمايتتى.

مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماقچى بولغانىدىم، ئەمما تېلېگراف ئىدارىسىگە كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز كۆزۈمدە كۆرۈش تور پەردىسى ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەندەك كېسەللىك ئالامىتى بارلىقىنى سەزدىم - دە، تېلېگراممىا ئەۋەتىپ رەت قىلدىم. شۇنداق قىلىپ ياخشى بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم.

رېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ دوختۇرى ئېدۋارد پولكوۋنىك (Colonel Edwards) ۋە ئۇنىڭ خانىمى ھالىمدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار مېنى ئالاھىدە رېتسىپ بىلەن داۋالىغاچقا، مېنى قاتتىق ئەنسىرەتكەن كېسەللىك ئالامەتلىرى يوقىدى. لېكىن، سالامەتلىكىم كۈندىن - كۈنگە ياماللاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىيازمىلارنى بىخەتەر ئېلىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتىم. مۇشۇ ۋاقىتتا بىر پارسى (Parsi)[11] لىق ياخشى نىيەت بىلەن ماڭا سىرىنەگەردىن راۋالپىندىغا بارىدىغان قاتناشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ «تونگا» (tonga) ۋە «ئېككا» (ekka) دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل قاتناش قورالىنى ياللىدى. «تونگا» بىر خىل يېنىك تېپتىكى ئىككى چاقلىق ھارۋا بولۇپ، ئىككى ئات سۆرەيتتى. ئالدى - كەينىدە ئىككى كىشىلىكتىن ئورۇن بار ئىدى. بۇ خىل ھارۋا تېز ماڭاتتى، شۇڭا

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن سەپەرگە بەك ماس كېلەتتى، ئەمما قىممەترەك ئىدى. «ئېككا» نى ھىندىستانلىقلار ئىجاد قىلغان، مېنىڭچە «تونگا» ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇستى يوق ئوچۇق پەيتونى ئىدى. «ئېككا» نى بىر ئات سۆرەيدىغان بولغاچقا، بەك ئاستا ماڭاتتى ھەم بەك سىلكىنەتتى. مەن «تونگا» دا ئولتۇرۇشنى تاللىدىم، ئەمما يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن يېڭى ئىشلارغا يولۇقتۇم.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا بىرسىنىڭ ئىشىكنى چېكىۋاتقانلىقىنى، پەستىكى زالدا كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئىشىك بارغانسېرى قاتتىق چېكىلگەچكە ئىشىكنى ئېچىپ ياخشى كىيىنگەن، سەللە يۆگەۋالغان بىر توپ ئەپەندىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا مېنى ئورىۋالدى ھەم قوپال ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۆزىنى ماختاشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارنى قارىلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار «ئەپەندى، ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭ، ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇ ئالدامچى، مەن ياخشى ئادەم، يۇۋاش ئادەم، نېرى تۇر، ئوغرى!» دېيىشەتتى. ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا سودىگەرلەرنى ئۇچراتقاندىم، مەيلى جۇڭگولۇقلار ياكى تۈركلەر بولسۇن، ناھايىتى ئەدەپلىك ئىدى، شۇڭا بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، ئۇلارنىڭ نومۇسسىزلىقىدىن ھەيران قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلاردىن ئازراق ئۇخلىۋېلىشىمغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلدىم ھەم ئويغانغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن سودا توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ۋەدە بەردىم.

ئۇلار ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشى يەرگە تەگكۈچە تازىم قىلىدى، مەنمۇ خانەمگە كىرىپ كەتتىم. لېكىن، بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇلار يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق قايتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋەرگەچكە، مەن

قاتتىق غەزەپلىنىپ، قامچىنى ئېلىپ ئېتىلىپ چىقتىم.

نەتىجىدە ئۇلار تارقىلىپ كېتىشتى، لېكىن بىر ئازدىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىشتى.

مەن ئامالسىزلىقتىن ئەمدىلا ناشتىلىق (chota hazri) ئەكىرگەن، تونۇلغانلىقىدىن تىترەپ كەتكەن گوئانېس (Goanese، ھىندىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان) لىقنى بەستىلىك ئافغان ۋە تۈركلەرنى چاقىرتىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ بەغەرەز چىۋىنلارنى قوغلىۋەتتى، مەن ئىختىيارسىز «O quae mutatio rerum» (ھازىرقىنى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ دېگەن مەنىدە)[12] دەۋەتتىم.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە مەن يەنە ئۇلارنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۇم. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۈمۈش سايمانلار ساتىدىغان ئاتا ـ بالا بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويدۇم، ئۇلار ئەرزان ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ساتاتتى.

مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان بىر توپ كېمىچى (handji) ھەممىلا يەردە خېرىدار ئىزدەۋاتاتتى. ئۇلار مەندىن كېمە ئىجارىگە ئالىدىغان ـ ئالمايدىغانلىقىمنى سورايتتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇلۇق خوتون ـ قىزلىرىمۇ ئىجارىگە بېرىلىدىغانلار قاتارىدا بار ئىدى. مەن بىر كىچىك كېمىنى ئىجارىگە ئالدىم، لېكىن خوتون ـ قىزلىرىنى رەت قىلدىم.

سىرىنەگەر ماڭا ئىختىيارسىز ۋېنىتسىيىنى ئەسلەتتى. بۇ يەردە قاناللار كوچا قىلىنغان، كېمىلەرنى 1 ـــ 2 ھەپتە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت ئىجارىگە ئالغىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر ۋاقىت ئىجارىگە ئالغىلى بولىدىكەن.

رېزىدېنت مەھكىمىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەن كىچىك كېمىنى ھەيدەپ زەرگەرنىڭ ئۆيىگە باردىم. كۆتمىگەن يەردىن زەرگەرنىڭ ئۆيىدىن ئازابلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتات-

تى، ئىشكنى ئېچىپ كۈندۈزى ساپساق تۇرغان ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم.

ئەسلىدە بۇ يەردە خولېرا تارقىلىپ، ھەركۈنى نەچچە يۈز كىشى ئۆلۈپ كېتىۋاتقانىكەن، ئەمما ياۋروپالىقلار ناھايىتى ئاز يۇقۇملانغانىدى.

بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ قانالىنىڭ سۈيىنى ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە پاسكىنا سۇلارنى قانالغا تۆكىدىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، كىشىلەرنىڭ يۇقۇملانماي قېلىشىنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز.

شەھەردە نۇرغۇن كۆۋرۈك ۋە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر، ھەممىلا يەردە دەم ئېلىش ئورۇنلىرى بار ئىدى. لېكىن، مەن قايتىشقا ئالدىراۋاتقان بولغاچقا، شەھەردە كۆپ تۇرماي راۋالپىندىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن پويىزغا ئولتۇرۇپ بومبايغا ماڭدىم. ماخاراجاخ (Maharajah) نىڭ «دىۋان» (Diwan، يەنى مىنىستىر) نى مېنى قىزغىن كۈتىۋالغاچقا، مەڭگۈ ئېسىمدە تۇتتۇم.

بومبايغا كەلگەندىن كېيىن نەۋرە تۇغقىنىم جورجى ۋولكارت ياللىۋالغان بىر خادىم مېنى باشلاپ شەھەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. نەۋرە تۇغقىنىمنىڭ باشلىقى بىكېل ئەپەندى (Herr Bickel) گېرمانىيىنىڭ بۇ يەردىكى كونسۇلى ئىدى.

بومباي ئاۋات شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ باي، ئاۋاتلىقى ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

بۇ يەردە مەن ئىتالىيىگە بارىدىغان «فلورىئو روباتتىنو» (Florio Rubattino) ناملىق ماي پاراخوتىغا چىقتىم. يول بويى دولقۇن يېرىپ، ئادېن (Aden)، سۇۋەيش قانىلى، سەئىد پورتى (Port Said) ۋە ناپلېس (Naples) دىن ئۆتۈپ، گېنون (Genoa) غا يېتىپ باردىم، كېيىن ئاخىرى ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق بولغان يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم.

ستارشى لېيتېنانت شېرېر ماڭا چىن قەلبىدىن مىننەتدار-

لىقىنى بىلدۈردى، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئۇستىلىق ئىشلەتتى.
مەن يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ
«ئېرۇسالېم ساينت جون دوختۇرخانىسى» (Hospital of St. John of
terusalem) ئەۋەتكەن بىر ساپ ئالتۇن مېدالنى تاپشۇرۇۋالدىم.
بۇ ئالتۇن مېدال مېنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىككە قوشقان تۆھپەم»
نى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنىدى.

**ئىزاھلار**

① كۆيتتا: پاكىستانغا جايلاشقان، غەربىي ئافغانىستان بىلەن قوشـ
نا.

② ستارشى لېيتىنانت شېرېر: ھىندىستاننىڭ مۇلكى ئەمەلدارى
جون شېرېر (John sherer) نىڭ ئوغلى. جون شېرېر كاۋنپور
(Cawnpore) شەھىرىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، بۇيرۇققا
بىنائەن شەھەرگە كىرىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغان. قانلىق دېلودا ئىسلام
دىنى مۇرتلىرى قاماقتىكى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئايال
ۋە بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ھەممىلا يەرنىڭ قانغا
بويالغانلىقىنى، ھەممىلا يەرنى جەسەت پارچىلىرى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى
كۆرگەن، ھازىر بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يەرگە
خاتىرە مۇنارى تىكلەنگەن.

③ بالتىس: ھىندىستان 2 ـ چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي شىمالـ
غا، جامۇ ھەم پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىغا جايلاشقان.

④ گىدرال: ھازىرقى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى
مالاگاند ئۆلكىسىگە جايلاشقان.

⑤ مەرغىلان: ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ فەرغانە ئوبلاستىدىكى
بىر شەھەر.

⑥ بۇ خىل بۇغداي ئىسسىق سۇغا چىلانسا بىخلىنىدىكەن، ئاندىن
ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتىلاتتى.

⑦ ماخاراجاخ (Maharajah) لىق يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارمۇ
پانامىكتا بولمىغان بولسا، مەن يۇقىرى باھادا مالاي ياللاشقا مەجبۇر
بولاتتىم. ئۇ كىچىككىدىنلا ئەنگلىيىدە چوڭ بولغان براخمان ئىدى. ئىنگـ

لىلىز تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى. ئۇ تەربىيە كۆرگەن ئەنگلىيىلىك مۆتىۋەر-
گە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ مالايلارنى ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان
تۆت رۇپىيىدىن ئەمەس، تۆت ئاننا (anna) دىن ياللىدىم. مەن ئۇنىڭ
قولىنى تۇتۇپ رەھمەت ئېيتتىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ گېرمانىيىلىك ئىكەن-
لىكىمنى بىلگەندە، ئۇنىڭ ئىنكاسى مېنى قورقىتىۋەتتى، ئۇ مېنىڭدىن
ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىشىمنى
تەلەپ قىلدى. سۆھبەت داۋامىدا ئۇ: «سىز مەن بىلەن قول ئېلىشتىڭىز،
لېكىن ئۇلار بۇنداق قىلمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇلار قول ئېلىشمايدۇ؟»
دەپ سورىدى. بۇ سوئال مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەن
ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ھىندىلار بىلەن قول ئېلىشماسلىقىدا چوقۇم بىرەر
سەۋەب بولۇشى مۇمكىن دەپلا جاۋاب بېرەلىدىم. ئىككىمىز ياخشى دوست-
لاردىن بولۇپ قالدۇق.

مەن قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا مېنىڭ تۇرك
مالىيىم ئىگەمبەردى مەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا كونا
پوپايكا كىيىۋالغانىدى، لېكىن مەن يەركەنتتە ئۇنىڭغا بۆرە تېرىسىدىن
تىكىلگەن جۇۋا ئېلىپ بەرگەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن: «سەن
جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا تاغدىن ئۆتىسەن، مەن ساڭا ئېلىپ بەرگەن
جۇۋا قېنى؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ «ئەپەندى، ئەمەلدار جۇۋامنى بۇلاپ كەتتى. ماڭا مۇشۇ كونا
پوپايكىنى بەردى» دېدى. قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ، دەرھال ئەمەلدارنى
چاقىرتىپ كېلىپ: «سەن ئەنگلىيىلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن قول
ئېلىشمايدىغانلىقىنى سورىغانىدىڭ. سېنىڭ مۇشۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىڭ-
نى بىلگەن بولسام، سەن بىلەن قول ئېلىشمىغان بولاتتىم، سەن نېمە
ئۈچۈن مالىيىمنىڭ جۇۋىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا كونا پوپايكىنى بېرى-
سەن؟ ئۇنىڭ سوغۇقتا تاغدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلمەسەنمۇ!» دېدىم. ئۇ
جىددىيلىشىپ: «مەن دەرھال ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېدى. مەن
«ئۇنىڭغا يەنە تۆلەم ھېسابىدا 10 رۇپىيە بېرىسەن» دېدىم. ئۇ بەزىبىر
باھانىلەرنى تېپىپ پۇلنى تۆلەپ كەتتى، ئەمما بۇ قېتىم بىز قول ئېلىش-
مىدۇق.

مەن 1913 - يىلى 4 - قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىگە
قاتنىشىپ قەشقەرگە بارغاندا يەنە ئىگەمبەردىنى ياللىدىم. مەن غەرەزسىز-

لا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «شۇ قېتىم نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويدۇق» دېدىم. لېكىن، ئىگەمبەردى: «ئۇنداق ئەمەس، بىز كېيىنكى دەم ئېلىش ئورنىغا بارغاندا ئەمەلدارنىڭ ئادەملىرى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار جۇۋا بىلەن پۇلنى بۇلاپ كېتىپ، كونا پوپايكىنى قالدۇرۇپ قويدى» دېدى. مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتىن بۇ يەردە تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرگىمۇ ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەن بۇ يەردە ياخشى ئاتلىرىمنى پۇلى بار كىشىلەرگە سېتىپ بەرگەنىدىم، لېكىن ئۇلار ئاتلارنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە رازىكى، يەم سېتىۋېلىشنى خالىمايتتى.

⑧ سىرىنەگەر: ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى جاممۇ ۋە ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىنىڭ يازلىق مەركىزى. كەشمىر تاغ جىلغىسىدىكى جېلۇم دەرياسى بويىغا جايلاشقان.

⑨ خۇداغا شۈكرى، بىز تاغ غۇلاپ چۈشۈشكە ئۇچراپ باقمىدۇق. لېكىن، تاغلىق رايوندا ماڭغان تۇنجى ھەپتىسى بىز ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، كۇدا مازار (Kuda Mazar) دەم ئېلىش ئورنىغا يېتىپ كېلەي دېگەندە، تۇيۇقسىز يەر ئاجىز تەۋرەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز يىراقتىن كەلگەن گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋازنى ئاڭلىدۇق، خۇددى ئېغىر بىر نەرسە يەرگە چۈشكەندەك قىلاتتى. مەن يەر تەۋرىگەن ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىلدىم، لېكىن كارۋىنىمىزدىكى ھارۋىكەش «تاش چۈشۈۋاتىدۇ» دېدى. كۇدا مازارغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىز تاشلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن يول بۆلىكىگە كەلدۇق. تىك ياردىن چۈشكەن تاشلارنىڭ بىرقانچە چاقىرىم يەرگىچە توپلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. بىز تاش دۆۋىلىرى ئارىسىدا قاتتىق ئاۋاز چىقىپ كېتىپ يەنە تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋايلاپ ماڭدۇق.

⑩ مەن ئېغىر دەرىجىدە يىراقنى كۆرەلمەيتتىم. بىز قار سىزىقىدىن يۇقىرى تاغلىق رايونغا ماڭغاندا، كارۋىنىمىزدىكى ئات باقار قوتازنىڭ قۇيرۇقىدىن تۈكلەرنى يۇلۇپ، ئۇلارنى بۆكىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇۋېلىپ، يۈزىنى توستى. مەن كۆزەينىكىمنىڭ سىرتىغا گېلىئوسكوپ تاقىۋالدىم، لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. شۇڭا، مەن ئامالسىزلىقتىن كۆزنى ئاسراش ئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ماڭدىم، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېغىر دەرىجىدىكى قار قارىغۇسىغا گىرىپتار بولۇپ قالدىم، ماتروس ۋە

ئېگىزلىكتە ياشايدىغان ئاھالىلەرگە ئوخشاش كۆزۈمنى قىسىپ قارايدىغان بولدۇم، ھەتتا كۆنگىمۇ قارىيالمايتتىم. بۇ يېڭى كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولغاندا، كۆزۈمدىن چاتاق چىققانلىقىدىن ئەنسىرىدىم.

⑪ پارسىلار: پارسىلارنىڭ بىر تارمىقى، لېكىن ئوتقا چوقۇنىدۇ.

⑫ «O quae mutatio rerum» لاتىن تىلى، «ھازىرنى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە. ئاپتور بۇ ئۆششاق تىجارەتچىلەرنى قوغلىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ماغدۇرىنىڭ بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئارمانى بار دەرمانىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەتلەنگەن.

# قوشۇمچە:

## گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۇرپانغا تۆت قېتىم يۈرۈش قىلغان ۋاقتى ۋە ماڭغان لىنىيىسى

### 1 - قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلغان ئەترەت

1902 - يىلى

| | |
|---|---|
| 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى | بېرلىن — ۋىربالليېن (Wirballen) — رىبىنسكى (Rybinsk) ۋاۋا دەرياسىدا يەل كېمىگە چىقىپ تۆۋەنكى نوۋگورد (Nizh ni—Novgorod) تىن ئۆتۈپ، سامارا (Samara) غا كەلدى. پويىزغا ئولتۇرۇپ ئومسكىغا كەلدى. |
| 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى | ئېرتىشتا يەل كېمىگە ئولتۇرۇپ سېمىپالاتىنسكىغا كەلدى. |
| 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى | ئۆتەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ سېرگىئوپول (Sergiopol) دىن ئۆتتى. |
| 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى | خايىرا |
| 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى | ئىلى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «تارانتاش» دىن جىڭغا ماڭدى (10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى).

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شخەنزىگە كەلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سۈيلەي ۋە ئۈرۈمچىگە كەلدى.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى داۋانچىڭ

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۇرپان

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قاراغوجا (قوچو قەدىمىي شەھىرى)

**1903 - يىلى**

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى توقسۇن
قايدۇ دەرياسى
قاراشەھەر
شورچۇق
كۇچا
قىزىل
باي
زامتاي
مارالۋېشى

5 ـ ئاينىڭ
قەشقەر
2 ـ كۈنى

5 ـ ئاينىڭ
ئاراتام
17 ـ كۈنى

6 ـ ئاينىڭ
ئەنجام
4 ـ كۈنى

11 ـ ئاي بېرلىن

## 2 ـ قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلغان ئەترەت

**1904 ـ يىلى**

10 ـ ئاينىڭ بېرلىندىن يولغا چىقتى
2 ـ كۈنى سانكت پېتېربورگ
موسكۋا
ئومسكى (سىبىرىيە چوڭ تۆمۈريولى ئارقىلىق)
سېمىپالاتىنسكى (ئىرتىش يەل كېمىسىگە ئولتۇرۇپ)
سېرگىئوپول
بەختۇ

10 ـ ئاينىڭ چۆچەك
9 ـ كۈنى دۆربىلجىن

10 ـ ئاينىڭ
ياماتۇ
17 ـ كۈنى

10 ـ ئاينىڭ
شىخەنزە
25 ـ كۈنى

10 ـ ئاينىڭ مانا س
28 ـ كۈنى

11 ـ ئاينىڭ ئۈرۈمچى
1 ـ كۈنى

11 ـ ئاينىڭ داۋانچىڭ
13 ـ كۈنى كىنندىك
يارغوجا
تۇرپان

11 ـ ئاينىڭ قاراغوجا (قوچو قەدىمىي شەھىرى)
18 ـ كۈنى

**1905 ـ يىلى**

3 ـ ئاي سىڭگىم ئېغىزى
بېزەكلىك
مۇرتۇق
تۇيۇق
8 ـ ئاي قۇمۇل

9 ـ ئاينىڭ تۇرپان
12 ـ كۈنى توقسۇن
كورلا
كۇچا
ئاقسۇ
10 ـ ئاينىڭ قەشقەر
14 ـ كۈنى

## 3 ـ قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلغان ئەترەت

**1905 ـ يىلى**

12 ـ ئاي ئەنجاندىن يولغا چىقتى

12 ـ ئاينىڭ
6 ـ كۈنى قەشقەرگە كېلىپ گرۈنۋېدېل بىلەن ئۇچراشتى
12 ـ ئاينىڭ
25 ـ كۈنى قەشقەردىن يولغا چىقتى

**1906 ـ يىلى**

1 ـ ئاينىڭ تۇمشۇق
8 ـ كۈنى ئاقسۇ
شايار
1 ـ ئاينىڭ كۇچا
كىرىش
سىم ـ سىم
ئاچچىغلاق
قۇمتۇرا
قىزىل
6 ـ ئاي قاراشەھەر (لېكوك كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن ئۆزى يالغۇز قەشقەرگە قايتتى، قالغانلار داۋاملىق شەرققە ماڭدى)

| (لېكوك) | (گرۈنۋېدېل) |
|---|---|
| بۇگۇر | تۇرپان |
| كۇچا | قۇمۇل |
| ئاقسۇ | سىڭگىم ئېغىزى |
| قەشقەر | ئۇرۇمچى |
| يەركەن | بېرلىن (1906 ـ يىلى 6 ـ ئاي) |
| خوتەن | |
| يەركەن | |
| كۆكيار | |

**1906 ـ يىلى**

12 ـ ئاينىڭ لېخ شەھرى
4 ـ كۈنى سرىنەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**1907 ـ يىلى**

1 ـ ئاي بېرلىن

## 4 ـ قېتىم يىراققا يۇرۇش قىلغان ئەترەت

**1913 ـ يىلى** بېرلىندىن يولغا چىقتى

4 ـ ئاي ئەنجان

قەشقەر

مارالۋېشى

ئاقسۇ

6 ـ ئاي ئاچچىغلاق

كىرىش

سىم ـ سىم

10 ـ ئاي قۇمتۇرا

11 ـ ئاي تۇمشۇق

**1914 ـ يىلى**

2 ـ ئاي قايىتتى

ئەنجان

5 ـ ئاي بېرلىن

بۇ كىتاب جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
中国青年出版社 2002 年第 1 版，2002 年第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مەسئۇل كوررېكتور: مۇنىرە مۇساجان
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ

# شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى

ئاپتورى: ئالبېرت فون لېكوك
تەرجىمە قىلغۇچىلار: مۇھەممەد ئېلى
مەخمۇت ۋەلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN 7—228—08323—7
¥¥19.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



Albert Von Le Coq

ئالبېرت فون لېكوك ( 1860 — 1930 )
گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ . 1860 -
يىلى بېرلىندا باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن .
دەسلەپكى ۋاقىتلاردا رەسسام بىلەن تۈركىيەدە
ساماتاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشىغا
قاتناشقان . 1900 - يىلى بېرلىندىكى خەلق
ئۆرپ - ئادىتى مۇزېيىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن .
ئەرەب تىلى ، پارس تىلى ۋە تۈرك تىلى قىل
تارلىق تىللارنى ئۆگەنگەن . 1902 - يىلدىن
باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم
شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى
ئېلىپ كەتكەن . ئۇنىڭ « ئىدىقۇت » ،
« مەركىزىي ئاسىيادىكى قېزىلمىلار خاتىرد
سى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

## شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت
## بايلىقلىرى



فون لېكوك مەزكۇر كىتابىدا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى بايلىق ئىزدەش جەريانى ۋە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ يىپەك يولى بويىدىكى تەۋەككۈلچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن جانلىق خاتىرىلىگەن . مەزكۇر كىتاب مول مەزمۇنلۇق تەۋەككۈلچىلىك ھېكايىسى ، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئېسىل تارىخىي خام ماتېرىيال بولۇپ ، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىي بوشلۇقنى تولدۇرغان .

ISBN 7-228-08323-7

9 787228 083237 >

ISBN7-228-08323-7

（民文）定价：14.80 元